# تارىختىن قىسقىچە پاراڭلار

## مۇندەرىجە


قەشقەر شەھىرىنىڭ تارىخىغا ئائىت قىسقىچە بايانلار ........................................ 1

«قەشقەر» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى... 1

قەشقەر شەھىرىنىڭ ياسىلىشى................. 4

ھېيتگاھ جامەسى .................................. 11

ھېيتگاھ جامەسىنىڭ تارىخى ................. 14

قەشقەردە ماتارىپ ۋە ئىلىم ئەھلى .... 22

قەشقەردىكى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ...... 28

قەشقەردىكى بىناكارلىق سەنئىتى ......... 33

ئۇيغۇر تارىخىدا يۈز بەرگەن زور ۋەقەلەر يىلنامىسى ................................................ 41

ئۇيغۇر تارىخىدا ئۆتكەن ۋەقەلەر يىلنامىسىدىكى ئاتالغۇلارغا ئىزاھات ................ 99

شىنجاڭ تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەر.... 140

يەكەن سەئىدىيە خانلىقى ......................... 191

1. چاغاتاي خانلىقىنىڭ يىقىلىشى ۋە سەئىد خاننىڭ دەسلەپكى پائالىيەتلىرى... 191

2. يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تىكلىنىشى ................................................ 203

3. يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ مۇلقەرز

بولۇشى ........................................ 227
ئاپئاق خوجا ۋە ئۇنىڭ قۇرچاق ھاكىمىيىتى... 238
خوجا ھىدايىتۇللا ئەۋلادلىرىنىڭ ئۆزئارا
بولغان تالىشىشى ........................................ 243
قەربىدىن رايونلارىدىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە
ئۇلارنىڭ بۇ رايوندا كېلىپ چىققان
پاتالىيەتلىرى ........................................ 252
سۇچىنجىڭ كەلتۈرگەن تۇغۇنلىشىدا ........................................ 269
ئاق تاغلىق ۋە قاراتاغلىقلار توغ
رىسىدا ........................................ 275
XVII ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ئارىسىدا
بولۇپ ئۆتكەن زور ۋەقەلەر توغرىسىدا
خۇلاسە ........................................ 280

# قەشقەر شەھىرىنىڭ تارىخىغا ئائىت قىسقىچە بايانلار

## «قەشقەر» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى

قەشقەر — ئېلىمىزنىڭ قەدىمىي ۋە مەشھۇر شەھەرلىرىدىن بىرى. ئېلىمىزنىڭ غەرب بىلەن سودا، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى. خېلى بۇرۇنلا كىشىلەر، يەنە شۇ قەشقەر ئارقىلىق ئوتتۇرا شەرق، ھىندىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا ھەم ياۋروپا قاتارلىق رايونلار ۋە ئەللەر بىلەن باردى-كەلدى، سودا-سېتىق قىلىشقان. شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيىتى بۇ جاينىڭ تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەينى تارىخىي دەۋرلەردە قەشقەر ئالتە شەھەر دەپ ئاتالغان. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ سودا، مەدەنىيەت مەركىزى ۋە مەلۇم دەۋرلەردە سىياسىي مەركىزى بولۇپ كەلگەن. ئۇ، ئۆزىنىڭ ئۇزاق يىللىق تارىخىدا گۈللىنىش تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىچە خاس ئەنئەنىلىرى بىلەن جاھان ئەللىرىنىڭ دىققەت نەزەرىگە سازاۋەر بولۇپ كەلگەن.

قەشقەر دېگەن ئاتالما ھەققىدە چەت ئەل ۋە ئۆزىمىزنىڭ ئالىملىرى تۈرلۈك تەبىر بېرىپ، پىكىر بايان قىلىپ، بۇ شەھەرنىڭ يۈكسەكلىكىنى ئىپادىلەپ كەلدى. بەزىلەر: شەھەر قەلئەسىنىڭ كۆركەم، مۇستەھكەملىكىنى كۆرۈپ، مۇداپىئە ئىشلىرىدا پۇختا دەپ ھېسابلاپ، ھىجرىيەنىڭ 96 - يىلى (مىلادى 715 - يىلى) پەرغانە ئارقىلىق شىنجاڭغا كەلگەن ئەمىر قۇتەيبە قوماندانلىقىدىكى ئەرەبلەر بۇ نامنى بەرگەن دەيدۇ. بەزىلەر: بۇددىستلار «بۇ شەھەرنى مۇقەددەس ئورۇن ھېسابلاپ «بەيتۇللا» (خۇدانىڭ ئۆيى) دەپ ئاتىغان ئىدى» دەيدۇ. ئۇلار بىر زامانلاردا شامان دىنىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن بۇ جاينى مۇقەددەس ئورۇن سانىپ «كاش - ناكار» دەپ نام بەرگەن دەپ ئىسپاتلايدۇ. دېمەك بۇددىستلار تىلىدا «كاش - خۇدا، ناكار - ئۆي» دېگەن بولۇپ، «بەيتۇللا — خۇدانىڭ ئۆيى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن. يەنە، بەزىلەر: بۇ يۇرتتىكى نەقىش - ئويما ۋە «كاشا» دەپ ئاتالغان گۈللۈك قول سەنئىتىنىڭ راۋاجلانغانلىقىغا قاراپ، «كاشا» سەنئىتىنى ئىگىلىگۈچى (تۇتقۇچى) مەنىسىدىكى «كار» ياكى «ئېر» دېگەن نامنى تۇتقا قىلىپ بۇ شەھەر «كاشاكار» ياكى «كاشائېر» دەپ ئاتالغان دەيدۇ. بەزىلەر يەنە تۈمەن دەرياسىنىڭ لېۋىدە ئۇزۇنغا سوزۇلغان تۈپتۈز بىر قاش بولۇپ، ئۇ، ھاۋاسى ياخشى، مەنزىرىسى كۆركەم، ئېگىزلىكنىڭ جەھەتتە دىققەتنى جەلپ قىلىدىغان

بولغاچقا، بۇ شەھەر شۇ گۈزەللىكى بىلەن تەسۋىرلە-
نىپ «قاشنىڭ قىرى» دەپ ئاتالغان ئىدى دېيىشىدۇ.
بۇ ئاتالمىلار ۋە بېرىلگەن تەبىرلەر گەرچە بۇ نام-
نىڭ كېلىپ چىقىش ئاساسىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈ-
رۈپ بېرەلمىسىمۇ، ھەر ھالدا كىشىلەرنىڭ بۇ تار-
ىختا رېئاللىققا بولغان تونۇشىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.
يىراق زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ نام ۋە ئۇنىڭ
ماھىيەت ئاساسى ئۇنتۇلۇشقا باشلاپ، تەلەپپۇزدا «قەش-
قەر»، يېزىقلاردا «كاشغەر» دېگەن ئاتالما ساق-
لىنىپ كەلدى.

ئۇلۇغ ئالىم، مۇتەپەككۇر، تىلشۇناس مەھمۇت
ھۈسەيىن ئوغلىنىڭ ئۆز تەخەللۇسىنى «قەشقەرىي» دەپ
ئاتىشى بۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ يۈكسەك ئورنىدا تۇر-
غانلىقىدىن بىر بىشارەتتۇر. دېمەك: «قەشقەر» دې-
گەن ئاتالما مۇشۇ زېمىندا ئۇزاق تارىختىن بۇيان
ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆز تىللىي ئالاھى-
دىلىككە ئاساسەن ئېلىپ بارغان ئەسەر قۇرۇلۇشى.
ئىناكارلىق سەنئىتى، بولۇپمۇ ھەرخىل نەققاشلىق
ھۈنىرىنى مۇجەسسەملەپ بەرگەن نام دېيىشكە بولىدۇ-
مۇ. بۇ نامنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنىڭ ئېنىقلىنىشى يەنىلا
كەڭ كىتابخانلارنىڭ ئەتراپلىق ئىزلىنىپ تەتقىق
قىلىشىغا باغلىق دەپ قارايمىز.

قەشقەر پەقەت شەھەرنىڭلا خاس نامى بولۇپ،
ئۇ قەشقەرىيە دەپ ئاتالغان جايلارنىڭ ئىسمى ئەمەس،
چۈنكى، «قەشقەرىيە» كەڭ مەنىدىكى ئىسىم. ئۇ ھازىر-

لى قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدىن ھالقىپ، ئالتە شە-
ھەر دەپ ئاتالغان جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن چەكلىـ
نىپ قالمايدۇ. شۇ كەڭ دائىرىنىڭ سودا، مەدەنىيەت
ۋە سىياسىي مەركىزىنىڭ قەشقەر بولغانلىقى تارىختا
بەش قولدەك ئايان. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ بۇ يەر-
دە توختالغىنىمىز «قەشقەرىيە» بولماستىن بەلكى، ئاشۇ
مەركەز — قەشقەر شەھىرىدۇر.

## قەشقەر شەھىرىنىڭ ياسىلىشى

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، قەشقەر شەھەر قەلئە-
سىنىڭ جايى ئۈچ قېتىم ئالماشقان. دەسلەپكى ئورنى
ئاتۇشتىكى مەشھەت دېگەن جايدا بولغان، ئىككىنچى
قېتىم ئورنى — ئاتۇش يولىدىكى «خان ئۆي» دېگەن
جايغا يۆتكەلگەن. پايتەخت خانۇيگە يۆتكەلگەندىن
كېيىن، خېلى زور يۈكسىلىش ۋۇجۇدقا كەلگەن. بۇ
جاي گەرچە قاراخانىلارنىڭ قۇدرەتلىك پادىشاھى
سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان دەۋرىدە تەختگاھ بولغان
بولسىمۇ، مەلۇم زاماندىن كېيىن يۈز بەرگەن قۇر-
غاقچىلىق ئاپىتى ۋە سۇ يولىنىڭ توسۇلۇشى تۈپەيلىـ
دىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ھەمدە ئاستا — ئاستا
خاراب بولغان. 3 - قېتىملىق ئورنى ھىجرىيىنىڭ
940 - يىلى (مىلادىنىڭ 1533 - يىلى) مىرزا ھەيـ
دەر تەرىپىدىن ھازىرقى قەلئەنىڭ بىر قىسمى بولغان
ئورۇنغا يۆتكىلىپ، ئاۋات قىلىنغان ئىدى. شەھەرنىڭ

ئورنى نىسبەتەن ناھايىتى كىچىك ئىدى. يۇنىڭدىن «ئىچكىرىكى شەھەر» دەپ ئاتالغان قىسمى ساقلىنىپ كەلگەن. «قوقۇزاق دەرۋازا»، «قازىقى دەرۋازا» دېگەن ناملار دائىرىسى ئىچىدىكى ئورۇن ئەنە شۇ بۇرۇنقى شەھەر قەلئەسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. گەرچە بۇ شەھەر كىچىك سېلىنغان بولسىمۇ، كېيىنكى دەۋر-لىرى تەلىپى كېڭەيتىشنى خالىمىغانلىقتىن. كېڭەي-تىلمەي قېلىۋەرگەن ئىدى. پەقەت XIX ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىغا كەلگەندە زوھۇرىدىن ھاكىم بەگ تەرىپىدىن ئۆزگەرتىلىپ «تاشقىرىقى شەھەر» دەپ ئاتالغان قىسمى قەلئە شەكلىدە قوشۇلۇپ، سېپىل بىلەن ئىھاتىلەندۈرۈلدى.

زوھۇرىدىن ھاكىم بەگ ئەسلىدە تۇرپانلىق ئۇي-غۇرلاردىن ئىدى. ئۇ قەشقەردە ھاكىم بەگ ئۇنۋانى بىلەن 20 يىلدەك ھۆكۈم سۈردى. بۇ دەۋردە ئۇ خەلق ئۈستىدىن نۇرغۇن زوراۋانلىقلارنى ئىشلەتكەن. بولۇپمۇ سېپىل ياساشقا كەلگەن كىشىلەرنىڭ ۋاقىت-سىز ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما قەشقەرگە نىسبەتەن بەزىبىر پايدىلىق ئىشلار-نىمۇ قىلغان. ئۇ كۆپلىگەن بىنام يەرلەرنى ئاچقۇ-زۇپ، تېرىلغۇ كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، ئۇزۇن مۇساپى-لىق ئۆستەڭلەرنى چېپىپ، ئاشلىق ۋە باشقا ئىگىلىك-نى يۈكسەلدۈرگەن ئىدى. قەشقەر شەھىرىنى كېڭەي-تىشكىمۇ ئۆزى بىۋاسىتە باشچىلىق قىلغان ۋە قات-ناشقان. بۇ ھەقتە شۇ دەۋرنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى،

مۇتەپەككۇر شائىرى ئابدۇرېھىم نازارى ئۆز شېئىرىدا
مۇنداق دەپ يازغان ئىدى:

كۆك بىرىنىڭ ئىككى يۈز ئەللىك بەش تارىخى
پەيغەمبەر ①

بىنا قىلدۇردى شەھەرنى شاھ زوھۇرىددىن بەلەند
ئەختەر ②

دىنايارى خەلقىنىڭ ھالىغا رەھمە گەيلەپ
ھىدادىيەدىن

قىلىپ قەلئەنى مەھكەم گويا سەددى ئىسكەندەر.

ئوۋۇز ئاخۇن كاتىپمۇ ئۆز شېئىرىدا زوھۇرىددىن ھاكىم
بەگنى ئەنە شۇ مەزمۇندا ئۇلۇغلاپ كۆيلىگەن ئىدى.

شاھ زوھۇرىددىن سولۇي ئامبال قىلىپ شەھەرسى
نى بىنا،

ھىممەت ئالغان بۇ شاھقا بارىكاللا مەرھابا.

ئەلئەدەر سائادەت ③ ۋە قىلمىشتۇر پەلەكتىن
بىر نىشان،

بۇ بىنا ئەمرىنىڭ تارىخىغا ئەختەرىمىدا ④

يۇقىرىقى شېئىرلاردىن زوھۇرىددىن ھاكىم بەگ

---

① ھىجرىيە،
② يۇلتۇزى، مەرتىۋە، ئىقباللىق — بەخت — سائادەتلىك يۇلتۇزى
ئىگىسى.
③ دەرىجە — يۇقىرىلار.
④ ئىشىكى — ئاتقى ئەرەبچە كەلمەدىكى ئادىمەلەر.

خىلق شەھەرلى كېيىنكى يىتىش خىزمىتىدە، ئالاھىدە كۆچ چىقارغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. شەھەرنىڭ بۇ قېتىمقى سېپىلىنى سوقۇشتا قولدىن تېز تۇتۇش قىلغانلىقتىن، بىر قانچە ئاي ئىچىدىلا ياسىلىپ بولغان. يۇقىرىقى شېئىرلاردىن سېپىلنىڭ ئوخشاشمىغان يىللار ئىچىدە ياسالغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئابدۇرېھىم نازارى ھىجرىيە 1255 - يىلنى كۆرسەتسە، نورۇز ئاخۇن كاتىپ «تەختەرىندا»سىدا ھىجرىيە 1256 - يىلنى كۆرسەتكەن. مۇنداقتا، قارىماققا ئارىلىقتا بىر يىل پەرق بارلىقى ناھايىتى روشەن. لېكىن بۇنى تەھلىل قىلىپ كۆرگىنىمىزدە، ھەر ئىككىسىنىڭ توغرا بولۇپ، سېپىلنىڭ قۇرۇلۇشى 1255 - يىلنىڭ ئاخىرىدا باشلىنىپ، 1256 - يىلنىڭ باشلىرىدا پۈتكەنلىكى مەلۇم. ھەر ھالدا، سېپىلنىڭ ئالتە ئايدا ياسىلىپ بولغانلىقى ئېيتىلىدۇ.

بۇ قېتىملىق شەھەر پىلانى ئەسلىدە شىمالدا تۈمەن دەرياسى، جەنۇبتا قىزىل دەرياسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا يانداشتۇرۇپ سېلىنماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن شۇ ۋاقىتتىكى قەشقەرنىڭ چوڭ موللىلىرىدىن بولغان موللا سادىق ئەلەم ۋە تۇردى شەيخ دېگەنلەرنىڭ ئارقىدا غەيۋەت - شىكايەت قىلىپ قارشى چىققىنى بىلەن پىلان ئۆزگەرتىلىپ، كىچىكلىتىلگەن. بۇلار ئۆز شىكايەتلىرىدە: «زوھۇردىن ھاكىم بەگ ئۆزى تۇرپانلىق بولغىنى ئۈچۈن، ئىسكەندەر ۋاڭنىڭ قەبرىسىنى شەھەر دائىرىسىگە

كىرگۈزۈپ، ئۈزۈمنىڭ ئىناۋىتىنى كۆتۈرمەكچى دېگەن سۆز - چۆچەكلەرنى تارقاتقان. بۇ سۆزلەردىن رەنجىگەن ھاكىم بەگ، ئىسكەندەر ۋاڭنىڭ گۇمبىزىنى شەھەر سىرتىدا قالدۇرۇپ، موللا ساددىق ئەلەمنىڭ شىمال تەرەپتىكى (ئۆزە يارباغ دېگەن جايدىكى) بېغى بىلەن تۆردى شەيخنىڭ جەنۇب تەرەپتىكى (قۇم دەرۋازىدىكى) بېغىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن تالا تارتىپ، شەھەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، سېپىلنى ئۇلارنىڭ بېغى ئۈستىگە سېلىپ، جازالىغان. شەھەرنىڭ ئاشۇ ھالىتى تاكى 1950 - يىللارغىچە ساقلىنىپ كەلگەن.

قەشقەر شەھىرى گەرچە زوھۇردىن ھاكىم بەگ تەرىپىدىن كېڭەيتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما يېڭىدىن قوشۇلغان جايلىرى بىردىنلا ئاۋات بولۇپ كېتەلمىدى. بولۇپمۇ غەرب تەرەپتىكى سازلىق بىلەن گۆرىستانلىق كىشىلەرنى كۆنۈكتۈرەلمىدى. پەقەت بىرقانچە يىللاردىن كېيىن، جەنۇبتا قوزغالغان راشىدىن خوجا قوزغىلىڭى① ئەسناسىدا ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىۋالغان بەدۆلەت (ياقۇپ بەگ) تەرىپىدىن راۋاجلاندۇرۇلۇپ، شەھەرنىڭ غەرب تەرەپتىكى يېڭى قىسمى ئاۋاتلاشتى. بولۇپمۇ ھېيتگاھ جامەسىنىڭ كېڭەيتىپ قايتا ياسىلىشى ۋە بارلىق ھېيت - بايرام مۇراسىملىرىنىڭ بۇ جايدا ئۆتكۈزۈلۈشى، بۇ قىسىمنىڭ

① ھىجرىيە 1281 - يىلى (مىلادى 1864 - يىلى) ئۇچار قوزغىلىڭى پارتلىغان.

ئېغىزىمۇ ئاۋات بولۇشىغا سەۋەب بولدى. ياقۇپ بەگنىڭ ئوردىسى دەپ ئاتالغان باش مەمۇرىي ئورگاننىڭ دەرۋازىسى شۇ تەرەپكە قارىتىلغانلىقتىن، «ئوردا ئالدى» دەپ ئاتالدى. ھېيتگاھ مەيدانى بىلەن ئوردا ئالدى ئارىلىقىدىكى جاي چەت ئەللىكلەر تۇرىدىغان ئورۇن بولغانلىقتىن «ئەلچىخانا» دەپ ئاتالدى ۋە شەھەرنىڭ ئاساسىي مەركىزى بولۇپ قالدى. 1878 - يىلى ياقۇپ بەگ ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ، ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش بولدى.

قەشقەرگە كېلىپ ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغانلى چىڭ بەزى چارىلەرنى ئۆزگەرتكەن بولسىمۇ، ھېيتگاھ مەيدانى ئۆز رولىنى يوقاتمىغان ئىدى. ھىجرىيىنىڭ 1315 — 1317 - يىللىرى (مىلادىيە 1898 - يىلى) لۈيجى دارىن تەرىپىدىن شەھەرنىڭ غەربىگە يانداپ سالدۇرغان كىچىك قەلئە شەھەر دائىرىسىنى يەنىمۇ زورايتتى. بۇ كىچىك قەلئە يۇمىلاق دائىرىلىك سېپىل ئىچىگە ئېلىنغانلىقتىن، خەلق ئۇنى «يۇمىلاق شەھەر» دەپ ئاتىدى. ئۇنىڭ غەربىگە قۇرۇلغان دەرۋازىسى بۇ شەھەرنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى يېزىلارغا قاتنايدىغان ئېغىز بولۇپ قالغانلىقتىن، خەلق ئۇنى «يېڭى دەرۋازا» دەپ ئاتىدى. شۇنىڭ بىلەن قەشقەر شەھىرىنىڭ دەرۋازىسى تۆتكە يېتىپ، شەھەر قاتنىشىدا خېلىلا ئوڭايلىق تۇغۇلدى.

ھىجرىيىنىڭ 1326 - يىلى (مىلادىنىڭ 1909 - يىلى) لۈشەنتۈي تەرىپىدىن يۇمىلاق شەھەرگە چوڭ

بىنۇ يامۇل سالدۇرۇلدى. خەلق بۇنى «شەۋەي يامۇلى» دەپ ئاتىدى. 1912 ــ 1923 ــ يىللىرى قەشقەردە دەۋر سۈرگەن ھەربىي قوماندان شەتەي لۇيجاڭ ماجەنتۇ مۇشۇ جايدا تۇرغان ئىدى. ماجەنتۇ سېپىلنىڭ ئۈستىگە يانداپ، تۆت قەۋەتلىك راۋاق سالدۇرۇپ، شەھەرگە سۈرلۈك تۈس پەيدا قىلدى. راۋاقنىڭ تۆت ئەتراپى ئەينەكتىن ياسالغاچقا ئالاھىدە كۆركەم مەنزىرە ھاسىل قىلدى. راۋاق خېلىلا ئېگىزلىككە ياسالغانلىقتىن، ئۈستىدە تۇرۇپ قارىغان كىشى شەھەرنىڭ ئۇزۇن جايلىرىنى كۆرۈپ تاماشا قىلالايتتى. شۇنىڭدەك راۋاقنىڭ ئالدىدىكى «يۇمىلاق شەھەر كۆلى» دەپ ئاتالغان چوڭ كۆلنىڭ ھاۋاسى ۋە مەنزىرىسىدىن كۆڭۈل ئاچالايتتى.

بۇ قورغانچىنىڭ ئەسلى نامى كونا گۈلباغ ئىدى. مىلادىنىڭ 1554 ــ يىلى قەشقەردە ھۆكۈمرانلىق قىلغان مىرزا ھەيدەر① ياساتقان تۆت باغنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى. جاھانگىر خوجا قوزغىلىڭىدىن كېيىن ۋەيران قىلىپ تاشلاندى. شۇنداق بولسىمۇ، مانجۇلار بۇ يەردە يەنە ھەربىي قىسىم تۇرغۇزدى. بۇ جاي ياقۇپ بەگ ھاكىمىيىتى دەۋرىدە يەنە تاشلىنىپ قالدى. كېيىن زوزوڭتاڭنىڭ ئەسكەرلىرى قەشقەرگە كەلگەندىن تارتىپ يۇمىلاق شەھەر ھەربىي لاگېر بولۇپ قالدى.

① مىرزا ھەيدەر ــ سۇلتان ئابدۇرشىتخاننىڭ قەشقەرگە قويغان ئەمەلدارى.

قەشقەر شەھىرى يېقىنقى بىر ئەسىر داۋامىدا «كونا شەھەر»، «يېڭى شەھەر» دېگەن ئىككى قەلئەگە بۆلۈندى. يېڭى شەھەرنى — تۆلۈك دارىن دېگەن كىشى 1854 - يىلى بىنا قىلدۇردى. يېڭى شەھەر قەلئەسى كونا شەھەرنىڭ جەنۇبىغا تۆققۇز كىلومېتىر كېلىدىغان ئىككى دەريانىڭ① ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان ئىدى. بۇ قەلئە شۇ زاماندىن تارتىپ ھەربىي لاگېر بولۇپ كەلدى. مەسىلەن، ياقۇپ بەگنىڭ «قوش بەگلىك مەھكىمىسى»، جىن شۇرېننىڭ «سىجاڭ يامۇلى»، گومىنداڭنىڭ «جەنۇبىي سىلىڭبۇسى» مۇشۇ شەھەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىغا تارىخنىڭ ئۆزى شاھىد.

قەشقەر شەھىرى تارىختا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئالتە شەھەرنىڭ مەركىزى ھېسابلىنىدۇ. ئەينى چاغدىكى ھەربىي، مەمۇرىي باشقۇرۇش باش ئورگانلىرى مۇشۇ شەھەردە تەسىس قىلىنغان. بۇ شەھەرنىڭ سېپىلى ئېگىز، پۇختا. ئەتراپلىرى خەندەك بىلەن ئورالغانلىقتىن ئۇرۇشتا ئاسان قولدىن كەتمەيتتى. ھەر جەھەتتىن پايدىلىنىش ئوڭاي بولغاچ، خەلقى كۆپ دىيار ئىدى.

## ھېيتگاھ جامەسى

ھېيتگاھ جامەسى قەشقەردىكى ئەڭ چوڭ جامە

① ئىككى دەريا — يېڭى شەھەر قىزىل دەرياسى بىلەن يەيزاۋات جەۋەراسى قارىلىقىدا بولغان.

ھېيتگاھ مەيدانى قەشقەردىكى ئاۋات سودا، مەدەنىيەت مەركىزىدۇر. ئۇ قەشقەرگە كەلگەن كىشىلەرنىڭ دىق-قەت نەزەرىنى ئۆزىگە تارتماي قالمايدۇ. ئۇنىڭ كۈن چىقىش تەرەپكە ئېچىلغان چوڭ دەرۋازىسى، پەشتىقى، ئاق گۈمبىزى، ئىككى تەرەپتىكى نەقىشلىك مۇنارلىرى شەھەرگە ئالاھىدە كۆركەملىك بېغىشلاپ تۇرىدۇ.

جامەنىڭ قۇرۇلۇش سەنئىتى ۋە ئۇنىڭ گۈزەل-لىكى، بۇنىڭغا ئىشلىگەن تامچى ۋە سەنئەتكارلارنىڭ نەقەدەر ماھارەتلىك ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن بىللە، ئۇيغۇر بىناكارچىلىقىنىڭ خېلى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ھەر يىلى ئىككى ھېيتتا چېلىنىدىغان ناغرا، سۇناي ئاۋا-زى كىشىلەرنى ئۆزىگە شۇنداق جەلپ قىلىدۇكى، بۇ قىزىقارلىق مەنزىرىدىن كۆز ئۈزۈپ ئايرىلغۇسى كەل-مەيدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى 12 مۇقام ناغرا - سۇنايچىلارنىڭ تەرەننۇم قىلىشى بىلەن، بۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە دېگۈدەك ئاۋام خەلق بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ. ئۆز زامانىسىدىكى ئەخمەت ئاكا سۇنايچى، روزى ئاكا (باشى)لار ئۆزلىرىنىڭ ماھارىتى بىلەن بارلىق ھېيت ئىشتىراكچىلىرىنىڭ رەھمىتىنى ئالاتتى. شۇ سەۋەبتىنمۇ ھەربىر قېتىملىق ھېيتتا ئالاھىدە ئالقىشقا ئىگە بولاتتى. كىمكى كەلگەندە بۇ ھېيتگاھ جامەسى ئالدىدا ئوينىلىدىغان ساما ئۇسسۇلى ھەققىدىمۇ ئازراق سۆز قىلىپ ئۆتسەك يامان كەتمەس: قەشقەر

سىغلىقى، ئاغرا. سۇنايىنىڭ يېقىملىق ئاۋازىنى ئاڭلاشقا بەكمۇ خۇشتار. روزى ھېيت، قۇربان ھېيتتىكى ئالتە كۈنلۈك ئارام ۋە خۇشاللىق ۋاقتىنى ئاشۇ ناغرا. سۇنايىنىڭ يېقىملىق سادالىرى ئىچىدە ئۆتكۈزىدۇ.

ھېيت كۈنلىرى ئومۇم كىشىلەرنىڭ ئىشتىراكى بىلەن «ساما» سېلىش بۇ يەردىكى خەلقنىڭ ياقتۇرۇپ شۇغۇل-لىنىدىغان ئەنئەنىۋى پائالىيىتىدۇر. «ساما» بىرخىل سەنئەتلىك ئويۇن بولۇپ، ئۇ ئادەتتىكى كۆڭۈل ئېچىشتا ئوينىلىدىغان ئۇسسۇلدىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. ئۇسسۇل ئادەتتە يالغۇز كىشى، ئىككى كىشى ياكى بىر-قانچە كىشى تەرىپىدىن ئورۇنلانسا، «ساما» نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئىشتىراكى بىلەن ئورۇنلىنىدۇ. يۈزلى-گەن كىشىلەر ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، ھەربىر كىشى ئۆز دائىرىسىدە بىرخىل رەتلىك ئايلىنىدۇ. تاماشىبىن شۇنچە كۆپ كىشىنىڭ بىرخىل رەتلىك ئايلانغانلىقى-نى كۆرگەندە گويا بىرلا كىشى ھەرىكەتلىنىۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. «ساما»دا پەقەت ناغرا، سۇنايىنىڭ ئاھاڭ ئۆتكىشى بىلەن رىتىم ئالمىشىدۇ. مەيدانغا چۈشۈپ «ساما» سالغانلارمۇ ناغرا - سۇنايىنىڭ مۇڭ-لۇق، يارقىن، يېقىملىق ئاۋازىدىن ئۆزىنى ئۇنتۇيدۇ. بۇ مەيدانغا يىغىلىپ ھېيت تەنتەنىسىنى قىلىۋاتقان جامائەتمۇ ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى پەملىمەي قالىدۇ.

بۇ ئىككى ھېيت مەزگىلىدە ھېيتگاھ مەيدانىدا ھېيت تەنتەنىسىنى ئۆتكۈزىدىغانلار يالغۇز قەشقەر

ئەھلىدىكى ئۇيغۇرلار بولۇپ ھالماستىن، قەشقەرنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىدىن ھەتتا چەت ۋىلايەتلەردىنمۇ كىشىلەر كېلىپ ھۇزۇرلىنىدۇ. مانا مۇشۇ مەزگىللەردە قەشقەر شەھىرى خۇددى ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنىشىپ كېتىدۇ. كىشىلەر ئۇنتۇلغۇسىز خۇشاللىق ھېس قىلىشىدۇ.

## ھېيتگاھ جامەسىنىڭ تارىخى

تارىخىي خاتىرىلەر ۋە رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئورنى بۇنىڭدىن بەش ئەسىر بۇرۇن ئېچكىرىكى شەھەرنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى قەبرىستانلىق ئىدى. مىلادى 1442 - يىلى قەشقەرگە ھۆكۈمران بولغان ھاكىم بەگ ــ ساقىت مىرزا ئۆزىنىڭ ۋاپات بولغان ئورۇق - جەمەتلىرىنى مۇشۇ قەبرىستانلىققا دەپنە قىلغان. ئورۇق - تۇغقانلارنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ ناماز ئوقۇشى ئۈچۈن ھازىرقى ئېچكىرىكى مەسچىت ئورنىدا بىر كىچىك مەسچىت سالدۇرغان. تۇنجى مەسچىت ياسىلىپ ئون يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، شۇ ۋاقىتتىكى قەشقەرنىڭ ھاكىم بېگى ئوبۇل ھادى بەگنىڭ تاغىسى مىرزا ئەزىز ۋەلى دېگەن كىشى ۋاپات بولۇپ مۇشۇ ئورۇنغا دەپنە قىلىنغان. ھىجرىيىنىڭ 944 - يىلى (مىلادى 1558 - يىلى) ئوبۇل ھادى بەگ مەسچىتنى كېڭەيتىپ يېڭىباشتىن ياساتقان

ھەمدە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇيدىغان ئادەتتىكى مەس-
چىتنى جۈمە نامىزى ئوقۇلىدىغان جامە قىلىپ ئۆز-
گەرتكەن. مىلادى 1787 - يىلى (ھىجرىيىە 1201 -
يىلى) يېڭى شەھەر ناھىيە خانشىرىق يېزىسىدىن زۇل-
پىيە خېنىم مەككىنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن توپلىغان
پۇلىنى سەرپ قىلىپ ھېيتگاھ جامەسىنى يەنىمۇ كې-
ڭەيتىپ يېڭىباشتىن ياسىغان.

XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەرگە ھۆكۈم-
ران بولغان تۇرپانلىق ئىسكەندەر ۋاڭ ھايات تۇ-
رۇپ ئۆزىگە، ھىجرىيىنىڭ 1224 - يىلى (مىلادى
1809 - يىلى) شەھەرنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى پايى-
خاپ يېزىسىغا ھەشەمەتلىك گۈمبەز ياساتقان. بۇ
گۈمبەزنى خەلققە ئېغىر ئالۋاڭ سېلىپ ياساتقانلىق-
تىن، خەلقنىڭ نارازىلىقى غەزەپكە ئايلىنىپ قوزغى-
لاڭ كۆتۈرگەن. ئىسكەندەر ۋاڭ، خەلقنىڭ نارازىلى-
قىنى پەسەيتىش ئۈچۈن، ھېيتگاھ جامەسىنى رېمونت
قىلىپ كۆل چاپتۇرغان، ئېرىق ئېلىپ، سۇ باشلاپ
كىرىپ ئورمان بىنا قىلغان.

ھىجرىيىنىڭ 1235 - يىلى (مىلادىنىڭ 1820 -
يىلى) قەشقەردە قاتتىق يامغۇر يېغىپ جامەنىڭ تو-
رۇس - تاملىرى زور دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچ-
رىغاندا، زىدىر خوجا ئەبرىشىمكا [illegible]
بۇزلۇك رېمونت قىلدۇرغان. ھىجرىيىنىڭ 1255 -
يىلى (مىلادىنىڭ 1839 - يىلى) قەشقەرنىڭ ھاكىم
بېگى زوھورىدىن بەگ قەشقەرنىڭ ئاشقىرىقى شەھەر
[illegible]

يەپ ئاقالغان، قىسمەن سىپىل سۇ ئۆتۈرۈپ شەھەرلى كىرگەن ئىدى. شۇ چاغدا جامەنى سۈپەتلىك قىلىپ رېمونت قىلدۇرغان.

XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا شىنجاڭ غا ھۆكۈمرانلىق قىلغان بەدۆلەت (ياقۇپ بەگ) خەلقنىڭ ماھىمىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن جەنۇبىي شىنجاڭدا كۆپلىگەن مەسچىت، مەدرىس، مازارلارنى ياساتقان. شۇ جۈملىدىن ھىجرىيىنىڭ 1290 - يىلى (مىلادىنىڭ 1872 - يىلى) ھېيتگاھ جامەسىنى كېڭەيتىپ باشقىدىن قەيتا قىلىپ ھازىرقى ھالەتكە كەلتۈرگەن. بۇ جامەنىڭ غەربىي تۆردىكى مەسچىت، شەرق تەرىپىدىكى مەدرىس قىلىپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈپ، مەدرىس قىسمىنىڭ شىمال، شەرق ۋە جەنۇبى تەرەپلىرىدە 24 قاتار 72 ئېغىزلىق ھۇجرا، شەرقىي شىمال تەرىپىگە 100 دىن ئارتۇق كىشى سىغىدىغان مۇنچا، مۇنار، گۈمبەز، پەشتاق، دەرۋازا قاتارلىقلارنى ياساتقان. شۇنىڭ بىلەن ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ھازىرقى ھالىتى شەكىللەنگەن.

ھىجرىيىنىڭ 1320 - يىلى (مىلادىنىڭ 1903 - يىلى) قەشقەردە قاتتىق يەر تەۋرەش① زىلزىلىسى يۈز بېرىپ، جامەنىڭ تاشقىرىدىكى مەسچىت قىسمىغا بېلىلى دەرۋازىدا زەخىم يېتىپ بەزى تاملىرى ئۆرۈلگەن. مۇنار زەخىملەنگەن ئىدى. لېكىن ھىجرىيە

---

① ھەر ۋاقىتتىكى يەر تەۋرەش 1901 - ياكى 1902 - يىلى بولغان دېگەن پەرەزلەر بار.

1323 - يىلى (مىلادىيە 1905 - يىلى) قەشقەرنىڭ ئاتاقلىق بايلىرىدىن «ئاخۇن باي» دەپ ئاتالغان ئۆردى باي ھاجىم بىلەن كېرىم ئاخۇن بايۋەچچىلەر تەرىپىدىن قايتا رېمونت قىلىنغان.

ھىجرىيىنىڭ 1352 - يىلى (مىلادى 1934 - يىلى) قەشقەرنىڭ مائارىپ ئىدارە باشلىقى ئابدۇكېرىم خان مەخسۇمنىڭ رىياسەتچىلىكىدە رېمونت قىلىنىپ، دەرۋازىلەر تولۇقلاپ قويۇلغان. كۆللەر قايتا چېپىلغان. كۆللەرنىڭ ئەتراپىغا دىشاتكىلار ئورۇنىتىلغان.

ھىجرىيىنىڭ 1354 - يىلى (مىلادى 1936 - يىلى) قەشقەردە «ئىسلامى مەدرىسى» — مەسچىت ھەيئىتى قۇرۇلۇپ، بىر قېتىم رېمونت قىلدۇرۇلغان. جامەنىڭ شىمال ۋە جەنۇب تەرىپىگە ئىككى يان دەرۋازا ئېچىلىپ، كىرىپ - چىقىش راۋانلاشتۇرۇلغان.

ھىجرىيىنىڭ 1355 - يىلى (مىلادى 1937 - يىلى) شەھەر كوچىلىرىنى كېڭەيتىش ھەرىكىتىدە جامەنىڭ شەرق تەرىپىدىكى 24 ئېغىزلىق ھۇجرا بىلەن مۇنچا چېقىۋېتىلگەن. تام ئورنىغا سالاسۇنلۇق ئۇشاتكا بېكىتىلگەن.

ئازادلىقتىن كېيىن جامەنىڭ يېڭى باھارى باشلاندى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بۇ جامەنى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ئورۇن قىلىپ بېكىتىپ بىرقانچە قېتىم چوڭ - كىچىك

رېمونت قىلدۇردى. 1955 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر
ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندا كۆپ مەبلەغ ئاجرىتىپ
چوڭ كۆلەمدە رېمونت قىلىپ سىرلاپ، ئاقارتىپ
تېخىمۇ گۈزەللەشتۈردى. 1983 - يىلى 100 مىڭ
يۈەن ئاجرىتىپ جامەنى چوڭ رېمونت قىلدى. جامە-
گە تازىلىق ئىشچىلىرى ۋە باشقۇرغۇچىلارنى بېكىتىپ،
ئىگىدارچىلىقنى كۈچەيتتى.

ھازىر ھېيتگاھ جامەسى ۋە مەيدانى يالغۇز
ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى مىللەتلەرنىڭ دىنىي -
مەدەنىي پائالىيەت مەركىزى بولۇپلا قالماستىن بەل-
كى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەنلەرنىڭ ئېكس-
كۇرسىيە ۋە زىيارەت سورۇنىغا ئايلاندى.

قەشقەر شەھىرى ئېچىۋېتىلگەن ئوچۇق شەھەر
قىلىپ ئېلان قىلىنغاندىن بېرى ئىسلام دۆلەتلىرى-
دىن كەلگەن دوستلار ۋە چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇر
ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەت مۇھاجىرلىرىنىڭ قەش-
قەرگە كېلىشى بىلەن تالادىن زىيارەت قىلىدىغان
ئورنى ھېيتگاھ جامەسى بولماقتا، بۇ جامەنىڭ ئورنى،
ئابرويى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە.

ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسى.

ھېيتگاھ جامەسى، شىنجاڭ بويىچە. شۇنداقلا
مەملىكىتىمىز بويىچە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ چوڭ
مەسچىت ۋە مەدرىسەسىدۇر. بۇ جامە دۆلەت ئىچى
ۋە سىرتىدىكى دىنىي ساھەدىكىلەر ئارىسىدا زور تە-
سىرگە ئىگە، ھەمدە قەشقەرنىڭ ئىلىم - مەرىپەت،
ھۈنەر - سەنئەت ماكانى بولۇشتەك ئېسىل خىسلىتى

نىڭ ناماياندىسى، شۇنداقلا باتۇر، ئەمگەكچان. ئەقىل - پاراسەتلىك ئۇيغۇر خەلق بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ تىپىك نەمۇنىسىدۇر.

ھېيتگاھ جامەسىنىڭ شىمالدىن جەنۇبقا ئۇزۇنلۇقى — 140 مېتر، غەربتىن شەرققە بولغان كەڭلىكى 120 مېتر، ئومۇمىي يەر مەيدانى 25.22 مو كېلىدۇ. بۇ جامە: دەرۋازا، ھويلا، مەسچىت، مەدرىس، ھۇجرىدىن ئىبارەت تۆت قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. دەرۋازا قىسمىدىن ئالغاندا مۇنار، دەرۋازا، گۈمبەز قاتارلىق ئۈچ قىسىم بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇلۇپ بىر گەۋدە ھاسىل قىلىدۇ.

جامە چوڭ دەرۋازىسىنىڭ كەڭلىكى 4.30 مېتر، ئېگىزلىكى 4.70 مېتر كېلىدۇ. چوڭ دەرۋازا ئورنىتىلغان تامغا مېھراب شەكىللىك نەقىشلەنگەن تەكچىلەر چىقىرىلغان. دەرۋازىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى تامدا رەڭدار زىننەتلەنگەن تۆت مېتر كەڭلىكتە، يەتتە مېتر ئېگىزلىكتىكى ئىككى مېھراب، ئەگمە شەكىللىك ناۋا ئاستىغا قۇرئان كەرىمنىڭ بىرنەچچە ئايەتلىرى يېزىلغان ئىككى مېتر كەڭلىكتە، بىر مېتر ئېگىزلىكتە رەڭدار نەقىشلىك بىر چاپسا تاختا بار.

دەرۋازىنىڭ ئىككى يېنىدا ئېگىز، ھەيۋەتلىك كۆركەم سېرىق سىر بىلەن چىرايلىق سىرلانغان ئىككى مۇنار بولۇپ، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 19 مېتر كېلىدۇ. بۇ مۇنارلار شەھەرگە كۆركەم، ھەيۋەتلىك تۈس بېرىدۇ. بۇ ئىككى مۇنارنى تۇتۇشتۇرۇپ تۇرىدىغان گەج

ۋە پىششىق خىش بىلەن ئېتىلگەن چاتما ئامىنىڭ ئاس-
ترىلىقى 28 مېتىر كېلىدۇ. مۇنارنىڭ ئىچىدە، ئايلانما
پەلەمپەيلەر بولۇپ، مەزىن، ئاخۇنۇملار شۇ
پەلەمپەيلەر بىلەن ئۈستىگە چىقىپ مۇسۇلمانلارنى
نامازغا چاقىرىدۇ. مۇنارنىڭ ئۈستىگە تۆمۈر دەستى-
لىك ئالتۇن ھەل بېرىلگەن ئاينىڭ شەكلى ئورنىتىل-
غان، ھەممە ئادەمنى ئۆزىگە تارتىپ تۇرىدۇ.

جامەنىڭ شەرق تەرىپىدىكى چوڭ دەرۋازىسىدىن
ئىكىرىش بىلەن گۈمبەز ئىچىگە كىرىسىز. گۈمبەزنىڭ
سەككىز بۇرجەكلىك ئايلانمىسى، ئۆزىنىڭ ئوڭ ۋە سول
تەرىپىدە جامە سەينىاسىغا كىرىدىغان مېھراب شەكىل-
لىك ئىشىكى بار.

گۈمبەزنىڭ سىرتقى ئايلانمىسى 40 مېتىر، ئېگىز-
لىكى 12.5 مېتىر، ئۈستى ئېگىزلىكىنىڭ قاپ ئوتتۇرى-
سىغا بىر مۇنار ئېگىزلىگەن بولۇپ، بۇ مۇنارنىڭ يەر
يۈزىدىن ئېگىزلىكى 17.5 مېتىر كېلىدۇ. بۇ گۈمبەز
ئالەم گۈمبىزى بىلەن رىقابەتلەشكەندەك تىك تۇر-
ىدۇ. دەرۋازىنىڭ شىمال ۋە جەنۇب تەرەپلىرىگە يۆلەپ
سېلىنغان 46 ئېغىزلىق دۇكان بولۇپ، بۇ دۇكانلار-
نىڭ ئىجارىسى مەسچىت ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئالدى — شەھەرنىڭ ئەڭ قو-
يۇق كېلىم - سېتىم سودا بولىدىغان بازىرىدۇر. بۇ
جامە دەرۋازىسىنىڭ ئۈستى تەرىپىدە، ئېگىز ھەم ئازا-
دە بىر پەشتاق يالىغان، ھەر يىلى قۇربان ھېيت
ۋە روزى ھېيت كۈنلىرىدە، پەشتاقتا ناغرا، سۇنايي

ئاۋازى ياڭراپ، ھېيتگاھ مەيدانىغا توپلانغان تۈمەنلىگەن كىشىلەر بايرام خۇشاللىقىنى تەنتەنە قىلىدۇ. بۇ ئورۇن — ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس جايى ھەم مۇسۇلمانلارنىڭ ھېيت - بايراملىرىنى قۇتلۇقلايدىغان مەيدانى بولغاچ، ھېيتگاھ دەپ ئاتىلىدۇ. پۈتۈن مەسچىت سەينا (ھويلا)سىنىڭ كۆلىمى ئىككى مودىن ئارتۇق، ئىككى كۆل بار. بۇ جامەدە ھەر كۈنى 3—4 مىڭ كىشى، جۈمە كۈنلىرى 5—10 مىڭ كىشى ناماز ئوقۇيدۇ. ھېيت كۈنلىرىدە 40—50 مىڭدىن ئارتۇق كىشى ناماز ئوقۇيدۇ. جامە ھويلىسى بىلەن ئايۋانىنى جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان ماشرەق سىرلانغان رەشاتكا ئايرىپ تۇرىدۇ. رەشاتكىنىڭ ئېگىزلىكى 1.50 مېتىر. ئايۋانغا كىرىش ئۈچۈن ئۈچ ئورۇندا ئىشىك ئورنىتىلغان.

مەسچىت قىسمى ئىچكىرىكى مەسچىت (خانىقا)، تاشقىرىقى مەسچىت (پېشايۋان)، ئايۋاندىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. ئىچكىرىكى مەسچىتنىڭ ئۇزۇنلۇقى 36.5 مېتىر، كەڭلىكى 10.5 مېتىر، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 456 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

جامەنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى تامغا چىقىرىلغان مېھرابتا خاتىپ ئاخۇنۇم خۇتبە ئوقۇيدۇ. تاشقىرىقى مەسچىت، ئايۋانلارنى قوشۇپ ئۈستى يېپىلغان قىسمى ھېسابلىغاندا 2660 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. ئايۋان ئۆگزىسىنى يەتتە مېتىر ئېگىزلىكتىكى 140 تال تۈۋرۈك كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. دېمەك، جامە دەرۋازا،

مۇنارلار، پەشتاقلار، گۈمبەز - رەشاتكىلار، ئاجايىپ نەقىشلەنگەن تۈرلۈك قۇرۇلمىلار بىلەن پۈتۈن شىنجاڭغا مەشھۇردۇر.

## قەشقەردە مائارىپ ۋە ئىلىم ئەھلى

ئالتە شەھەرنىڭ «بىلىم بۇلىقى» ھېسابلانغان قەشقەر ئۆزىنىڭ تارىخى ئورنى، ئۆز مۇھىتىدىكى تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيىتى بىلەن پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىياغا تەسىر كۆرسەتكەن دىنى، ئىلمى مەركەزدۇر. خەلقىنىڭ چېچەنلىك، بىلىم - مەدەنىيەتكە ئامراقلىق، يۈكسىلىشكە ئىنتىلىش ئۆزگىچە ئالىي ھىممەتلىك بولۇشقا ئوخشاش پەزىلەتلىرى، ھېلىمۇ ئېيتىپ كېلىنىشقا تېگىشلىكتۇر. شۇڭلاشقا، خۇسۇسەن يېقىنقى ئەسىرلەردىن بېرى دىنى بىلىم يۇرتى يەنىمۇ يۈكسىلىپ، كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ئىلىملىك بولۇشى كاپالەتلىنىپ كەلدى. ئىلگىرى كىشىلەر كۆپ ۋاقىت نۇرغۇنلىغان ئىقتىساد...لارنى سەرپ قىلىش بەدىلىگە بۇخارا، ئىستانبۇل، يېڭى دېھلى، دەمەشىق قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئوقۇپ كېلىشكەن بولسا، كېيىنكى كۈنلەردىكى يۈكسىلىش ئارقىسىدا ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن راۋاجلىنىش، كىشىلەرنىڭ بىلىم ئېلىش يولىدا چېكىدىغان مۇشەققەتلىرىنى بىرقەدەر يېنىكلەتتى. ئىلگىرى دىنى بىلىم جەھەتتە بۇخارا يۈكسەك ئورۇننى ئىگىلىگەن بولسا، يەرلىك بىلىملىك كىشىلەرنىڭ يېتىشىپ چىق-

نىدىشى ۋە قەشقەردە بىلىم تەھسىل قىلغانلارنىڭ تىرىشىشى ئارقىسىدا. كېيىنكى چاغلاردا قەشقەر شەھىرى بۇخارادىن ئاشۇ ئۈستۈنلۈكنى تارتىۋالغان ئىدى. نەتىجىدە چەت ئەللەرگە بېرىپ ئوقۇش ئېھتىياجى بىرقەدەر تۈگەپ، خەلقىمىزنىڭ ئوقۇش، ئىلىم ئېلىش تەشنالىقى بىرقەدەر قاندۇرۇلدى. بۇ يۈكسىلىش يالغۇز قەشقەر خەلقىنىڭ ئەمەس، بەلكى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي، شىمالىي، شەرقىي تەرەپلىرىدىن كەلگەن نۇرغۇن كىشىلەرنى بىلىم ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ھەر يىلى جاي-جايلاردىن كەلگەن مىڭلىغان تالىپلار مەدرىسىلەردە يىل بويى ئىستىقامەت قىلاتتى ۋە چەككەن رىيازەتلىرىگە يارىشا بىلىم ئېلىش يۇرتلىرىغا قايتىشاتتى. «سانى بۇخارا»① دېگەن ئاتاققا ئىگە بولغان قەشقەر شەھىرى ئەنە شۇ ئەنئەنىلىرى بىلەن خېلى دەۋرنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. شۇڭلاشقىمۇ قەشقەر موللىلىرى باشقا يۇرت موللىلىرىغا قارىغاندا ئۈستۈن ھۆرمەتكە ئېرىشتى. ئۇلار ئۆز زامانىسىدا خەلق ئۈچۈن ياخشى تۆھپىلەرنى ياراتقان. يىراقنى ئېلىپ ئېيتقاندا XI ئەسىرلەردە ئۆتكەنلەردىن ئۇلۇغ ئالىم تىلشۇناس مەھمۇت قەشقەرى، مۇتەپەككۇر شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپلار ئەنە شۇنداق تۆھپىكارلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇلارنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق ئەسەرلىرى جاھانغا مەشھۇر بولدى. ئۇي-

① سانى بۇخارا — ئىككىنچى بۇخارا.

خۇر-خەلقى پۈتۈن دۇنيادىكى تۈركلوگلار ۋە دىۋان-
شۇناسلار ئىزدىنىپ تەھلىل، تەتقىق قىلىۋاتقان بىر
نېمىكى ئالىم بىلەن پەخىرلىنىدۇ.

يېقىنقى زاماندىن ئېلىپ ئېيتقاندا، قانچىلىغان
ئالىملار، ئاسترونوملار، تېۋىپلار، يازغۇچى، شائىرلار
يېتىشىپ چىقتى. بۇلار ھېچقانداق چەتنىڭ ياردىمى-
سىز ئۆسۈپ يېتىلدى ۋە ئۆز زامانىسىدا، ئەۋلادلارغا
ئۆلگە بولغۇدەك خەلق ئۈچۈن زور خىزمەتلەر كۆر-
سەتتى. مىر مۇھەممەدى قازى كالان، ئابدۇلقادىر قازى
كالان، موللا ئاخۇن قازى كالان، باھاۋۇددىن مەخسۇم
ئەدە شۇ كىشىلەر جۈملىسىدىندۇر. ئۇلار ئۆز دەۋرى-
دە قەشقەرنىڭ بۈيۈك ئەربابلىرىدىن بولۇپ، كۆپلى-
گەن كىشىلەرنى بىلىملىك قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىق-
قان. يۇرت خەلقىنى باشلاپ، پايتىلاۋىنىڭ بوزەك قىلىش-
لىرىغا، زورلۇقلىرىغا قارشى كۈرەشكەن. مىر مۇھەممەت
قازى كالان «بەدۆلەت»نىڭ ھەربىي ئىستىبداتىغا
بوي ئەگمىگەن بولسا، ئابدۇلقادىر قازى كالان يۈرە-
كلىك بىلەن جان پىدا قىلىپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ قەش-
قەردىكى ئەمەلدارى لى جۇۋىنىڭ زورلۇق ئىشلىتىپ،
خەلقنىڭ مۇقەددەس جايى ھېسابلانغان جامەسىنى بۇت-
خانا قىلىۋېلىشىدىن ساقلاپ قالغان. باھاۋۇددىن مەخ-
سۇم چار روسىيە كونسۇلىنىڭ سوۋغاتقا تارتىشىغا پى-
سەنت قىلماي تېپىشىغا ئۆزىگە تارتىپ يۈزمۇ-يۈز
مۇنازىرىلىشىش ئەسنىسىدە ئۇنى لەت قىلغان. قەشقەر
خەلقى ئۇلارنىڭ بۇ مەردانىلىقىنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ.

«دارازا» (ئۇزۇن-ئېگىز) دەپ ئاتالغان موللا ئاخۇن
قازى كالان، چاررۇسسىيەنىڭ زومىگەرلىك قىلمىشىغا
قارشى باتۇرانە كۈرىشىپ، جازانىخورلۇق، بېسىمدار-
لىق بىلەن خەلقنى قاقشاتقان زوراۋانلارنى قەشقەر-
دىن قوغلاپ چىقارغان... يېقىنقى زامانلاردا ئۇلارنىڭ
ئىزىنى بېسىپ يېتىشكەن مۇنەۋۋەر ئالىملاردىن، ئابدۇ-
قادىر داموللا، ئابدۇۋارىس ئوغلى، شەمسىدىن دامول-
لا، سابىت داموللىلارغا ئوخشاش دىيالىيلار، قۇتلۇق
ھاجى شەۋقىگە ئوخشاش ئەدىبلەر بىر تەرەپتىن ئۆز
خەلقىنىڭ بىلىم ئىقتىدارىنى ئۆستۈرگەن بولسا، يەنە
بىر تەرەپتىن خەلقنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن يۈتۈن يۈ-
رەك قېنى — ئىلمىي ئەمگەكلىرىنى بېغىشلىدى. ئۇلار
تورلۇك ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، خەلقنىڭ بىلىملىك بو-
لۇشىنى ئالغا سۈردى. ئۇيغۇر تىلىدا ئەسەرلەر يېزىپ
ۋە كىتابلىرىنى نەشىر قىلىپ خەلقنى ئويغىتىش، جا-
ھالەت نادانلىقىدىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا تىرىشچان-
لىق كۆرسەتتى. جۈملىدىن قىزلار ۋە ئاياللارنىڭ قەدى-
رىگە يېتىش ۋە ئۇلارنى بىلىملىك قىلىش ئۈچۈن
تىرىشتى. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ «نەسىھەتۇل ئاۋام»،
شەمسىدىن داموللىنىڭ «ئۇلۇمۇل تۈزمۇچەيىسىن»،
سابىت داموللامنىڭ «شەرھىسىن كالام» دېگەن ئەسەر-
لىرى ئەنە شۇ مۇددەتتە يېزىلغان. بۇ ئەسەرلەر
خەلقنى تەربىيىلەش رولىنى ئوينىدى. ئەل ئارىسىدا
يۇقىرى ئابرويى قازانغان بۇ ئالىملار، قەشقەردىكى مەد-
رىسلەردە ئىلىم تەھسىل قىلىپ يېتىشكەندۇر. قەش-

قەر شەھىرىدە مەشھۇر مەدرىسىلەردىن ئەينى زا-
مانىدا ئون نەچچىسى بار ئىدى. بۇ مەدرىسىلەر شە-
ھەرنىڭ كۆچۈم كوچىلىرىغا ئورۇنلاشقان ئىدى. كۆر-
كەملىك، ھەشەمەتلىك جەھەتتە بىر - بىرىدىن قې-
لىشمايتتى. بۇ مەدرىسىلەر گۈزەللىك ئويما. كۆپتۈرمە.
نەقىشلەر چېكىلگەن كاشا بىلەن كۆركەم ياسالغان.
پەشتاق، گۈمبەزلىرى ئېگىز، ھەيۋەتلىك، مۇنارلىرى
كۆركەم بولۇپ شەھەرگە ئالاھىدە گۈزەل تۈس كىر-
گۈزگەن ئىدى.

قەشقەر شەھىرىدىكى مەدرىسىلەر قەشقەرنىڭ ئۆت-
مىشىدە ھۆكۈم سۈرگەن خانلار① ھېكىملار، بەگلەر تە-
رىپىدىن سېلىنغان.

قاراخانىيلار دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن قەشقەر
شەھىرىدىكى «ساچىيە»، دۆلەتباغدىكى «ھامىدىيە»
ئوپالدىكى «ماھمۇدىيە» مەدرىسىلىرى شۇ دەۋرلەردى-
كى مەشھۇر ئالىم، ئەدىب، سەركەردىلەرنى يېتىشتۈرۈپ
چىققان بىلىم باغچىلىرى ئىدى. XIII ئەسىردە بىلىم
يۇرتى بولۇپ گۈللەنگەن ئازنە مەسچىت (چاسا چاپان
بازىرىدىكى)گە قەدەم تەشرىپ قىلغان شەيخ سەئىدى
بۇ يەردە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر تالىپلىرى بىلەن ئۇچى-
رىشىپ ئۇلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىگە
قاپەردىن ئوقۇغان ھەم تېخىمۇ تىرىشىپ

① قاراخانىيلار ھەم يەكەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە خانلار قۇرغان
مەدرىسىلەردۇر.

ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلغان.

سەئىدىيە خانلىرىدىن ئابدۇللاخان نامىدا سېلىنغان «خانلىق مەدرىسە» 400 يىللىق تارىخقا ئىگە، 350 يىللىق تارىخقا ئىگە «ساقىيە مەدرىسە»سى قاتارلىقلار مەشھۇر مەدرىسلەردىن ئىدى. بۇ مەدرىسلەر ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭدىكى ئەڭ ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىناتتى.

ۋاڭلاردىن يۇنۇس ۋاڭنىڭ «ۋاڭلىق مەدرىسە»سى، بېكلەردىن «تاجى ھېكىم بەگ مەدرىسە»سى، «قۇمەر ھېكىم بەگ مەدرىسە»سى، بەگلەردىن قۇربان دورغانىڭ «دوغا مەدرىسە»سى قاتارلىقلار بەدۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ ئالدى - كەينىدە ياسالغان، تارىخى 100 يىلدىن ئاشىدۇ. بايلار تەرىپىدىن ياسالغان مەدرىسلەرمۇ مەلۇم سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە توختى خوجا ياساتقان «كەتىجازا مەدرىسە»سى ۋە «مەدرىسە كەرىمىيە» دەپ ئاتالغان قازانچى مەدرىس قاتارلىقلارمۇ مەشھۇردۇر. بۇ مەدرىسلەر ئۇمۇمەن خەلقنى ئىلىم - مەرىپەتتىن نەپ ئالدۇرۇپ، يۇرتقا ئىلىم نۇرىنى چاچقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن 1000 يىل ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق بىر مەزگىلنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. بۇ مەدرىسلەرنىڭ ئەسىرلەر داۋامىدا مەزمۇت تۇرۇشى، بۇنى ياسىغان بىناكار ئۇستىلارنىڭ بىلىم - ھۈنەر سەنئىتىدە مەزاقنى كۆرەلىگەنلىكى، نەقەدەر ئۇستا ۋە كامىل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

# قەشقەردىكى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى

قەشقەردە XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە كېسەللەرنى
ياۋروپاچە داۋالاش يوق ئىدى. كىشىلەر كېسەللىكلىرىنى
يەرلىك ھۆكۈمالارغا داۋالىتاتتى. تېۋىپ دەپ ئاتىلىپ
كەلگەن ھۆكۈمالار ئۆز قابىلىيىتىگە يارىشا كېسەل-
لەرنى داۋالاپ، خەلقنىڭ تەن ساغلاملىقىنى ئاشۇ-
رۇش يولىدا ئۆز تۆھپىلىرىنى قوشاتتى. جەنۇبىي
شىنجاڭدا بولۇپمۇ قەشقەردە زامانىۋى دوختۇر ۋە
دوختۇرلۇق سايمانلىرى يوق بولۇشىغا قارىماي
يەرلىك ھۆكۈمالار ئوبدانلا رول ئويناپ كەلگەن
ئىدى.

قەشقەر خەلقى يېقىنقى زامان ھۆكۈمالىرىدىن
ھەيدەر ئاخۇنۇم، قاسىم ئۆمەر ھاجىم، سوپى ئاخۇنۇم،
خوجا ئابدۇللاخان، خوجا قادىر ھاجىملار بىلەن
پەخىرلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە سوپى ئاخۇنۇم ھەققى-
دىكى تۈرلۈك تەرىپ ۋە ماختاشلار تاكى ھازىرقى
كۈنلەرگىچە داۋام قىلىپ كەلدى.

سوپى ئاخۇنۇم قەشقەر شەھىرىدىن بولۇپ، ئۇ
ھەيدەر ئاخۇنۇمنىڭ شاگىرتى ئىدى. بۇلار XVII ئەسىر-
نىڭ ئاخىرلىرىدا ياشىغان. تىبابەتچىلىك بىلەن شۆھ-
رەت قازانغان. بۇ كىشىنىڭ داۋالاش ئۇسۇلى «قەدىمىي
لوقمان» سىستىمىسىدا بولۇپ، كېسەل داۋالاشتا قوش-
لارنىڭ ئورگانىزمى، ئۆسۈملۈكلەردىن تەييارلانغان

مۇرىلار بىلەن سانسىز ئېغىر كېسەللەرنى داۋالاپ
ساقايتقان. ئۇ ئىلمىي ئۇچۇمدىن خېلىلا مەلۇماتلىق
بولغانلىقتىن، كېسەللەرنى يۇلتۇزلارنىڭ ھەرىكىتىگە
قاراپ تەكشۈرۈش، كېسەل كىشىنىڭ سىرتقى كەيپىيا-
تىگە قاراپ مۆلچەر قىلىش — ئۇنىڭ داۋالاشتىكى
ئالاھىدىلىكى ئىدى. ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ بۇ تالانت-
لىق ئالىمى توغرىسىدا قىزىقارلىق ھېكايىلارنى
يېتىشىپ كەلمەكتە: بىرقانچە مىسال كەلتۈرەيلى:
بىر كۈنى بىر ئادەم يەنە بىر كېسەل ئادەمنى كۆتۈ-
رۈپ داۋالاتقىلى ئېلىپ كېلىپتۇ. سوپى ئاخۇنۇم كۆرۈپلا:
«مانا بۇ قىزىق! ھايات ئادەمنى ئۆلۈك كىشىنىڭ
كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى قاراڭلار» — دېگۈدەك، سوپى
ئاخۇنۇمنىڭ يېنىدا تۇرغانلار ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە
چۈشەنمەي تۇرغاندا ھېلىقى ئىككى كىشى يېتىپ كەپ-
تۇ. ۋە ھايال ئۆتمەي كېسەلنى كۆتۈرۈپ كەلگەن
كىشى يىقىلىپ تىنماي لا جان بېرىپتۇ. بەدۆلەت سوپى
ئاخۇنۇمنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ماھارىتىنى سىنى-
ماق ئۈچۈن، بىر ئۇزۇن يىپنىڭ ئۇچىنى سوپى ئاخۇ-
نۇمغا تۇتقۇزۇپتۇ ۋە: «ئايالىمنىڭ ساقلىقى يوق،
بۇ يىپ ئارقىلىق تومۇرىنى كۆرۈپ بېقىڭ» دەپتۇ.
سوپى ئاخۇنۇم قولىدىكى يىپنىڭ ئۇچىنى تۇزۇلاپ
تۇتۇپ كۆرۈپ: تەقسىر! «بۇ كېسەلگە كېپەكنى
كۆپ سېلىپ ھەلەپنى ئوبدان بەرگەندىلا ساقىيىپ
كېتىدۇ» دەپ ھۆكۈم چىقىرىپتۇ. ھەقىقەتەنمۇ سوپى
ئاخۇنۇمنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇلغان يىپنىڭ بىر ئۇچى

ئۆيىگە سولاپ قويۇلغان كالىنىڭ مۈڭگۈزىگە باغلاپ
قويۇلغان ئىكەن. مۇتەپەككۇر ئالىمنىڭ ئىچكىرىكى
ئۆيىگە يوشۇرۇپ قويۇلغان ھايۋاننىڭ ئومۇر ھەرىكە-
تىنى يىپ ئارقىلىق بىلىپ، ئۆز لايىقىدا جاۋاب بەر-
گەنلىكىگە ياقۇپ بەگ ئىنتايىن قايىل بولغان. شۇنـ
دىن ئېتىبارەن ئۇنى ھۆرمەتلىگەن. شۇنىڭدەك ئۇ
ئۆزىنىڭ بىر قېتىملىق ئېغىر كېسىلىنى داۋالاپ ساقايتـ
قانلىقى ئۈچۈن سوپى ئاخۇنۇمغا، ھەزرەت(ئاپئاق خوجا)
مازىرىنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك شەيخلىق مەنسىپىنى
ئىنئام قىلغان ۋە تېرىلغۇ زېمىن، باغ-ۋارانلار بېرىپ
ئۆزىنىڭ مەمنۇنلىقىنى بىلدۈرگەن. شۇڭا سوپى ئاخۇن-
نۇم شەيخ دەپمۇ ئاتالغان ئىدى. ئۇ بەدۆلەت ھاكىمـ
يىتىدىن كېيىنمۇ ئۆز ئورنىنى ساقلاپ كەلگەن،
لۇ جى يانىڭ نوغلىنى ئېغىر كېسەلدىن ساقايتقانلىقى
ئۈچۈن، مانجۇ ئەمەلدارلىرىنىڭ ئىنئامىغا ئېرىشكەن
ھەم لۇجويا تەرىپىدىن ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ئىمتىيازلىرى
ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ بېرىلگەن.

سوپى ئاخۇنۇم پۈتۈن ئۆمرىنى خەلقنى داۋالاش
بىلەن ئۆتكۈزۈپ، يۇرتتا زامانىۋى داۋالاش ئەسۋاب-
لىرىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىندۈرمەي، خەلقنى ۋاقىتسىز
ئۆلۈم ۋە كېسەللەرنىڭ ئازابىغا ئۇچراتماي، نۇرغۇن
كىشىلەرنى داۋالاپ، كۆپلىگەن ئېغىر كېسەللەرنى
ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ، ئۆز ئەمگەك تەرى ۋە ئىجادى-
يىتى بىلەن جەمئىيەتكە خىزمەت قىلغان. شۇڭا رىۋا-
يەتلەرگە قارىغاندا، ئۆزىنىڭ ئۆلۈشىدىن بىر نەچچە

كۆپ ئىلگىرى تەييارلىق كۆرۈپ، شاگىرت ۋە يېتىش-
تۈرۈشكە ھەققا بەرمەيچىنچە مۇستەقىل ۋاقتى قالغۇچە
ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرىپ تۇرۇپ جان ئۈزگەن ئىكەن.

سوپى ئاخۇنۇم يەنە روزى ھاجىم، ساقى ئاخۇن ۋە ئابدۇرېھىم ھاجىملارغا ئوخشاش ۋارىسلىرىنى — ئىز-باسارلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن. بۇلار ئۇستازىدىن كېيىن مەشىيەت ساقلىنىشىغا خېلى زور تۆھپىلەرنى قوشتى. سوپى ئاخۇنۇم يالغۇز تىببابەتتە يۈكسەك ئورۇن تۇتۇپلا قالماي، بەلكى ئىلمىي نۇجۇم(يۇلتۇزلار ئىلمى — ئاسترونومىيە)نى ئىگىلىگەن ۋە مەخسۇس يۇلتۇزلار سايمانلىرىنى ياسىغان ھەمدە ئىتقا يۇلتۇز ھەرىكىتىگە قاراپ كۆش كۆرىدىغان ئۆتكۈر ئۇيغۇر ئاسترونومى ئىدى. شۇڭا بۇ كىشىنىڭ نامى ۋە ھۆرمىتى خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ كەلدى.

قەشقەردە يەنە ئۆتكۈر تېۋىپلاردىن قاسىم ئىمىر ھاجىم، ھەيدەر ئاخۇنۇم، خوجا ئابدۇللاخان، قادىر ھاجىملارمۇ بەدۆلەت زامانىدا شۆھرەت قازانغان ھۆكۈمالاردىن ئىدى.

يېقىنقى زامان ھۆكۈمالىرىدىن مۇسا ئاخۇن تېۋىپمۇ ئىخلاسمەنلىرى كۆپ ھۆكۈما ئىدى. ئۇ «تىببىي ھىندى» توسۇلىنى بىلەن كېسەل داۋالايتتى. ئۇنىڭ ياسىغان دورىلىرى ئۆتكۈر بولۇپ، تېز تۈنۈم بېرەتتى. شۇڭا بۇ كىشىمۇ قەشقەردە شۆھرەت قازانغان.

مۇھەممەت ھاجىم بولسا بالىلار كېسەللىكى بويىچە داڭدار ھۆكۈما بولغان. ئۇنىڭ بېرىدىغان دورىلىرى

ئوت - چۆپتىن ياسالغان. ئاددىيراق بولسىمۇ ئۆزىچە
يولىرى ئىدى. مۇھەممەت ھاجىم مول تەجرىبىسى بىلەن
كۆپلىگەن سۆزنەك. شۇنىڭدەك «خانا بازىرى» دەپ ئاتال-
غان تەشمە جاراھەت كېسەللىكىنى داۋالاپ ساقايتقان
ئىدى.

يۈسۈپ ھاجىم، زۇنۇن ئاخۇن، مامۇتخان ھاجىم،
ھەبىبزىخان مەخسۇم ...لار ھازىرقى زامان تېۋىپلىرى-
دىن بولۇپ «تىببىي يۇنان» قائىدىسى بويىچە، نۇر-
غۇن كېسەللەرنى داۋالىغان. 1932 - يىلى فېۋرال،
مارت ئايلىرىدا قەشقەردە يۈز بەرگەن قارا كېزىك
كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلاردىن مىڭلىغان بىمارلار
ئەنە شۇ ھۆكۈمالارنىڭ داۋالىشى بىلەن شىپا تېپىپ،
ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغان.

قەشقەردە ياۋروپاچە داۋالاش XX ئەسىرنىڭ
باشلىرىدا پەيدا بولدى. ئۇنى 1900 - يىللىرى،
ئىنگلىز، رۇس، شۋېتلەر ئېلىپ كىردى. 1930 -
يىلىدىن كېيىن چېگرىدىن قېچىپ ئۆتكەن رۇس دوخ-
تۇرى بېلىيونسكى، ئۆزبېك ھۆكۈماسى موھەممەددىن
مەخسۇملار ئۆز ئالدىغا كېسەل كۆرۈپ، غەربچە داۋا-
لاشقا باشلىدى. شۇندىن باشلاپ قەشقەردە غەربچە
داۋالاشنى ئۆگەنگەن بىر تۈركۈم دوختۇرلار يېتى-
شىپ چىقتى. ئابدۇرۇپ، ئابدۇرەشىت قارى ھاجىم،
ئابدۇقادىر ئاكىلار ئەنە شۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاتاقلىق
دوختۇرلاردۇر.

# قەشقەردىكى بىناكارلىق سەنئىتى

قەشقەر شەھىرى 120 مەھەللىسى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ مەھەللىلەردە 108 مەسچىت، 20 مەدىرىس، 54 ساراي، ئىككى ھاممام (مۇنچا) ۋە شەھەر ئەتراپىدا بىرقانچە ئۇلۇغلانغان مازارلار① بار.

بۇ قۇرۇلۇشلار ھەرقايسى زامانلاردا ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدىن چىققان ھۈنەرۋەن - ئۇستىلارنىڭ ھالاللىق ئەمگىكى بىلەن ياسالغان. بۇ قۇرۇلۇشلار كۆركەملىك، ئاددىي ۋە مۇرەككەپلىك، چوڭ - كىچىكلىك جەھەتلەردە پەرق قىلسىمۇ، بىرقانچە قېتىملىق رېمونت قىلىنغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا بەزىلىرىنىڭ 3—4 يۈز يىلدىن بېرى قەدكۆتۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولىدۇ.

بۇ قۇرۇلۇشلار كۆرۈنۈشتە ئاددىي - سادىدا بولسىمۇ، ياسىلىشىنىڭ كۆركەم، مەزمۇنلۇقى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. ئۇ چاغدا ھازىرقىدەك پولات چىۋىق، سېمونت بىلەن تام قوپۇرۇش ئىشلىرىدىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىنچىلىكى يىراق ئىدى. لېكىن ئۇيغۇر ھۈنەر - سەنئەت ئۇستىلىرى ئۆز مىللىتىنىڭ ئۇزاق يىللىق بىناكارلىق سەنئىتى ۋە ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، ئۆز دىيارىمىزدىن

① قاراخانىلار دەۋرى بىلەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە [illegible] بولغان مەشھۇر شەخسلەرنىڭ دەپنە قىلىنغان گۆرۈزلىرىدۇر.

چىققان ھالدا، كەچ قاتارلىق ماتېرىياللاردىن پايدى-
لىنىپ ۋە تونۇشقا ئىشتىن قوشۇپ، مەزمۇت، كۆركەم
ئۆرۈلۈشلارنى ياساپ چىققان. تۈۋرۈكسىز يېپىلغان
گۈمبەز شەكىللىك تورۇسلار ۋە ئۆگزىلەر ئاددىيغىنە
خىشتىن - كېسەكتىن تام ئۈستىدە 100 يىللاپ ھەتتا
بىرقانچە يۈز يىللاپ قەد كۆتۈرۈپ كۆركەم تۈسىنى
ساقلاپ كەلدى ۋە كەلمەكتە. بوران - چاپقۇن،
يامغۇر - يېشىن، قارلارنىڭ شىددەتلىك زەربىسىگە
بەرداشلىق بېرەلىدى. كېيىنكى چاغلاردا ئېلىمىزگە
زور يالايى - ئاپەت كەلتۈرگەن «مەدەنىيەت زور ئىنقى-
لابى» ۋاقتىدا بۇ قۇرۇلۇشلارنى زورلۇق بىلەن چاقى-
ماقتا ئۆتكۈر پولات ئەسۋابلارمۇ ئۇنى يىمىرىشكە
ئاجىزلىق قىلغان ئىدى. بۇ ئىمارەتلەردە كۆزەللىك
بېغىشلاپ تۈزۈلگەن خۇشرەڭ گۈللۈك خىشلارنىڭ
ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرۇشى، ناۋايىنىڭ
«كاشا سەنئىتىنى ئىگىلىگەن» دېگەن تەبىرىنى ئىس-
پاتلاپ بېرىدۇ. ياغاچ تۈۋرۈكلەرگە، ناۋا، چەكلەر-
گە، ئىشىك - دېرىزىلەرگە چېكىلگەن تۈرلۈك گۈللەر-
مۇ يوق، دېرىزىلەرگە چېكىلگەن نەپىس نەقىشلەر
نامچى - ياغاچچىلىرىمىزنىڭ قانچىلىك ماھارەتلىك
ئىكەنلىكىنى كۆرسەتسە، مۇنارلار، گۈمبەزلەر، پەش-
تاقلارنىڭ كۆركەم، ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشى بىناكارلىق
سەنئىتىمىزنىڭ ئىلمىي ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىدىن
دېرەك بېرىدۇ.

قەشقەرنىڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك قۇرۇلۇشلىرى-

ەدىن بولغان مازار قۇرۇلۇشى قەشقەرنىڭ مۇھىم ئاسارە - ئەتىقىلىرىدىن بىرىدۇر. بۇلار بىر - بىرى-دىن پەرقلىق ھالدا زىننەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگىدۇر.

تۆۋەندە مازار قۇرۇلۇشلىرىدىن ئاپئاق خوجا مازىرىنى تونۇشتۇرىمەن.

ئاپئاق خوجا (ھىدايىتۇللا ئىشان) مازىرى قەشقەر شەھىرى مەركىزى ھېيتگاھ مەيدانىنىڭ شەر-قىي شىمال تەرىپىدىن تەخمىنەن بەش كىلومېتىر يى-راقلىقتىكى جايغا ئورۇنلاشقان بولۇپ، بۇ جاي گۈل - دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان مەنزىرىلىك جايدۇر. بۇ گۈمبەزلىك مازار ئىچىگە سوپىزم مەزھى-پىنىڭ ئاتاقلىق تەرغىباتچىسى ۋە ئاقساقىلى ئاپئاق خوجا دەپنە قىلىنغانلىقتىن، شۇ نام بىلەن «ئاپئاق خوجا مازىرى» دەپ ئاتالغان. يەنە بەزىلەرنىڭ رىۋا-يەتلىرىگە ئاساسلانغاندا بۇ مازارغا ئاپئاق خوجا نەسەبىدىن بولغانلار، چىڭلۇڭ زامانىدا قەشقەر-دىن ئېلىپ كېتىلگەن مەشھۇر ئىپارخان (مەمۇرى گىزىم خېنىم) دەپنە قىلىنغانلىقتىن ئىپارخان مازىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

بۇ مازار 1640 - يىلى ئەتراپىدا ياسالغان. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مازارلارنىڭ بىرى.

ئاپئاق خوجا مازىرىنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇشى— ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىكىگە ئىگە گۈزەل بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ نەمۇنىسىدۇر.

بۇ مازارنىڭ يەر شەكلى ئۇزۇن چاسا، ئالدى
جەنۇب تەرەپكە قاراپ تۇرىدۇ. كىرىدىغان ئىشىكىمۇ
مۇشۇ ئورۇندا بولۇپ، چوڭ ۋە ھەيۋەتلىكتۇر. ما-
زارنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 30 مو ئەت-
راپىدا كېلىدۇ. ئاپپاق خوجا مازىرىنى زىيارەت قىلى-
دىغانلار كىرىدىغان ئىشىكنىڭ ئالدىدا ناھايىتى گۈ-
زەل، ئەتراپى ئېگىز دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان
«شەربەت كۆل»، گويا قىممەت ئاسمان پارچىسىدەك
پارقىراپ تۇرىدۇ. بۇ كۆلنى يانداپ ئۆتۈپ يېرىم
ئاي شەكلى چۈشۈرۈلگەن دەرۋازىدىن كىرىمىز.
دەرۋازىنىڭ شىمال تەرىپىدە ئىنتايىن كۆركەم
ياسالغان مەسچىت بار. كايۋان ھەم خانىقادىن ئىبا-
رەت ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقان بۇ مەسچىت-
نىڭ تورۇسى، تام، تۈۋرۈكلىرى، جەكلىرى ئوخشاش-
مىغان رەڭلەردە سىرلانغان، نەقىشلەنگەن. بۇ نەقىش-
لەر مىللىي بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ نامايەندىسى سۈپى-
تىدە جۇلالاپ تۇرىدۇ.

دەرۋازىدىن مازارغا كىرگۈچە 20 مېتىر ئارىلىق-
تا كۈمبەز قورۇلۇشىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان رىشات-
كىلىق تام بار. ئىشىكتىن كىرگەندىن كېيىنلا نەقىش-
لەنگەن، رەڭدار كاھىشتىن قوپۇرۇلغان كاتتا يۇم-
لاق كۈمبەز ھەيۋەت بىلەن نامايان بولىدۇ. بۇنى
پۈتۈن مازار قورۇلۇشىنىڭ كۆل تاجىسى دېيىشكە
بولىدۇ.

تۆت ئەتراپى چاسا شەكلىدە، ئاستى يۈزىنىڭ

توغرىسى 29 مېتر، ئۇزۇنلۇقى 35 مېتىر كېلىدۇ.
گۈمبەز قۇرۇلۇشىنىڭ تۆت بۇرجىكىدە كۆشاشلا پىش-
ىشىق خىشتىن ياسالغان يۇمىلاق مۇنار بولۇپ، ئۇنىڭ
تۈۋى چوڭ، ئۈستى كىچىك، تۈۋىنىڭ دىئامېتىرى
يەنە 3.5 مېتر كېلىدۇ. بۇ تۆت مۇنارنىڭ ئۇچىدا مې-
ھالدىن ياسىلىپ ئالتۇن ھەل بېرىلگەن يېرىم ئاي
شەكلى چۈشۈرۈلگەن. بۇ مۇنارلارنىڭ يۇقىرى قىسمى-
ىدا سىلىندىرسىمان پەنجىرە شەكلىدە ياسالغان
ئەزان ئېيتىش ئورنى بار.

گۈمبەزنىڭ يەر يۈزىدىن ئېگىزلىكى 26 مېتر-
دىن ئارتۇق. گۈمبەز تېمىنىڭ پۈتۈن يۈزى فار-
فور كۆك، يېشىل پىششىق خىشتىن ياسىلىپ نەقىش
بېرىلگەن، رەڭگارەڭ سۈزەتلەر سىزىلغان. بەزى
جايلىرىغا ئۇيغۇر، ئەرەب، پارس يېزىقىدا ھېكمەت-
لىك سۆزلەر يېزىلغان.

ئاسمان پەلەك ياسالغان گۈمبەزنىڭ ئوتتۇرا
قىسمىنىڭ دىئامېتىرى 17 مېتر كېلىدۇ. ئۇنىڭ
چوققىسىدا يېرىم ئاي شەكلى چۈشۈرۈلگەن سىلىندىر-
سىمان كىچىك مۇنار بولۇپ، خىلمۇ خىل ئويما
نەقىشلىرى بىلەن كۆزنىڭ يېقىنى يەيدۇ.

گۈمبەزنىڭ ئىشىكى جەنۇب تەرەپكە قاراپ
قۇرۇلدۇ. گۈمبەزنىڭ ئىچى كەڭتاشا. ئېگىز ھەم
يورۇق. گۈمبەز ئىچىدىكى بىر تامنىڭ ئىككى بۆلۈ-
كىگە پەلەمپەي ياسالغان. شۇ ئارقىلىق گۈمبەزنىڭ
ئۈستىگە چىقىپ ئەتراپنى تاماشا قىلغىلى بولىدۇ.

گۈمبەز ئوتتۇرىسىدىكى سۇپىدا ئىككى زالىكى، چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان قەبرىلەر قويۇلغان- ئېيتىلىشىچە، بۇ گۈمبەز ئىچىگە ئاپپاق خوجا جەمە-لەتىنىڭ بەش ئەۋلادىغا تەۋە بولغان 72 كىشىنىڭ جەسىتى دەپنە قىلىنغان. ئەمەلىيەتتە قاتۇرۇلغان قەبرىدىن 58 ى بولۇپ، ھەممىسى ھەر خىل رەڭدىكى كاھىش بىلەن يۆزلەنگەن ۋە ئۈستىگە يوپۇق يېپىل-غان. ھەممىسى يالتىراپ تۇرىدۇ. ئەرلەرنىڭ قەب-رىسى چوڭراق، ئايال ۋە بالىلارنىڭ قەبرىسى كىچىك-رەك. گۈمبەز ئىچىدە مۇشۇ نەسەبتىن بىرىنچى ئەۋ-لاد دەپنە قىلىنغۇچى كىشى — ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ 1400 - يىللىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيادا خېلى داڭقى چىققان سوپىزم مەزھىپىنىڭ ئۇستازى مەخدۇم ئەزەم (خوجا ھەسەن كاسانى)نىڭ نەۋرىسى مۇھەممەت يۈسۈپ خوجىدۇر. ئاپپاق خوجا بولسا، مۇھەممەت يۈسۈپ خوجىنىڭ چوڭ ئوغلىدۇر.

ئاپپاق خوجىنىڭ ئەسلى ئىسمى ھىدايىتۇللا، لەقىمى ھەزرەت سىيىدى (پەيغەمبەر ئەۋلادى دېگەن مەنىدە). ئۇ 12 يېشىدا (مىلادى 1633 - يىلى) ئاتى-سىنىڭ قەشقەردىكى ئىشانلىق ئىمتىيازىغا ۋارىسلىق قىلغان. 1679 - يىلى يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنى، جۇڭغار خانلىقىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئاغدۇرۇپ تاش-لاپ پادىشاھ بولغان. ئوغلى يەھيا خوجىنى قەشقەر-نىڭ باش مۇپەتتىشى قىلىپ بېكىتكەن. ئىشانلىق يولىدىكى ئورنى ۋە شۇ چاغدىكى ئەمەلىي ھوقۇق

-قۇۋۇپ پەيدا قىلغان تەسىرى تۈپەيلىدىن ئاپپاق خوجا شۇ چاغدا ۋە كېيىنكى دەۋرلەردە ئاتىسىدىنمۇ بەكرەك ئابرويغا ئىگە بولغان. شۇڭا بۇ مازارمۇ ئاپپاق خوجىنىڭ نامى بىلەن ھازىرغىچە ئاتىلىپ كەلمەكتە.

يۇسۇپ خوجا 1640 - يىلى يەكەندىن قەشقەرگە قايتىش يولىدا يېڭىسارنىڭ توپلۇق دېگەن يېرىدە ۋاپات بولغان. ۋەسىيىتىگە ئاساسەن قەشقەرگە ئېلىپ كېلىنىپ، مۇشۇ مازارغا دەپنە قىلىنغان.

قەبرە دەسلەپتە ئاددىي ياسالغان. كېيىن بىرقانچە قېتىملىق رېمونت قىلىنىشتىن كېيىن ھازىرقى ھالەتكە كەلگەن. گۈمبەز ئىچىدىكى باشقا قۇرۇلمىلار كېيىنكى چاغلاردا داۋاملىق ياسالغان.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى چيەنلۇڭ 1795 - يىلى دۆلەت خەزىنىسىدىن پۇل ئاجرىتىپ، تۈزەتتۈرۈپ، قەبىر قىلىنىشقا بۇيرۇق بەرگەن. بۇنىڭ بىلەن يەدۆلەت خەلقىنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھىيلىگەر چارىسى بىلەن. ئاپپاق خوجا مازىرىنى ئالاھىدە ياساتقان.

گۈمبەز ئىچىدە يەنە «ئىپارخان» دەپ ئاتالغان بىر ئايال مەلىكىنىڭمۇ جەسىتى بار (ئۇنىڭ بار-يوقلۇقى نۆۋەتتە ئېلىمىز ھەم خەلقئارادا تارىخشۇناسلار ئارىسىدا تالاش بولۇۋاتقان، تېخى ھەل بولمىغان مەسىلىدۇر).

بەزى مۇنەججىملەرنىڭ دەلىللەپ بېرىشىچە، تارىخىي رىۋايەتلەردە دېيىلىۋاتقان «ئىپارخان»نى

بىلىق ئەسلى ئىسمى مەمۇرى ئىزىم خېنىم، ئەركىلەت-
مە ئىسمى ئىپارخان ئىكەن. ئۇ 1734 - يىلى تۇغۇل-
غان. (تۇغۇلغاندىن كېيىن بەدىنىدىن خۇش بۇي
كېلىپ تۇرغانلىقى بىلىنگەن. شۇڭا ئىپارخان دەپ
ئاتىغان) بۇ يۈسۈپ خوجىنىڭ 4 - ياكى 5 - ئەۋ-
لاد قىز نەۋرىسى. ئاپئاق خوجىنىڭ ئىنىسى كارا-
مەت خوجىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى ئىكەن.

دېمەك، ھېيتگاھ جامەسى بىلەن ئاپئاق خوجا
مازىرى، قەدىمكى زامان ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئى-
تىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك نەمۇنىلىرىدۇر. ئۇيغۇر ئىس-
لام مەدەنىيىتى دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن
تۈرلۈك بىلىملەر بىلەن بىر قاتاردا ئاسترونومىيە
ئىلمىگىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. مەسچىت،
مەدرىس، مازارلار قۇرۇلۇشلىرىدا ئاسمان گۈمبىزىگە
سىمۋول قىلىپ ئەنە شۇنداق ھەيۋەتلىك قۇرۇلۇش-
لارنى ياساشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغان.

# ئۇيغۇر تارىخىدا يۈز بەرگەن زور ۋەقەلەر يىلنامىسى

## مىلادىدىن بۇرۇن ۋە كېيىن

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئاتا - بوۋىسى بولغان تۇغلۇقلار شەرقىي ۋە غەربىي قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇلار ئالتۇن تاغ (ئالتاي تېغى)نىڭ ئىككى قەرىيىدىكى جايلارغا ئورۇنلاشقان ئىدى. بۇ زېمىننىڭ شەرقىي قىسمى بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىي قەرىيىدە، غەربىي قىسمى بولسا بايقال كۆلى بىلەن ئېرتىش دەرياسى ئارىلىقىدىكى جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

مىلادى IV ئەسىردە تۇغلۇقلار جەنۇبقا پىيادە يۈرۈش قىلدى، شەرقىي تۇغلۇقلار ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىدا، غەربىي تۇغلۇقلار تىيانشاننىڭ شىمالىي ۋە غەربىي قىسمىدىكى يايلاقلاردا كۆچمەنچىلىك تۇرمۇش كەچۈردى. بۇ چاغقا كەلگەندە تۇغلۇقلار دېگەن نامنىڭ ئورنىنى ئۇيغۇرلار دېگەن نام ئىگىلىدى. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ھارۋىسىنىڭ چاقى ئېگىز بولغانلىقتىن، ئېگىز قاڭقىللار (ئېگىز ھارۋىلىق

لار) دەپمۇ ئاتالدى. ئۇن ئۇيغۇز دېگەن نام بارـ لىققا كەلدى. ئېگىز قاڭقىللارنىڭ بىر قىسمى سىلېنـ گا دالاسىدا ياشىدى.

## مىلادىنىڭ 429 - يىلى

بايقال كۆلى ئەتراپىدىكى ئېگىز قاڭقىللارنىڭ شەرقىي قىسمىدىكىلەردىن نەچچە ئون مىڭ كىشى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە تەۋە بولدى. (تۇبا هاكىمىيىتى)

## مىلادىنىڭ 487 - يىلى

ئېگىز قاڭقىل بوركلى ئەبىلمىسىنىڭ باشلىقى ئاۋۇزلۇ چىرگېملار. ئۆز قەۋمىدىن 100 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ ئېگىز قاڭقىللارنىڭ غەربىي شىمالىغا كۆچۈپ بېرىپ، ئۆز ئالدىغا خانلىق تىكلىدى.

## مىلادىنىڭ 490—508 - يىللىرى

مىلادى 490 - يىلى ئاۋۇزلۇ سودىگەر خۇيخۇ چىنى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پايتەختىگە ئەۋەتىپ ئېپكى دانە ئوقيا تەقدىم قىلدى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ئۇنىڭ كۆچ قۇۋۋىتىنى ۋە سەمىمىـ

ھېلىمۇ كۆزىتىش ئۈچۈن يوق ئىسمىلىك ئادىمىنى ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. شۇندىن باشلاپ ئېگىز قاڭقىل-لار بىلەن ۋېي سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى باردى - كەلدى كۈچەيدى.

ئېگىز قاڭقىللارنىڭ پادىشاھى ئاۋۇزلۇ دەھ-شەتلىك تۈردە ئۆلتۈرۈلۈپ، ئورنىغا ئۇنىڭ جەمەت-ىدىن بولغان بالىيان خان قىلىپ تىكلەندى. مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن ئىفتالىتلار ئېگىز قاڭقىللارغا جازا يۈرۈشى قىلىشنى مىڭاتقا تاپشۇردى. ئېگىز قاڭقىل-لار بالىياننى ئۆلتۈرۈپ ئۇنىڭ ئورنىغا مىڭاتنى تىكلىدى. مىڭات تەختكە چىققاندىن كېيىن شىمالىي ۋېي سۇلالىسى پادىشاھىغا زىيارەت قىلىشقا ئادەم ئەۋەتىپ بىر كاللەك ئالتۇن، بىر كاللەك كۈمۈش، ئىككى دانە ئالتۇن ھاسا، يەتتە ئات، ئون تۆگە تەق-دىم قىلدى. شىمالىي ۋېي پادىشاھى مىڭاتقا 60 توپ تاۋار - دۇردۇن سوۋغا قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا مىڭات ھارىكۆلنىڭ شىمالىدا جوۋجانلارنىڭ تاغان قاغان بىلەن جەڭ قىلدى. جوۋجانلارنىڭ قاغانى تاغان يېڭىلىپ غەربكە قاراپ 300 چاقىرىمدىن ئارتۇق يول يۈرۈپ لەشكەرلىرىنى ئۇيغۇرغولنىڭ شى-مالىدىكى تاغلىق رايونغا ئېلىپ كەلدى. 508 - يى-لى شىمالىي ۋېي پادىشاھى ئىلىق ۋېن 3000 ئادەم-نى باشلاپ قاڭقىللار پادىشاھىنىڭ ئالدىغا چىقىشقا ئەۋەتتى. ئۇلار ئۇيغۇرغولغا يېتىپ بارغاندا، تاغان قاغان بۇ لەشكەرلەرنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ قېچىپ

كەتتى. ئەنگان بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ قاتتىق زەربە بەردى. ئاناغان قاغاننى ئۇرغۇلنىڭ شىمالىدا ئۆلتۈردى.

### مىلادىنىڭ 516—525 - يىللىرى

مەڭگان جورجانلار باشلىقى كون بىلەن بولغان ئۇرۇشتا يېڭىلىپ ئۆلتۈرۈلەدى. ۋەي سۇلالىسى بىلەن ئالاقىلار داۋاملىق ئۆزئارا سوۋغا - سالام يوللىشىپ تۇردى.

### مىلادىنىڭ 603 - يىلى

تۈرك بۇقا (تاردۇش) قاغان تەۋەسىدىكى قەبىلىلەر كەڭ تۈردە قالايمىقانچىلىق چىقاردى. تورا، بۆكە قاتارلىق ئون نەچچە قەبىلە قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. بۇقا قاغان ئۇيغۇرلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. بۇ چاغدا ئۇيغۇرلار تورالارنىڭ بىر قىسمى سۇيېتتە تۇغلا دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى جايلاردا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇلار، بۆكە، تۇڭرا، بايىرغۇ، پۇلۇ قاتارلىق قەبىلىلەر بىلەن بىرلىشىپ تۈركلەرنىڭ زۇلمىغا قارشى قوزغىلىپ چىقتى. ئۇلارنىڭ باشلىقى «تېكىن» دەپ ئاتالدى.

غەربىي تۈركلەرنىڭ باشلىقى كۆل قاغان لەشكەر تارتىپ چىقىپ، تورالارنىڭ بىرقانچە قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلدى ھەم ئۇلاردىن نۇرغۇن ئالۋاڭ-ياساق ئالدى. شۇنداقلا ئالتۇن تاغنىڭ غەربىي جەنۇبىدا ياشاۋاتقان تورالاردىن بولغان سىر تاردۇشلاردىن گۇمانلىنىپ، ئۇلارنىڭ بەگلىرىدىن بىرنەچچە يۈز كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن تورا قەبىلىلىرى غەربىي تۈركلەرگە قارشى تۇرۇپ، ئىلتەبەر تېگىن قالسىن ئىتمىش باغاتۇ قاغان قىلىپ تىكلىدى ۋە سىر تاردۇش تېگىن ئىسبارا يىتتانىمۇ كىچىك قاغان قىلىپ تىكلەپ، كۆل قاغان بىلەن جەڭ قىلدى. بىرنەچچە قېتىم زەربە بەردى.

باغا قاغان ناھايىتى باتۇر بولۇپ، كىشىلەرنىڭ قەلبىگە ياقاتتى. شۇنداق بولغانلىقتىن ئىشىرغول، قوچۇ، كىنكىت (قارا شەھەر) ئايماقلىرى ئۇنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتتى. (شۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇيغۇرلار خەنزۇچىدا «ۋۇى خې» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە «خۇي خې» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى) باغا قاغان ئۆزىنى تېگىن دەپ ئاتىدى. كۆپچىلىك ئۇنى باشلىق قىلىپ سايلىدى. سىر تاردۇشلارنىڭ شىمالىي رايونىدىكى جىيسۇلىڭ دەرياسى ۋادىسىدىن چاڭئەنگە 6900 چاقىرىم كېلىدىغان يەردە شۇ ۋە ئوت (چۆپ) قوغلىشىپ ياشىدى. لەشكەرلى

### مىلادىيىنىڭ 627 - يىلى

تېكىننىڭ ئوغلى بوت ساتۇا جەڭ قىلىشتا پالۋان، ماھىر ئىدى. تېكىن ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار بوت ساتۇانى قاغان قىلىپ تىكلىدى. ئۇ تەخمىنەن 616 - يىلدىن 636 - يىلغىچە قاغان بولدى.

بوت ساتۇا قاغانلىقتا ئولتۇرغان يىلى 5000 ئاتلىق چەۋەندازلارنى ياپىلى تېغىدا باشلاپ بېرىپ، شەرقىي تۈركلەر باشلىقى يوكوشىنىڭ 10 مىڭ ئاتلىق لەشكىرىگە قارشى جەڭ قىلدى. ئۇلارنى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. تۇغلا دەرياسى ۋادىسىدا باركام قۇرۇپ، ئۆزىنى ئىلتەبىر (قەھرىمان) ئاتىدى. شۇندىن ئارتىپ ئۇيغۇرلار قۇدرەت تېپىشقا باشلىدى.

### مىلادىيىنىڭ 630 - يىلى

ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۆز ئارا سوۋغا - سالام، قارتۇق قىلىشقا باشلىدى.

### مىلادىيىنىڭ 646 - يىلى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقساقىلى تۇمىت (كەخەمشەن 636—648) بولۇپ، توغرا قاتارلىق قەبىلىلەر بىلەن

قىلىشىپ سىر تاردۇش قاغاننى قاتتىق مەغلۇبىيـ
ەتكە ئۇچراتتى. ئارقىدىنلا ئۇلار يانا خىلەن تېغىـ
دىن ئۆتۈپ، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىي ساھـ
ىلىگە قەدەر بېرىپ، خانغا سوۋغا يوللاپ ئەلچى ئەـ
ۋەتتى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەيزۇڭ پادىشاھى ئۇلـ
ۇغا كەلدى ۋە ئۇيغۇر قەبىلە باشلىقلىرى بىلەن
كۆرۈشتى. كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ ئۇلارنى مېھمان
قىلدى. قەبىلە ئاقسۆڭەكلىرىدىمۇ چاڭئەنگە بېرىپ خان
بىلەن كۆرۈشتى.

## مىلادىنىڭ 647 - يىلى

تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلار رايونىدا بايقال تۇـ
تۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ ئۇيغۇر ئېلتەبىر
تومىتقا «مەرىپەتلىك ئۇلۇغ سانغۇن» (گېنېرال) نى،
بايقال تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ دوروسى نامىنى تەقـ
دىم قىلدى، ئالتۇن خەتلىك ئالتۇن بېلىق دەستىـ
گىنى بەردى. سېرىق كىمخاب تون، خەنجەر، ئۈنـ
چە - مارجانلارنى ئارتۇق قىلدى.

بۇ چاغدا تومىت ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتاپ تۈركـ
لەرنىڭكىگە ئوخشاش مەنسەپ تۈزۈمىنى ئورنىتىپ،
ئالتە نەپەر تاشقى ياپقۇ (ۋەزىر)، ئۈچ نەپەر ئىچكى
ياپقۇ، سانغۇن قاتارلىق مەنسەپدارلارنى تەيىنلىدى.
تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى تەيزۇڭ ئۆزئارا ئالاقىغا
قولاي بولسۇن ئۈچۈن ئۇيغۇرلار جايلاشقان رايونـ

نىڭ جەنۇبى ۋە تۈركلەر تۇرغان رايونىنىڭ شىما-
لىدا يەنى ئۆتۈكەن تېغىنىڭ جەنۇبىدىن تاغنىڭ
شىمالىدىكى يەتتە بۇلاق ئارىلىقىدىكى جايلارنى
بويلاپ 68 داكىچى (پوچتا) بېكىتى قۇرۇشنى ئوتتۇ-
رىغا قويدى. بۇنىڭغا ھەر ئىككى تەرەپ قوشۇلدى.

## مىلادىنىڭ 648 - يىلى

تومەت ئۆزىنىڭ جىيەنى ئوغۇز تەرەپىدىن ئۆل-
تۈرۈلدى. تومەتنىڭ ئوغلى بايان دادىسىنىڭ ئور-
نىغا خان بولدى.

## مىلادىنىڭ 651 - يىلى

غەربىي تۈركلەرنىڭ باشلىقى سابىلىق قاغان
(ئاسىنا ئالپ) بەشبالىققا ھۇجۇم قىلدى. جىسكىلنىڭ
ۋە بارىكۆللەرگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ بىرنەچچە
ئادەمنى ئۆلتۈردى.

تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى كاتتا سانغۇن ليياڭ
جەنناڭ، چوبە قاتارلىقلارنى 30 مىڭ ئەسكەر بىلەن
ئەۋەتىپ غەربىي تۈركلەر بىلەن جەڭ قىلدى. ئۇيە-
غۇر قاغانى بايان 50 مىڭ ئاتلىق چەۋەنداز بىلەن
ياردەملەشتى.

## مىلادىنىڭ 661 - يىلى

ئۇيغۇر خاقانى بايان ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ

ئورنىغا ئوغلى بىلگە تېگىن (681—661) قاغان بولدى.

## مىلادىنىڭ 663 - يىلى

تاڭ سۇلالىسى يەنزەن دۇخۇ مەھكىمىسىنى خەنخەي دۇخۇ مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتتى. مەھكىمىنىڭ ئورنى ئۇيغۇرلار رايونىدا بولۇپ قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئايماق مەھكىمىلىرىنىڭ ھەممىسى خەنخەي دۇخۇ مەھكىمىلىرىگە قارايدىغان بولدى.

## مىلادىنىڭ 669 - يىلى

تاڭ سۇلالىسى خەنخەي دۇخۇ مەھكىمىسىنى ئەنبېي شىمالىي دۇخۇ مەھكىمىسى قىلىپ ئۆزگەرتتى.

## مىلادىنىڭ 680 - يىلى

ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانى بىلگە تېگىن ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا دۇكتىڭ تېگىن (دۇجىزى) قاغانلىققا ئولتۇردى (715—680).

## مىلادىنىڭ 715 - يىلى

قاغان دۇكتىڭ تېگىن ئالەمدىن ئۆتتى. ئورنى-

-غا ئوغلى ۋۇكتىنىڭ تېكىن قاغان بولدى.

## مىلادىنىڭ 719 - يىلى

قاغان ۋۇكتىنىڭ تىكىن ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى چىلىڭ زوڭ قاغان بولدى.

## مىلادىنىڭ 727 - يىلى

قاغان چىڭزوڭنى لياڭبو ئايمىقىنىڭ دودوسى ئۇۋاڭ جۈنچۇ پادىشاھقا چېقىشتۇرۇپ، ئۇھەمەت چاپ- لاپ گۇاڭشىنىڭ شاڭجى ناھىيىسىگە سۈرگۈن قىل- دى-ئۇ شۇ يەردە ئۆلدى. چىلىڭ زوڭنىڭ ئەۋلادى خوشو ئۆز لەشكەرلىرىنى باشلاپ بېرىپ ۋاڭ جۈن- چۈنى ئۆلتۈرۈپ، ئەنشىدىكى بەگلىكلەرنىڭ تارتۇق قىلىپ بارىدىغان يولىنى ئېتىپ تاشلىدى.

## مىلادىنىڭ 742 - يىلى

ئۇيغۇرلار باسمىل، قارلۇقلار بىلەن بىرلىشىپ تۈركلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ قاغانى ئۇتلۇق ياپغۇنى ئۆلتۈرۈپ، باسمىللارنىڭ باشلىقى شىيەد بېھخەنى قاغان قىلىپ تىكلىدى.
ئۇيغۇرلار، باسمىللار ئۆزلىرىنى ئوڭ قاناتى، سول قانات ياپغۇ دەپ ئاتاشتى. ئارقىدىنلا تۈرك-

قولىنىڭ باشلىقى ئۇتمىس قاغانغا زەربە بېرىپ، ئۇ-
نىمۇ قوغلىۋەتتى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقساقىلى (ياپغۇسى)
كول بىلگە خۇشۇننىڭ ئوغلى قاغان بولدى.

## مىلادىنىڭ 744 - يىلى

ئۇ كول بىلگە باسمىللارنى مەغلۇپ قىلىپ ئۆزى-
نى قۇتلۇغ كول بىلگە قاغان دەپ ئاتىدى. ئۇيغۇ-
رلار ھاكىمىيىتى ئۆتۈكەن تېغى بىلەن ئورخۇن
دەرياسى ۋادىسىدىكى جايلارغا تىكىپ ئوردا قۇردى.
شۇ يىلى غەربتە تۈركلەرنىڭ بۇرۇنقى جايلىرىدا
قەدەر بولغان يەرلەرنى ئىگىلىدى. ئەۋۋەلكىدە ياغ-
لاقار قاتارلىق توققۇز ئۇرۇق بار ئىدى. كېيىن
بەنە باسمىل، قارلۇقلار قوشۇلۇپ جەمئىي 11 قەبى-
لە كۆپەيدى. بۇ ھەرگىز ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپەيگەن-
لىكى ئىدى.

## مىلادىنىڭ 745 - يىلى

كول بىلگە قاغان تۈركلەرنىڭ ئاقساقال قاغا-
نىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ زېمىنىنى ئىگىلىدى. بۇ مەز-
گىلدە ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنى كېڭىيىپ شەرقتە شىۋ-
ىغىچە، غەربتە ئالتۇن تاغ (ئالتاي تېغى)غا بېرىپ
يەتتى. جەنۇبتا چۆل قۇملۇقنى ئىگىلەپ، بۇرۇن-
قىلار ياشىغان يەرلەرنى ئىگىلىدى.

## مىلادىنىڭ 747 - يىلى

كول بىلگى ئالەمدىن ئۆلتتى. ئورنىدا قوغلى مۇيۇنچور قاغان بولدى. (747—759) «قالى قاغان»، تولۇق نامى «ئۆلۈغ تەڭرىدىن بولمىش قۇتلۇق بىلگى ئالىپ قاغان» دەپ ئاتالدى. ئۇ باتۇر، ھەربىي ئىشلارغا ماھىر ئىدى. شۇ يىلى ئۇ تاڭ پادىشاھىغا ئەلچى ئەۋەتتى.

## مىلادىنىڭ 756 - يىلى

تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ئۇيغۇر قاغانىدىن ياردەم سوراپ، دۈڭخۇاڭ ئايمىقىنىڭ ۋاڭى چىڭسەن قاتارلىقلارنى ئەۋەتتى، ئۇيغۇر قاغانى چىڭ سەينى خوتۇنلۇققا ئالدى ۋە تاڭ سۇلالىسى بىلەن قۇدىلىشىش ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتتى. پادىشاھ سوزۇڭ ئۇيغۇر خوتۇنغا بىلگى مەلىكە نامىنى بەردى.

## مىلادىنىڭ 757 - يىلى

ئۇيغۇر قاغانى شاھزادە ياپغۇنى 4000 ئاتلىق ئەسكەر بىلەن ئەنلۇشەن، شىشىمىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتىش ئۈچۈن ياردەمگە ئەۋەتتى. شاھزادە ياپغۇ چاڭئەن، لوياڭلارنى توپىلاڭچىلارنىڭ قولىدىن تاڭ سۇلالىسىغا ئېلىپ بەردى. پادىشاھ سوزۇڭ

كىچىك قىزىنى ئەلنى تىنچىتىش مەلىكىسى دەپ ئۇيغۇر قاغانىغا ياتلىق قىلدى. قالى قاغان بۇ مەلىكىگە «قاتۇن» ئۇنۋانىنى بەردى. شۇنىڭ بىلەن سۈزۈك تارىختىن بۇيانقى پادىشاھلار ئىچىدە ئۆز تۇغقان قىزىنى قوشنا ئەل پادىشاھىغا ياتلىق قىلغان پادىشاھ بولۇپ قالدى.

## مىلادىنىڭ 759 - يىلى

قالى قاغان ئالەمدىن ئۆتتى. ئورنىغا 2 - ئوغلى ئىشەن قاغان ۋارىسلىق قىلدى. ئۇ بوكۇ قاغان دەپ ئاتالدى. ئۇنىڭ خوتۇنى بۇكىمە «شەپقەتلىك قاتۇن» دەپ ئاتالدى.

## مىلادىنىڭ 762 - يىلى

بوكۇ قاغان لەشكەر چىقىرىپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ سى چاۋىي توپىلىڭىنى تىنچىتىپ لوياڭ ۋە شىبىي قاتارلىق جايلارنى قايتۇرۇپ ئېلىشقا ياردەملەشتى.

## مىلادىنىڭ 763 - يىلى

ئۇيغۇرلار رايونىدا مانى دىنى تارقالدى.

## مىلادىنىڭ 769 - يىلى

تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى شەيقەتلىك بۇگە خېنىمنى چوڭقۇي ئەلىگە دەپ ئاتاپ، بوگو قاغانىغا ياتلىق قىلدى. بوگو قاغان ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ تاڭ سۇلالىسى پادىشاھىنىڭ ئىككى قىزىنى خوتۇنلۇققا ئالدى.

## مىلادىنىڭ 779 — يىلى

بوگو قاغاننى ئۆزىنىڭ ۋەزىرى تون باغا تارقان ئۆلتۈرۈۋەتتى. تون باغا تارقان ئۆزىنى قۇتلۇق بىلگە قاغان دەپ ئاتىدى.

## مىلادىنىڭ 780 - يىلى

تاڭ سۇلالىسى تون باغانى ئادالەتلىك تۆھپىكار قاغان دەپ ئاتىدى.

## مىلادىنىڭ 788 - يىلى

پادىشاھ رېزوڭ قىزى جەنئەننى ئۇيغۇر قاغانىغا ياتلىق قىلدى. ئۇيغۇر قاغانى تاڭ سۇلالىسى پادىشاھىغا مەكتۇپ يېزىپ ئۇيغۇر دېگەن نامنى — چەرۋاز قىلغان شۇڭقاردەك چبۋەر، باتۇر دېگەن خەت بىلەن

ھۇيخۇغا ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلدى. تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى ئۇيغۇرلارنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدى. ئۇيغۇر قاغانىنى «قۇتلۇق ئۇزاق ئۆمۈرلۈك، تەڭرىگە يېقىن بىلگە قاغان» دەپ ئاتىدى. قاغاننىڭ مەلىكىسىنى ئەقىل - پاراسەتلىك ئۇزاق ئۆمۈرلۈك ۋاپادار قاتۇن دەپ ئاتىدى.

## مىلادىنىڭ 789 - يىلى

تون باغا قاغان ئالەمدىن ئۆتتى. ئورنىغا ئوغلى دولاس قاغان بولۇپ پان تىكىن دەپ ئاتالدى. تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى ئۇنى «ئاي تەڭرىدە بولمىش قۇتلۇق بىلگە قاغان» دەپ ئاتىدى. توبۇتلار، شاتو، قارلۇق، ئاق تۈركلەر بىلەن بىرلىشىپ بەشبالىققا ھۇجۇم قىلدى. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ۋەزىرى ئىل ئۆگىسى لەشكەر تارتىپ چىقىپ ياردەم بەردى.

## مىلادىنىڭ 790 - يىلى

دولاس باغا قاغانى خوتۇنى زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئىنىسى قاغان بولغان ئىدى. ئۇنىمۇ مۇۋەققەت ۋەزىر ئۆلتۈرۈۋەتتى. شۇنداق بولسىمۇ، دولاسنىڭ ئوغلى چورتىكىن 15 يىل قاغان بولدى. مۇشۇ دەۋردە تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى ئات سودىسىدا قېپقالغان پۇل ئۈچۈن 300 مىڭ توپ

تاۋار - دۇردۇن تاپشۇردى. ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەزىرى ئىل ئىگىسى تۇبۇتلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. بەشبالىق قولدىن كەتتى. قارلۇقلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھۇجۇم قىلىپ ئوتوگەن تېغىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بويىنى ئىگىلىۋالدى. ئۇيغۇر قەبىلىلىرى جەنۇبقا كۆچتى. كۆچ قۇۋۋىتى ئاجىزلاشتى.

## مىلادىنىڭ 791 - يىلى

ئۇيغۇر قوشۇنلىرى تۇبۇتلارنى لىمجۇ ۋە بەشبالىقتا مەغلۇپ قىلدى. تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئەسىرگە چۈشكەن تۇبۇت باشلىقىنى تەقدىم قىلىپ بەرلىشتى نىيىتىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

## مىلادىنىڭ 795 - يىلى

ئاچور تېكىن ئالەمدىن ئۆتتى ۋەزىر ئادىز قۇتلۇق قاغان بولدى. تاڭ سۇلالىسى ئۇنى «تەڭرىدىن بولمىش قۇتلۇق بىلگە ئىناۋەتلىك قاغان» دەپ ئاتىدى.

## مىلادىنىڭ 801 - يىلى

قۇتلۇق بىلگە قاغان ۋاپات بولدى. تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭ ۋارىسىنى «تەڭرىدىن بولمىش كۈچلۈك

بىلگى قاغان» دەپ ئاتىدى (805 — 808).

## مىلادىنىڭ 806 - يىلى

ئۇيغۇرلار مانى دىنىنى تاڭ سۇلالىسى تەۋەسىگە تارقاتتى.

## مىلادىنىڭ 808 - يىلى

تەڭرى قاغان ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئورنىغا «ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ كۈلۈگ بىلگە قاغان» دەپ ئاتالغان ئاي تەڭرىدە قاغان چىقتى. «توققۇز ئۇيغۇر بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»دا، بۇ كىشىنىڭ تۆھپىلىرى ماختىلىدۇ. ئۇ قاغان بولغان مەزگىلدە ئۇيغۇرلار تۈبۈتلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، بەشبالىق، كۇسەن قاتارلىق جايلارنى قايتۇرۇۋالغان. ئۇنىڭ قوشۇنلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا قەدەر بېرىپ يەتكەن.

## مىلادىنىڭ 821 - يىلى

ئاي تەڭرىدە قاغان ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىسى جۈجى بىلگە قاغان بولدى. تاڭ سۇلالىسى خاندانلىقى پادىشاھ قىزىنى يەنە بىر قاغانغا ياتلىق قىلىپ ئۇنى ۋاپادار، گۈزەل، ئەقىللىك، ئۇزاق ئۆمۈرلۈك قاتۇن دەپ ئاتىدى.

## مىلادىنىڭ 824 - يىلى

يەزىلەتىلىك قاغان ۋاپات بولدى، ئۇنىڭ ئورنىدا ئىنىسى خۇشال تىكىن قاغان بولدى. تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى ئۇنى «تەڭرىدىن بولمىش قانىدە - يوسۇنلۇق بىلگە قاغان» دەپ ئاتىدى.

## مىلادىنىڭ 827 - يىلى

تاڭ سۇلالىسى ۋىنزوڭ پادىشاھ ئۇيغۇر ئېلىگە 500 مىڭ توپ تاۋار سىزاج (باج) تاپشۇردى.

## مىلادىنىڭ 832 - يىلى

قانىدە - يوسۇنلۇق قاغاننى ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئورنىدا ئوغلى خۇ تىكىن قاغان بولدى.

## مىلادىنىڭ 833 - يىلى

تاڭ پادىشاھى خۇ تىكىننى «ئاي تەڭرىدىن بولمىش كۈچلۈك بىلگە ئىناۋەتلىك قاغان» دەپ ئاتىدى.

## مىلادىنىڭ 839 - يىلى

ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ۋەزىرى ئەيغۇقا بىلەن چە-

...تېكىن تۇپىلاڭ كۆتۈرۈشنى قەستلىگەن ئىدى.
...ۋەتلىك قاغان ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇ چاغدا
...زىر قارا بۇلۇت لەشكەرلىرى بىلەن سىرتتا ئىدى.
...نىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ قاغانغا ھۇجۇم
...لدى. قاغاننىڭ لەشكەرلىرى مەغلۇپ بولدى. قاغان
...نى ئۆلتۈرۈۋالدى. قاسا تېكىن قاغان بولدى
(8... — 840). شۇ يىلى ئۇيغۇر ئېلىدە ۋابا كېسەللىكى
...الدى. قاتتىق قار يېغىپ ئاپەت بولۇپ ئېغىر
...كچىلىك يۈز بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر دۆ-
... زەئىپلەشتى.

## مىلادىنىڭ 840 - يىلى

ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ سانغۇنى كۈل باغا قىرغىزلار-
...نىڭ 100 مىڭ ئاتلىق ئەسكىرىنى باشلاپ كېلىپ ئۇي-
...ۋ خانلىقىغا ھۇجۇم قىلدى ۋە قاغاننى ئۆلتۈردى.
...دا بارگاھلىرىغا ئوت قويۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن
...غۇر قەبىلىلىرى قېچىپ تارقىلىپ كەتتى. ئۇيغۇر-
...نىڭ ۋەزىرى پاسا تېكىن جىيەنى پان تېكىن قاتار-
...لىق ئاكا-ئۇكا بەش كىشى 15 قەبىلىنى باشلاپ،
...ۋىشكى قارلۇقلارغا قاراپ يول ئالدى، بىر تارمىقى
...سۇتلارغا ئەل بولۇپ كەتتى.

## مىلادىنىڭ 841 - يىلى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئوردا بارگاھىغا يېقىن 13 قەبى-

لىسى ئۈچ تېكىنىنى ئۆگە قاغان قىلىپ تىكلەپ (841 — 846) جەنۇبتىكى سۇرسەن تېغىنى ئىگىلەپ تۇردى. ئالتە ئۇلاسى بولارغا ئەنۇۋنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى.

## مىلادىنىڭ 846 - يىلى

ئۆگە قاغاننىڭ قەۋملىرىدىن باشقىلارغا ئەل بولۇپ، توخلاپ، ئاچ قېلىپ ئۆلۈپ، ئاران 3000 مىڭدەك ئادىمى قالدى. ۋەزىر تۇجۇر ئۆگە قاغاننى ئالتۇن تاغدا ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئەنان تېكىن قاغان بولدى.

## مىلادىنىڭ 848 - يىلى

ئەنان قاغان شىرۋىلارنىڭ خانى شۇ شىلاگدىن ئوزۇق - تۈلۈك تەلەپ قىلدى. يوجونىڭ ئۈتۈق ھراۋۇلى (ساتراپ بېگى) جاڭ جىڭۇ شىرۋىلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. ئۇيغۇرلار ئوزۇق - تۈلۈكسىز قېلىپ كۈندىن - كۈنگە ئازىيىپ ئارقىلىپ كەتتى. قېپقالغان ھەرتىمۇىلىكلەردىن 500 گە يېقىن كىشى شىرۋىلارغا بېقىندى. يەتتە ئورۇق شىرۋىلار، بۇ ئۇيغۇر قەۋملىرىنى بۆلۈشىۋالدى. قىرغىزلارنىڭ ۋەزىرى ئابۇ 70 مىڭ ئەسكەرنى باشلاپ كېلىپ شىرۋىلارنى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. قېپقالغان ئۇيغۇر قېرىن-

ۋاھىلىرىنى قايتۇرۇۋېلىپ قۇملۇقنىڭ شىمالىغا يورۇل-
تۇردى.

## مىلادىنىڭ 866 - يىلى

ئۇيغۇرلارنىڭ باشلىقى بوقۇ تېكىن بەشبالىق
...تىن تۇبۇتلارغا زەربە بېرىپ، بۇلارنىڭ بىر-
... قەلئەلىرىنى ئىشغال قىلدى. تۇبۇت سەركەردىسى
كۆگۈرنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ
پايتەختىگە ئەۋەتىپ بەردى.

... مىلادىنىڭ 840 - يىلىدىن كېيىن غەربكە كۆچ-
كەن ئۇيغۇر قارلۇقلىرىنىڭ بىر قارىمىقى يەرلىك
... قەبىلىلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئۇيغۇرلارنىڭ
... سۇلالىسى — قاراخانىلار سۇلالىسىنى قۇردى.
(مىلادىي 870 - يىلى) دەسلەپتە ئۇلار ئوردا بارس-
...نى قوز ئوردىدا قۇردى. كېيىن بالاساغۇن
...نى قەشقەرنى پايتەخت قىلىپ بېكىتتى. بۇ سۇلا-
...نىڭ قۇرغۇچىسى بىلگە كۆل قادىرخان ئىدى. قوش
...لىق تۈزۈمىنى قوللىنىپ، پادىشاھنىڭ چوڭ ۋە
... ئوغۇللىرى سۇلالىنى ئىككىگە بۆلۈپ باشقۇردى.
بىلگە كۆل قادىرخان ئۆلگەندىن كېيىن، چوڭ
...لى بازىر چوڭ خان بولۇپ بالاساغۇندا تۇردى.
... ئوغلى ئوغۇلچاق قادىرخان دەسلەپتە تالاستا
...ردى، كېيىن قەشقەرگە كۆچتى. بازىرنىڭ 2 - ئوغلى
... ئىدى. ئۇ سامانىلار سۇلالىسىنىڭ شاھزادىسى

ئەبۇ ناسىر بىلەن ئۇچرىشىپ مۇھەممەدنىڭ بۇرۇن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى. X ئەسىرنىڭ 20 - ، 30 - يىللىرىدا ئوغۇلچاق قادىرخاننى مەغلۇپ قىلدى، قەشقەرنى ئىشغال قىلىپ، ئۆزىنى ئابدۇكېرىم سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان دەپ ئاتىدى (942 — 955).

شاھزادە پان تېگىن باشچىلىقىدىكى 15 قەبىلە تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى قارا شەھەرگە ماكانلاشتى. مىلادى 850 - يىلى پان تېگىن ئۆزىنى قاغان ئېلان قىلىپ تارىختا مەشھۇر بولغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇردى (850 — 1250).

بىلگە كۆل قادىرخان قۇرغان قاراخانىلار سۇلالىسى خانلىرىنىڭ «قاراخان» دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى مۇنداق: مىلادىدىن 500 يىل بۇرۇن 19 ئۇيغۇر قەبىلىسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان كىشى «قاراخان» دەپ ئاتالغان. تارىختا مەلۇم بولغان ئورۇقداشلىق دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان خان — بوقا خان بولۇپ، ئالىپ ئەرتوڭا دەپ ئاتالغان. پارسلار بولسا ئافراسىياپ دەپ ئاتىغان. 870 - يىلى قۇرۇلغان ئۇيغۇر خانلىقى قەدىمكى بۇۋىسىنىڭ نامىنى كۆزدە تۇتۇپ ئۆز خانلىرىنى ئۇلۇغلاپ «قاراخان» دەپ ئاتىغان بولۇشى مۇمكىن.

## مىلادىنىڭ 951 - يىلى

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى كېيىنكى جۇ سۇلالىسى

پادىشاھىغا تۇتۇق ئەۋەتىپ، ئېچكىرى بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقىنى ساقلاپ قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. كېيىنكى جۇ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەدبىر قوللىنىپ، ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان خەلق ئوتتۇرىسىدىكى سودىنى كەڭ قويۇۋەتكەن. ئۇيغۇر سودىگەرلىرى قىممەتلىك قاش تېشى، يۇڭ، تېرە، دورا - دەرمەك قاتارلىق ئالتۇن - كۈمۈشكە ئالماشتۇرغان.

## مىلادىنىڭ 956 - يىلى

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ جەسىتى ئاتۇشقا دەپنە قىلىندى. چوڭ ئوغلى بايتاش (مۇسا بىننى ئابدۇكېرىم) خانلىققا ۋارىسلىق قىلىپ ئۆزىنى «ئارسلانخان» دەپ ئاتىدى ۋە قەشقەردە تۇردى، سۇتۇق بۇغراخاننىڭ 2 - ئوغلى سۇلايمان بالاساغۇندا ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

## مىلادىنىڭ 960 - يىلى

200 مىڭ ئۆيلۈك تۈرك خەلقى ئىسلام دىنىغا كىردى. مۇسا ئىبنى ئابدۇكېرىم ئارسلانخان ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى دەپ جاكالىدى.

## مىلادىنىڭ 981 - يىلى

قەدىمكى ئۇيغۇر پادىشاھى ئۆزىنى شىجۇدىكى جە-

ئىشىنى ئارسلانخان دەپ ئاتاپ، مۇستۇۋەللىنى سۇڭ سۈلالىسىغا ئەۋەتتى. سۇڭ سۈلالىسىنىڭ جاۋابەن ۋاڭ يەنەدى قاتارلىقلارنى قوچۇغا ئەۋەتتى.

## مىلادىنىڭ 982 - يىلى

ۋاڭ يەندى يەشبالىقتا ئۇيغۇر خانى بىلەن كۆرۈشتى. شۇنىڭدىن ئۇيغۇر خانلىقىغا ئارتۇق تەقدىم قىلدى. 983 - يىلى ۋاڭ يەندى قايتىدىغان چاغدا، ئىدىقۇت پادىشاھى 100 كىشىلىك ئەلچىلەر ئۆمىكىنى سۇڭ سۈلالىسىغا ئەۋەتتى.

## مىلادىنىڭ 990 - يىلى

قاراخانىلار سۈلالىسىنىڭ پادىشاھى بۇغراخان ھەسەن لەشكەر تارتىپ ئىسپىجاب شەھىرىنى ئالدى.

## مىلادىنىڭ 992 - يىلى

بۇغراخان ھەسەن ماۋرائۇننەھرگە ھۇجۇم قىلىپ سەمەرقەنت بىلەن بۇخارانى ئىشغال قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن سامانىلار خانلىقى زەئىپلىشىشكە يۈز تۇتتى.

## مىلادىنىڭ 999 - يىلى

قاراخانىلار سۈلالىسىنىڭ پادىشاھى ئىلىكخان ناسىر

...امانىلار خانلىقىنى ئۈزۈل - كېسىل يوقاتتى.

### مىلادىنىڭ 1001 - يىلى

بۇغراخان ھەسەننىڭ ئوغلى قادىرخان يۇسۇپ
...ن (خوتەن)نى ئىشغال قىلدى. شۇنىڭ بىلەن
...ئۇن قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ،
...لام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولدى.

### مىلادىنىڭ 1005 - يىلى

سامانىلار جەمەتىدىن ئىبنى ئىلى قاراخانىلار
...لالىسىنىڭ زۇلمىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ مەغ-
...ۇپ بولدى ۋە ئۆلتۈرۈلدى. قادىرخان يۇسۇپ قارا-
...نىلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانى توغانخان ئەھمەد-
...نى قەشقەردىن قوغلىۋېتىپ ئۆزى شەرقىي تۈركىستان-
...نىڭ ھۆكۈمرانى بولدى. توغانخان ئەھمەت پايتەخت-
...لاساغۇنغا كۆچۈپ كەتتى.

### مىلادىنىڭ 1010 - يىلى

...كۇسەن ئۇيغۇر قاغانى لى يەنفۇ ئەنغۇ ئىككىن
...قارلىقلارنى تەييارلاپ سۇڭ سۇلالىسىغا تارتۇق
...قىلدى.

## مىلادىيە 1012 — 1013 - يىللىرى

قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ سۇلتانى تۇغانخان ئەھمەت يەتتە سۇ رايونىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن 100 مىڭ تۈيلۈك كۆچمەننى سۇبۇ قەبىلىسىنى قوغلاپ ھەيدىۋېتىپ غەلىبە بىلەن قايتتى.

## مىلادىيە 1025 - يىلى

غەزنە خانلىقىنىڭ پادىشاھى مەخمۇت بىلەن قەشقەردىن قادىرخان يۈسۈپ ماۋرا ئۇننەھرى رايونىدا ئىتتىپاق تۈزۈپ، ماۋرا ئۇننەھرىنىڭ ھوقۇقىنى ئېلى تېكىندىن تارتىۋېلىشنى قارار قىلدى.

## مىلادىيە 1033 — 1037 - يىللىرى

ئېلى تېكىن ئۆزىنى تاۋغاچ بۇغراخان دەپ ئاتىدى.

## مىلادىيە 1040 — 1041 - يىللىرى

ئارسلانخان ئىلىك ناسىرنىڭ 2 - ئوغلى ئېلى تېكىن ئىبراھىم بۇخارانى ھۇجۇم بىلەن ئىشغال قىلىپ پۈتۈنلەي مۇستەقىل سىياسەت يۈرگۈزدى. شۇنىڭ بىلەن غەربىي قاراخانىلار سۇلالىسى شەكىللەندى. ئۇنىڭ تەۋەلىكىدىكى جايلار ماۋرا ئۇننەھرى رايونىنى،

بەرغانە ۋادىسىنىڭ غەربىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مال-
ھاۋەرەئۇننەھر دەرياسى ئارقىلىق شەرقىي قاراخانىلار
دۆلىتى بىلەن چېگرىلاندى. سەمەرقەند پايتەختە
بولۇپ، ئىقتىسادى، مەدەنىيەت ۋە دىنىي مەركەز
بولدى.

۱۰.

## مىلادىنىڭ 1043 — 1044 - يىللىرى

شەرقىي قاراخانىلار سۇلالىسى خان جەمەتى تۇخ-
ۇللىتىي ئىچىپ، ئۆزلىرىگە قاراشلىق يەرلەرنى ئاي-
رىۋېلىشتى. شەرقىي قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ زېمىنى
يەتتە سۇ رايونى، ئىلى ۋادىسى، قەشقەر، خوتەن،
پەرغانە رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. ئۇنىڭ شەر-
قىي چېگرىسى كۇچارنىڭ غەربىگە قەدەر يېتىپ باردى.
پايتەختى بالاساغۇن بىلەن قەشقەر ئىدى. قەشقەر
خان شەھىرى دەپمۇ ئاتىلىپ، سۇلالىنىڭ سىياسىي،
مەدەنىي، دىنىي مەركىزىگە ئايلاندى. بۇرقار بىلەن
بالاساغۇن ئارىلىقىدىكى كۆچمەنچى تۈرك چارۋىچىلار-
دىن 10مىڭ ئۆيلۈك كىشى ئىسلام دىنىغا كىردى. لې-
كىن توبۇتلاردىن كەلگەن زور تۈركۈمدىكى تۈركلەر
ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلدى. بۇنىڭدا
شەرقىي قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ تۇنجى پادىشاھى
ئارسلانخان سۇلايمان يول قويدى.

## مىلادىنىڭ 1056 — 1060 - يىللىرى

۱۱. شەرقىي قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ئارس-

لانغان سۇلايمان بىلەن بۇغراخان مۇھەممەت تۇرۇش-
تى. بۇغراخان مۇھەممەت سۇلالىنىڭ سۇلتانى بول-
دى. 1058 - يىلى ئوردا سىياسىي ئۆزگىرىشى بول-
دى. بۇغراخان مۇھەممەتنىڭ ئورنىغا كىچىك ئوغلى
ۋارىسلىق قىلدى. غەربىي قىسىم قاراخانىلار سۇلالى-
سىنىڭ تاۋغاچ خانى ئىبراھىم پەرغانە رايونىنى تار-
تىۋالدى ۋە پۇل ئىسلاھاتى ئېلىپ باردى.

### مىلادىنىڭ 1069 — 1070 - يىللىرى

بالاساغۇنلۇق يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنى يېزىپ چىقتى.

### مىلادىنىڭ 1072 — 1074 - يىللىرى

قەشقەرلىق مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى يېزىپ چىقتى.

### مىلادىنىڭ 1124 — 1134 - يىللىرى

لياۋ سۇلالىسىنىڭ خان جەمەتىدىن بولغان يالۇي تاشى، لياۋ سۇلالىسىنىڭ تيەنزو پادىشاھى بىلەن چىقىشالماي، ئۆزى ئايرىم خانلىق تىكلىدى.

1130 - يىلى ئادەملىرىنى باشلاپ غەربكە كۆچ-
چىش يولىدا كېتىۋېتىپ ئىدىقۇت ئۇيغۇر رايونىدىن

...لگەندە. ئىدىقۇت پادىشاھى ئۆلۈش كۆلتۈۋالدى. 1132 - يىلى ئۇ پادىشاھ ئاتىلىپ غەربىي لياۋ سۇلالىسىنى قۇردى ۋە قارا كىدان (قارا خىتاي) دەپمۇ ئاتالدى. 1134 - يىلى قۇز ئوردو (ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ توقماق دېگەن يېرىنىڭ شەرقىدە) دېگەن يەرنى پايتەخت قىلدى.

شەرقىي قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ سۇلتانى ئىبراھىم خان قارلۇق ۋە سوغدىيانلار بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغاندا غەربىي لياۋ سۇلالىسىدىن ياردەم سورىدى. غەربىي لياۋ سۇلالىسى يەتتە سۇ رايونىنى ئىشغال قىلىپ ئىبراھىمخاننىڭ ئۇنۋانىنى بىكار قىلىپ، ئۇنىڭغا «تۈركمەن ئىلىك» ئۇنۋانىنى بەردى. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى يەرلەر غەربىي لياۋغا بېقىندى خانلىق بولۇپ قالدى.

### مىلادىنىڭ 1141 - يىلى

غەربىي لياۋ لەشكەرلىرى سەمەرقەندنىڭ شىمالىدىكى كاتۋان يايلىقىدا سالجۇقىلارنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشتى. سالجۇقىلارنىڭ لەشكەرلىرى مەغلۇپ بولدى. ماۋرا ئۇننەھرى رايونى غەربىي لياۋنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن غەربىي قاراخانىيلار سۇلالىسى غەربىي لياۋغا قارام بولۇپ قالدى.

## مىلادىنىڭ 1211 - يىلى

نايمانلار خانى كۈچلۈك گورخان غەربىي لياۋ پادىشاھى چورۇقنىڭ خانلىق ئورنىنى تارتىۋالدى- غەربىي لياۋ سۇلالىسى مۇنقەرز بولدى.

شەرقىي قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ سۇلتانى مۇھەممەت بىننى يۈسۈپنى قەشقەر ئاقسۆڭەكلىرى ئۆلتۈرۈۋەتتى. شەرقىي قاراخانىلار سۇلالىسى مۇنقەرز بولدى. قوچۇ ئىدىقۇتى كرولېن دەرياسى ۋادىسىغا بېرىپ، چىڭگىزخاننى زىيارەت قىلىپ، ھەققانىي، كراملىق، ئالتۇن مەلىك ئونۇۋانىغا ئىگە بولدى.

## مىلادىنىڭ 1212 - يىلى

خارەزم شاھى مۇھەممەت بىننى مەسئۇد سەمەرقەندنى ئىشغال قىلىپ، غەربىي قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ سۇلتانى ئوسمان بىننى ئىبراھىمنى ئۆلتۈردى- غەربىي قاراخانىلار سۇلالىسى مۇنقەرز بولدى.

## مىلادىنىڭ 1219 - يىلى

چىڭگىزخان لەشكەر تارتىپ چىقىپ غەربكە يۈرۈش قىلدى. قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىدىقۇتى ئۈمەنىڭ لەشكەر بىلەن چىڭگىزخانغا قوشۇلدى.

## مىلادىنىڭ 1225 - يىلى

چىڭگىزخان ئۆزى بويسۇندۇرغان جايلارنى ئوغۇللىرىغا تەقسىم قىلىپ بەردى. 2 - ئوغلى چاغاتايغا 3 - ئوغلى ئوگدايغا غەربتىكى كەڭ زېمىننى بەردى. قوچۇ ئىدىقۇتى موڭغۇللارغا ھەممىدىن بۇرۇن قارام بولدى. شۇڭا قوچۇ رايونى يەنىلا ئۆزىنىڭ قارمىقىدا بولۇۋەردى.

## مىلادىنىڭ 1251 - يىلى

موڭغۇللار بەشبالىق قاتارلىق جايلاردا ئۆلكە دىۋان ۋازارىتى تەسىس قىلىپ، غەربىي رايوننىڭ غەربىي مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدارلارنى تەيىنلىدى. بۇ تارىختا غەربىي رايون بويىچە ھەممىدىن ئەۋۋەل تەسىس قىلىنغان ئۆلكە ۋازارىتى ئىدى.

## مىلادىنىڭ 1274 - يىلى

يۈەن سۇلالىسى ئودۇن، يەكەنلەردە 13 سۇلۇق ئۆتەڭ قۇردى ۋە خوتەن قاش تېشى ئىشچىلىرىنى باجغا ئوتتۇشنى كەچۈرۈم قىلدى.

## مىلادىنىڭ 1275 - يىلى

چاغاتاينىڭ ئەۋرىسى دۇۋا قاتارلىقلار 12 تۈمەن

كىشىلىك لەشكەر تارتىپ چىقىپ، قوچۇنى ئالتە ئاي-
غىچە مۇھاسىرە قىلمۇالدى. مۇھاسىرە ئۈزۈلگەندىن
كېيىن ئىدىقۇت قوچۇنىڭ جەنۇبىدىكى قۇمۇلدا يېر-
بەر ئالچىتى.

## مىلادىنىڭ 1280 - يىلى

يۈەن سۇلالىسى بەشبالىق قورۇقچى بەگ مەھ-
كىمىسى قۇردى. ئۇنىڭ ئورنى بەشبالىقتا بولۇپ،
ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلارنى باشقۇردى. شۇنداقلا ئۇي-
غۇرلار رايونىدا قەغەز پۇل باشقۇرۇش مەھكىمىسى
تەسىس قىلىندى. كېيىن قەغەز پۇل خەزىنىسىمۇ تەس-
سىس قىلىنىپ، يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ قەغەز
پۇلى — جوڭتوڭ پۇلى بىلەن جىيۈەن پۇلى تار-
قىتىلدى.

## مىلادىنىڭ 1281 - يىلى

يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى سەلتەنىتىنىڭ تەيخالىق دې-
گەن يېرى (ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىمىن-
ياھېيسىنىڭ شەرقىي)دىن تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدى-
كى بەشبالىققا قەدەر 30 ئۆتەڭ قۇرۇپ، ياقا جايلار-
نىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەش، ھەربىي، مەمۇرىي پەرمان-
لارنى يەتكۈزۈش ۋە ترانسپورت تەمناتى ئۈچۈن
ئوڭايلىق ياراتتى.

## مىلادىنىڭ 1283 - يىلى

يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بەشبالىق، قوچۇلاردا ئارچى سىلاۋچى مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ ھەربىي، تۆمۈرچى ئىشلارنى باشقۇردى.

## مىلادىنىڭ 1286 - يىلى

يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بەشبالىقتا ئەمىر ئەلىك مەھكىمىسى تەسىس قىلدى. بۇ ھەربىي ئىشلار مەھكىمىسى بولسىمۇ، يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش ئىشلىرىنى باشقۇردى. شۇنىڭ بىلەن چېگرىدا تۇرۇشلۇق لەشكەرلەرنىڭ ئوزۇق - تۈلۈك مەسىلىسىمۇ ھەل بولدى.

## مىلادىنىڭ 1295 - يىلى

يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بەشبالىقتا قورۇقچى لەشكەر مەھكىمىسى تەشكىل قىلدى.

## مىلادىنىڭ 1324 — 1328 - يىللىرى

ئۇيغۇرلار زېمىنىدا كېيىنكى چاغاتاي خانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

## مىلادىنىڭ 1346 - يىلى

موغۇل قەبىلىلىرىدىن دوغلات قەبىلىسىنىڭ

باشلىقى پىداجى چاغاتاي جەمەتىدىن بولغان تۇغلۇق تۆمۈرنى خانلىققا كۆتۈردى (ئاقسۇدا).

### مىلادىنىڭ 1370 - يىلى

چاغاتاي خانلىقى مۇنقەرز بولدى.

### مىلادىنىڭ 1383 - يىلى

تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئوغلى قىدىر خوجا بەشبالىقـنىڭ چاغاتاي خانلىقىغا كۆتۈرۈلدى.

### مىلادىنىڭ 1391 - يىلى

قىدىر خوجا ئەلچى تەيىنلەپ مىڭ سۇلالىسىغا تارتۇق ئەۋەتتى. مىڭ سۇلالىسى پادىشاھىمۇ ئەلچى تەيىنلەپ قىدىر خوجىغا نامە يوللاپ مىڭ سۇلالىسىـنىڭ سىياسىتىنى ئىزاھلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن تاكى مىڭ سۇلالىسىنىڭ يوڭلار يىلىغا قەدەر قىدىر خوجا ھەر يىلى دېگۈدەك مىڭ سۇلالىسىغا تارتۇق ئەۋە-تىپ تۇردى.

### مىلادىنىڭ 1403 - يىلى

قومۇل ۋاڭى ئونگنو تۆمۈر مىڭ سۇلالىسىغا ئەلـ

ىنى ئەۋەتىپ 4700 ئات تارتۇق قىلدى. مىڭ سۇلالىـ
سى جاۋابەن پۇل قايتۇردى. تارتۇق قىلىنغان ئات-
لارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى — چېگرا قوغدىغۇچى
ئاتلىق ئەسكەرلەرگە تارقىتىپ بەردى.

### مىلادىنىڭ 1404 - يىلى

مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قۇمۇل ۋاڭى ئۆگىتۇ
تۆمۈرنى ساداقەتلىك، ئىتائەتمەن دەپ ئاتىدى ھەم
ئالتۇن مۆھۈر ئىنئام قىلدى.

### مىلادىنىڭ 1406 - يىلى

مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قۇمۇل ئايمىقىنى تەسىس
قىلدى ۋە ئەمىر، مىڭ بېشى، يۈز بېشى، دورغاپە
ىشەن قاتارلىق ئەمەلدارلارنى تەيىنلەپ، ئايماقنىڭ
ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇردى. خوتەن ۋالىسى
دارۋايىبو تىكىن مىڭ سۇلالىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ قاش
تېشى تارتۇق قىلدى. تۇرپاننىڭ تۇمەن بېشى سەي-
ىدىن تۆمۈر مۇ مىڭ سۇلالىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ قاش
تېشى تەقدىم قىلدى.

### مىلادىنىڭ 1408 - يىلى

مىڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەزىر ئەلچىسى پادەن، لىـ

قاتارلىقلار سوۋغا - سالاملارنى ئېلىپ قەشقەرگە كەلدى.

### مىلادىنىڭ 1416 - يىلى

بەشبالىق خانى مەھمۇت ئۆلكەندە مىڭ سۇلالىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ خەۋەر قىلدى. مىڭ سۇلالىسى مەھمۇتقا ياتەم بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتتى ۋە مۇئەسسىپلىق تەختىگە ئىنىسى لەھقى جاھاننى ۋاڭ دەپ ئاتاپ، كۆللۈك دۇردۇن، تۇقيا، قىلىچ، ساۋۇت تەقدىم قىلدى.

### مىلادىنىڭ 1418 - يىلى

لەخش جاھاننى ئىنىسى ئۇۋەيسخان ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇۋەيسخان لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئىلى ۋادىسىغا كۆچۈپ كەلدى ۋە ئۆزىنى ئىلى بالىق دەپ ئاتىدى.

### مىلادىنىڭ 1429 - يىلى

ئىلى بالىقنىڭ ئورنىغا ئەسەن بۇقاخان بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن جەنۇبىي تەڭرىتاغ رايونىنى دوغلات قەبىلىسى ھۆددىدارلىق جەمەتلىرى بىر - بىرلەپ ئىگىلىۋېلىشىپ، ئۆزئارا بىر - بىرىگە قارىشى بولغان

مۇنچە راھىبلارنى شەكىللەندۈردى. بۇنداق جايلار — 80 گە يەتتى.

## مىلادىنىڭ 1439 - يىلى

غەربىي قىسمىدىكى موڭغۇللارنىڭ ۋالىي تەيىنلىشى ... سولالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىن باشلاپ ... ئەربىي كۆلچەيدى؛ ئەسىر كۆپچى ئىمجانىڭ شىمال... ىغا قەدەر كېڭەيدى. ئۇلارنىڭ خانى ئىسەن بۇ قاتە... ... ئەزەي ۋاڭ دەپ ئاتالدى؛ ئۇ قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلىپ، قۇمۇل ۋاڭى ئىگىلىگەن ۋاڭنىڭ ئانىسىنى تۇتۇۋې... لىپ قايتىپ كەتتى.

## مىلادىنىڭ 1473 - يىلى

... تۇرپاننىڭ سۇلتانى ئىلى، قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلىپ، قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ئانىسىنى ۋە قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ئالتۇن ... مىسىنى بۇلاپ كەتتى.

## مىلادىنىڭ 1486 - يىلى

... 2 ... مىڭ سولالىسى ھۆكۈمىتى قۇمۇلغا تۆمۈر دۆ... لەتنى ... ئادالەتنى ... [illegible] ۋاڭ دەپ ... تۇرپان سۇلتانى ئىلى ئۆلگەن. ئۇنىڭ 2 - ئوغلى ... [illegible] قۇمۇلنى يەنە ...

قېتىم ئىشغال قىلدى.

## مىلادىنىڭ 1493 - يىلى

ئەخمەت قۇمۇلنى 3 - قېتىم ئىشغال قىلىپ، تۇ-
مۇل ۋاڭى شانبانى تۇتۇپ كەتتى.

## مىلادىنىڭ 1497 - يىلى

ئەخمەت شانبانى قايتۇرۇپ بەردى. مىڭ سۇلالىسى
تۇرپان رايونى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى يەنە
ئەسلىگە كەلتۈردى.

## مىلادىنىڭ 1504 - يىلى

ئەخمەت ئۆلدى. ئورنىغا ئوغلى مەنسۇر كۆتۈرۈلدى.
ئۇ، ئۆزىنىڭ بىر تۇغقانلىرىغا ئۆچمەنلىك قىل-
غانلىقتىن، ئىنىسى سەيىدخان ئوتتۇرا ئاسىياغا قېچىپ
كەتتى.

## مىلادىنىڭ 1514 - يىلى

سەيىدخان ئوتتۇرا ئاسىيادىن بىر قىسىم لەشكەر-
لەرنى باشلاپ قەشقەرگە باستۇرۇپ كەلدى ۋە شۇ چاغدا
قەشقەر، يەكەن، خوتەنلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان
ئابابەكرىنى مەغلۇپ قىلىپ قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن

نى قاتارلىق جايلارنى قولغا كەلتۈردى. دەسلەپتە ... رنى، ئۇزاق ئۆتمەي يەكەننى پايتەخت قىلدى. ... نىڭ بۇ رايوندىكى 48 يىللىق ... ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بەردى.
... سەئىدخان يەنە ئۆز شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ ... ھۆكۈمرانى بولدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ تەسىر كۈچى ... شىنجاڭغا قەدەر كېڭىيىپ، تارىختا يەكەن ... پاكى مەنبە خانلىقى دەپ ئاتالدى.

## مىلادىنىڭ 1533 - يىلى

سەئىدخان شىزاڭغا قىلغان ھەربىي يۈرۈشىدە ... كېسەل ئېلىپ كېتىپ ۋاپات بولدى. ئۇنىڭغا چوڭ ... ئابدۇرەشىدخان ۋارىسلىق قىلدى. پايتەخت ... يەكەن بولدى.
مىلادىنىڭ 1570 - يىلى رەشىدخان ۋاپات ... ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ھەرقايسى بىر قىسمىدىن ... ئىگىلىۋېلىپ ئۆز ئالدىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتى.

## مىلادىنىڭ 1646 - يىلى

تۇرپان، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق جايلار - ... خان، پادىشاھلار چىڭ سۇلالىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ... يوللاپ تارتۇق قىلدى.

## مىلادىنىڭ 1680 - يىلى

XVII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مۇسۇلمان خوجىلار «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق» ياكى «ئاق تاقىيە»، «قارا تاقىيە» دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ، ئۆزئارا ھوقۇق مەنپەئەت تالاشتى.

XVII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كەلگەندە بولار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۈندىن - كۈنگە كەسكىنلەشتى. يەكەن خانلىقىنىڭ سۇلتانى ئىسمايىلخان قارا تاغلىقلارنى قوللاپ، ئاق تاغلىقلارنىڭ خوجىسى ئاپپاق خوجىنى قەشقەردىن قوغلاپ چىقاردى. ئاپپاق خوجا دالاي لاما ۋە جۇڭغارلارنىڭ خانى غالدان بىلەن كۆرۈشۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى سەئىدىيە دۆلىتىنى يوقىتىش ئۈچۈن ھەربىي ياردەم سورىدى. شۇ يىلى (1678 - يىل) غالدان قوشۇن بەرگەن ئەسكەرلىرىنى باشلاپ كېلىپ يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. ئاپپاق خوجا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قورچاق خانى بولدى، بۇ قورچاق خانلىق ھەر يىلى جۇڭغارلارغا 100 مىڭ سەر كۈمۈش خىراج، ٤٠٠ مىڭ ئۇلاغ ئاتاپ، چەكمەن تۆلىدى.

## مىلادىنىڭ 1696 - يىلى

جۇڭغارلارنىڭ خانى غالدان خان ئۆلدى، ئۇنىڭ ئورنىغا چىۋاڭ ئاراپتان ۋارىسلىق قىلدى. جەنۇبىي

گەندىكلەر بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جۇڭغارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلدى.

## مىلادىنىڭ 1700 - يىلى

چېۋان ئاراپتان لەشكەر تارتىپ كېلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنى قايتا بويسۇندۇردى. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ئاق تاغلىقلارنىڭ قولىدىن قارا تاغلىقلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. جۇڭغار خانى-چېۋان ئاراپتان قارا تاغلىقلارنىڭ ئاقساقىلى دانىيال خوجىنى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ خانى قىلىپ تەيىنلەپ، ھەر يىلى جۇڭغارلارغا ئون تۈمەن كۈمۈش پۇل ئولپان تاپشۇرۇشنى بەلگىلەپ ئىلىغا قايتىپ كەتتى.

## مىلادىنىڭ 1755 - يىلى

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جۇڭغار خانلىقىنى يوقىتىپ، ئۇنىڭ 70 نەچچە يىللىق ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بەردى.

## مىلادىنىڭ 1759 - يىلى

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى لەشكەر تارتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى چوڭ - كىچىك خوجا (بۇرھانىددىن

خوجا ۋە خوجا جاھان) لارنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتىپ شىنجاڭ رايونىنى يېڭىباشتىن بىرلىككە كەلتۈردى.

## مىلادىنىڭ 1762 - يىلى

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا قارىتا ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسى تەسىس قىلدى.

جاڭجۈن مەھكىمىسى ئىلىدىكى كۈرەدە تۇردى. ئۇنىڭ قارمىقىدا مەسلىھەتچى ئامبال، دوتۇڭ، ئىش باشقۇرغۇچى ئامبال، لەشكەر بېشى ئامباللار بېكىتىلدى.

ئۇيغۇرلار رايونىدىكى بەگلەرنىڭ نەسەب بويىچە ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، بەگلەرنىڭ ھوقۇقىنى چەكلىدى ۋە تارقاقلاشتۇردى.

## مىلادىنىڭ 1765 - يىلى

ئۇچتۇرپان ئۇيغۇرلىرى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا، بەگلەرنىڭ فېئوداللارنىڭ ئېزىشىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئۇچتۇرپاننى ئازاد قىلدى، قوزغىلاڭ چېرىم يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قەش-

ئاقسۇ ۋە شىمالىي شىنجاڭدىن ئەسكەر يۆتكەپ قوزغىلاڭنى باستۇردى.

## مىلادىنىڭ 1815 - يىلى

قەشقەر ئۇيغۇرلىرى زىياۋىدىننىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ زۇلمىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. بۇ ۋەقە چىڭ سۇلالىسى ۋاقتىدا يېزىلغان كىتابلاردا «زىياۋىدىن ۋەقەسى» دەپ ئاتالدى.

## مىلادىنىڭ 1822 — 1828 - يىللىرى

بۇرھانىدىن خوجىنىڭ نەۋرىسى جاھانگىر خوجا جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلىڭىغا باشچىلىق قىلدى.

1826 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى لەشكەر يۆتكەپ چىقىپ ئۇلارنى باستۇردى. 1828 - يىلى جاھانگىر خوجىنى ئەسىر ئېلىپ، بېيجىڭغا ئاپاردى ۋە دارغا ئېسىپ ئۆلتۈردى.

## مىلادىنىڭ 1848 - يىلى

جاھانگىر خوجىنىڭ جىيەنى مۇھەممەت ئىمىن

(كاتتا خوجا) بىلەن ۋەلى خان قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى يەتتە خوجا قوقەندىن لەشكەر تارتىپ كېلىپ قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن قاتارلىق شەھەرلەرنى ئىشغال قىلدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئەسكەر يۆتكەپ چىقىپ ئۇلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتتى. جەنۇبىي شىنجاڭدا ئېغىر قىرغىنچىلىق يۈز بەردى. خەلق بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچرىدى.

## مىلادىنىڭ 1857 - يىلى

ۋەلى خان تۆرە يەنە بىر قېتىم توپىلاڭ كۆتۈردى، بۇ بىر قانچە قېتىملىق خوجىلار توپىلىڭىنىڭ كېڭەيمىشى ئىدى. توپىلاڭ تۆت ئاي داۋاملاشتى. چىڭ سۇلالىسى توپىلاڭنى ئاخىر تىنچىتتى. ئۇزاق ئۆتمەي كۇچاردىكى ئۇيغۇرلار ئېغىر ئالۋاڭ - ياساقتا، خورلۇققا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. قوزغىلاڭ قاتتىق باستۇرۇلدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جەنۇبىي شىنجاڭنى قاراتقان سىياسىتىدە بىرئاز يول قويۇشقا مەجبۇر بولدى.

## مىلادىنىڭ 1864 - يىلى

كۇچاردىكى ئۇيغۇر، خۇيزۇ خەلقلىرى ئالۋاڭ - ياساق، خورلۇق، زۇلۇم، ستەمگە قارشى ئومۇميۈزلۈك قوزغىلاڭ كۆتۈردى. قوزغىلاڭ يالقۇنى تەگرىتېغىنىڭ

ﻗﯘﭖ ۋە شىمالىدىكى رايونلارغا كېڭىيىپ، شىنجاڭنىڭ
ىنقى زامان تارىخىدىكى زور كۆلەملىك دېھقانلار
زغىلىڭى بولۇپ شەكىللەندى.

## مىلادىنىڭ 1865 - يىلى

قوزغىلاڭ نەتىجىسىدە چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىن
اڭدىكى مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇلۇپ، بىر -
رىدە بېقىنمايدىغان بەش ھاكىمىيەت شەكىللەندى.
رۈمچىدە خۇيزۇ تودىلىن ھاكىمىيىتى، كۇچاردا راشى
ن خوجا ھاكىمىيىتى، قەشقەردە سىدىق بەگ، جىڭ
ئىلىنىڭ (خۇيزۇ) ھاكىمىيىتى، خوتەندە ھەبىبۇللا ھاجى
كىمىيىتى، ئىلىدا مىزامزات ھاكىمىيىتى مەيدانغا
لدى.

قەشقەردىكى سىدىق بەگ بىلەن جىڭ شاڭىسىنىڭ
ز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىش
چۈن قوقەند خانلىقىدىن ياردەم سورىدى. قوقەند
ندانلىقى جاھانگىر خوجىنىڭ ئوغلى بۇزرۇك (بۇزۇرۇغ
جا) خوجا بىلەن قوقەندنىڭ قۇر بېشى ياقۇپ بەگنى
شكەر بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەۋەتتى.

## مىلادىنىڭ 1865 — 1867 - يىللىرى

ە: ياقۇپ بەگ قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ،
ۇچتۇرپان، كۇچار، كورلا قاتارلىق جايلارنى ئىشغال

قىلىپ، ئۇزىنى «بەدۆلەت» دەپ ئاتاپ قەشقەردە
پەيتتا شەھەر خانلىقىنى قۇردى.

## مىلادىنىڭ 1870 - يىلى

ياقۇپ بەگنىڭ ئەسكەرلىرى تۇرپان، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلدى. شىمالىي شىنجاڭدا ئۇنىڭ تەسىر دائىرىسى ماناسقا قەدەر كېڭەيدى. تەڭرى- تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە بىر قىسىم شىمالىي شىنجاڭ رايونلىرى ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتتى.

## مىلادىنىڭ 1875 - يىلى

چىڭ سۇلالىسى ياقۇپ بەگ ھاكىمىيىتىنى يوقى- تىش ئۈچۈن، زوزۇڭتاڭنى چىنچەي داچېن ھەم شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلار دوبەنى قىلىپ تەيىنلىدى.

## مىلادىنىڭ 1876 - يىلى

زوزۇڭتاڭ قوماندانلىقىدىكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەسكەرلىرى ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ، ياقۇپ بەگكە ھۇجۇم قىلدى. فۇكاڭ، گۇمودى، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارنى قايتۇرۇۋېلىپ، داۋاملىق جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلىدى.

## مىلادىنىڭ 1877 - يىلى

چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى تۇرپان، توقسۇننى ئۆزلىرىگە قاراتقاندىن كېيىن، ياقۇپ بەگ كورلىدا باشقىلار تەرىپىدىن زەھەرلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى.

چىڭ ئەسكەرلىرى داۋاملىق ئىلگىرىلەپ كورلا، كۇچار، باي، ئاقسۇلارغا كىردى. ياقۇپ بەگ 14 يىل ئىشغال قىلىپ ياتقان قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن، خوتەن قاتارلىقلارنى ئىشغال قىلدى. ياقۇپ بەگكە قارشى كۆرەش بىر يېرىم يىل داۋام قىلىپ 1878 - يىلى 1 - ئايدا غەلىبە بىلەن ئاخىرلاشتى.

## مىلادىنىڭ 1884 - يىلى

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى ھەمۆلكىي ئۆلكىگە ئۆزگەرتىشنى تەستىقلاپ، ليۇ جىنتاڭنى باش ۋاپ بەگلىككە، خې گۇڭتاۋنى شىنجاڭنىڭ سىياسىي مۇئاۋىنلىقىغا تەيىنلىدى. 1885 - يىلى ليۇ جىنتاڭ قاتارلىقلار ئارقا - ئارقىدىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشتى.

## مىلادىنىڭ 1911 - يىلى

جوڭگودا سۇن جۇڭشەن رەھبەرلىك قىلغان شىنخەي

ئىنقىلابىنى پارتلىدى. ليۇ شەنچۈن باشچىلىقىدىكى ئىنقىلابچىلار ئۈرۈمچىدە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى. قوزغىلاڭغا «گېلاۋخۇي» جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرىدىن 100 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

## مىلادىنىڭ 1912 - يىلى

ياڭ زەڭشىن قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى ئىنقىلابچىلار ئىلىدا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئىلى چېگرا مۇداپىئەسىدە تۇرۇۋاتقان چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرىنى تېزلا تارمار قىلىپ ئىلىنى ئىشغال قىلدى. ئىلى جاڭجۈنى ئۆلتۈرۈلدى. ئۇيغۇر، خەنزۇ، مانجۇ، موڭغۇل، زاڭزۇلاردىن ئىبارەت «بەش مىللەتنىڭ ئورتاق ئىلگىرىلەش جەمئىيىتى» ۋە «ئېيچى ئىلى جوڭ دودو مەھكىمىسى» قۇرۇلدى. ئىلى ئىنقىلابچىلىرى قوشۇنى شەرققە قاراپ داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، جىڭ ناھىيىسىدە چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرىنى تارمار قىلدى. شىنجاڭنىڭ پاشەپ بېگى يۈەن داخۇا جۇمھۇرىيەت ئېلان قىلىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىلدى. شىنجاڭنىڭ ئەدلىيە ئامبىلى قوشۇمچە ئۈرۈمچىنىڭ ۋالىيسى ياڭ زېڭشىن دۇدۇلىققا تەيىنلەندى.

شۇ يىلى قۇمۇلدا تۆمۈر خەلىپە، خوجا نىياز ھاجىم باشچىلىقىدىكى دېھقانلار، ياڭ زېڭشىننىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. خوتەن-

نىڭ جىرىيە ناھىيىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ چاررۇسىيىنىڭ ئاۋۇزچىلىق ھەرىكىتىگە قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك كۆرىشى يەنى «چىرا ۋەقەسى» پارتلىدى.

## مىلادىنىڭ 1928 - يىلى

بىر قەدەر ئىلغار ئىدىيىگە ئىگە بولغان، كونا سىياسەتنى ئىسلاھ قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان فەن ياۋنەن باشچىلىقىدىكى بەزى باش ئەمەلدارلار 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىپ، ياڭ زېڭشىنى ئۆلتۈردى. بۇ ۋەقە شىنجاڭدا «7 - ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى» دەپ ئاتالدى. سىياسىي ئۆزگىرىش تېزلا بېسىقتۇرۇلدى. شىنجاڭ مەمۇرىي ئىشلار نازارىتىنىڭ سابىق نازىرى جىن شۇرېن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋالدى.

## مىلادىنىڭ 1931 - يىلى

قۇمۇلدا خوجا نىياز ھاجىم باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ قوراللىق قوزغىلىڭى پارتلىدى. گەنسۇدىكى خۇيزۇ ماجۇڭيىڭ بىلەن بىرلىشىپ جىن شۇرېن قىسىملىرىغا زەربە بەردى. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ قوزغىلاڭ پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا قەدەر كېڭەيدى.

## مىلادىنىڭ 1933 - يىلى

4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى جىڭشۇرېن ھۆكۈمىتىدىكى ياش ئەمەلدار تاۋمىڭيۇ، ئۇرۇمچىنى مۇداپىئە قىلىۋاتقان ئاق ئورۇس سالداتلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ھەربىي ئۆزگىرىش قىلىپ جىڭشۇرېننى ھەيدىۋېتىپ، لىيۇۋېنلۇڭنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى، شىڭ شىسەينى چېگرا مۇداپىئە دوبەنى قىلىپ تەيىنلىدى.

شۇ يىلى 11 - ئايدا قەشقەردە سابىت داموللا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى، ئەمما جۇڭگودىن ئايرىلىش مەقسىتى ئەمەلگە ئاشمىدى.

## مىلادىنىڭ 1935 - يىلى

مۇشۇ يىلى 6 - ئايدا يۇشۇسۇڭ (ئىسمىنى ۋاڭ شۇيىڭ دەپ ئۆزگەرتكەن) قاتارلىق كىشىلەر شىنجاڭغا كېلىپ، تەشۋىق قىلىش، تەشكىللەش خىزمەتلىرىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ كومپارتىيىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتتى.

شىڭ شىسەي ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن سىياسىي جەھەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، كومپارتىيىنى ھىمايە قىلىش پوزىتسىيىسىنى بىلدۈردى. ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ

تۇرتكىسى ۋە تەسىرى ئاستىدا، «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش»، «سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش»، «مىللەتلەر ھوقۇقتا باراۋەر بولۇش»، «پاراخورلۇقنى يوقىتىش»، «تىنچلىقنى ساقلاش»، «شىنجاڭنى ئىسلاھ ۋە تەمىر قىلىش» دېگەن ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى تۈزدى.

## مىلادىنىڭ 1937 - يىلى

9 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۈرۈمچىدە 9 - يۆنىلىش ئارمىيىسىنىڭ ئىش باشقارمىسىنى قۇردى. بۇ باشقارما دەسلەپ قۇرۇلغاندا چېن يۈن (ئىسمىنى شى پېڭ دەپ ئۆزگەرتكەن) مەسئۇل بولغان ئىدى. كېيىن دېڭفا، چېن تيەنچۇلەر ئىلگىرى - ئاخىر مەسئۇل بولۇپ ئىشلىدى.

## مىلادىنىڭ 1938 — 1939 - يىللىرى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى چېن تيەنچۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق يولداشلارنى شىنجاڭغا ئىشلەشكە ئەۋەتتى. ئۇلار پارتىيىنىڭ ياپونغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش توغرىسىدىكى ئون چوڭ پروگراممىسى ئاساسەن ھەرقايسى تارماقلاردا نۇرغۇن پايدىلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ راـ

ۋاجىنى ئىلگىرى سۈردى.

## مىلادىنىڭ 1942 - يىلى

شېڭ شىسەي ئۈزىنىڭ ئەكسىيەتچىل قىياپىتىنى ئاشكارىلىدى. شۇ يىلى 9 - ئايدا چېن تىەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق يولداشلارنى قولغا ئالدى ۋە 150 نەپەر كىشىنى نەزەربەنت قىلىپ، كېيىن ئۇلارنى تۈرمىگە قامىدى.

## مىلادىنىڭ 1943 - يىلى

چېن تىەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق كوممۇنىستلار شېڭ شىسەي تەرىپىدىن مەخپىي ئۆلتۈرۈلدى.

## مىلادىنىڭ 1944 - يىلى

شېڭشىسەي، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن دىيەقانچىلىق، ئورمانچىلىق ۋازارەتىنىڭ ۋازىرلىقىغا تەيىنلىنىپ، شىنجاڭدىن كەتتى. شۇ يىلى 9 - ئايدا يىلقا ناھىيىسىنىڭ خەلقى ئات تەقدىم قىلىشقا قارشى تۇرۇپ، قورال ئېلىپ قوزغىلاڭ كۆتۈردى. 11 - ئايدا غۇلجا خەلقىمۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ غۇلجىنى ئىشغال قىلىپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇردى. بۇ جۇڭگو

خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى ئىدى.

قوزغىلاڭ ناھايىتى تېزلا ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتكە كېڭەيدى ۋە «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» دەپ ئاتالدى.

## مىلادىنىڭ 1946 - يىلى

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى 1945 - يىلى 10 - ئايدىن باشلاپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. 1946 - يىل 6 - ئايدا تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىنىپ، شىنجاڭدا ئىل-لىي بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. مەسئۇد سەبۇرى ئۆلكە رەئىسى، ئەخمەتجان ئەپەندىم ئۆلكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف باش كاتىپ بولدى.

## مىلادى 1947 - يىلى

مۇشۇ يىلى 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى «25 - فېۋرال» ئەكسىلئىنقىلابىي ۋەقەسىنى پەيدا قىلىپ، «تىنچلىق» بىتىمىنى بىر تەرەپلىمىلىك ھالدا يىرتىپ تاشلىدى ۋە بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرى ئىلىغا قايتىپ كەتتى. 5 - ئايدا مەسئۇد سەبۇرى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولدى.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىندى، بۇرھان شەھىدى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولدى. 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىرىدىن ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئاباسوف، ئىسھاق بەگ، دەلىلقان سۇگۇربايېف ۋە لوجىزىلار جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىگە قاتناشاقچى بولۇپ يولغا چىقتى. ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ۋەقەگە ئۇچراپ مىللەتنىڭ ئازادلىق ۋە خەلق دېموكراتىيە ئىنقىلابى ئىشلىرى يولىدا — دۆلەت قۇرۇش يولىدا شەرەپلىك قۇربان بولدى.

شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - 26 - كۈنلىرى تاۋسىيۈ، بۇرھان شەھىدىلەر تېلېگرامما يوللاپ ھەقىقەتكە قايتتى. 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى رەئىس ماۋزېدۇڭ، باش قوماندان جۇدېلار تېلېگرامما يوللاپ ھال سوراپ رىغبەتلەندۈردى. شىنجاڭ تىنچلىق يولى بىلەن ئازادلىققا ئېرىشتى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تارىخىدا يېڭى سەھىپە ئېچىلدى. 1949 - يىل 10 - ئايدىن 1951 - يىل 1 - ئايغىچە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 6000 چاقىرىمدىن ئارتۇق يول ئۇرۇپ، شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىش ۋەزىپىسىنى غەلىبىلىك ئورۇندىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مىللىي ئارمىيىسى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن ئۇچراشتى ۋە بۇ ئارمىيە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 5 - كورپۇسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

## مىلادىنىڭ 1955 - يىلى

10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقى رەسمىي جاكالاندى. دوڭبىۋو جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىغا، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋە رەئىس ماۋزېدۇڭغا ۋاكالىتەن يىغىنغا كېلىپ تەبرىكلىدى.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار

| | |
|---|---|
| «خەنزۇ» نامە | سى ماچەن |
| شىمالىي ۋېي سۇلالىسى تارىخى | لى يەنشۇ |
| تاڭ سۇلالىسى كونا تارىخى | ليۇ شۇ قاتارلىقلار |
| تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخى | " " |
| سۇڭ تارىخى | توقتو |
| لياۋ تارىخى | توقتو |
| ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۆرنەكلىرى | سىماگۇاڭ |
| غەربكە ساياھەت خاتىرىسى | يالىلۇغ چۇسەي |
| غەربىي يۇرتتىكى ياد ئەللەرنىڭ نەسەبنامىسى | چېن جىڭ |

| | |
|---|---|
| موغۇل پادىشاھلىقىنىڭ كۆللىنىشى | ياڭ بېكوي |
| چوڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرى | پۇخېلىڭ قاتارلىقلار |
| ئۇيغۇرلار رايونىنى تىنچىتىش، ئاسىلارچە ئەتلىرىنى قولغا چۈشۈرۈش | ماچىڭيوڭ |
| شەنشى، گەنسۇ، نىڭشادىكى مۇسۇلمان باندىتلىرىنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى | لى چى |
| ئۇيغۇرلارنى تىنچىتىش تەپسىراتى | ياڭ يوشو |
| شىنجاڭنى تىنچىتىش خاتىرىلىرى | ۋى كۇاڭتاۋ |
| غەربىي يۇرتقا ئائىت تاشقى ئالاقە ئىشلىرىنىڭ بايانى | چوڭ يوڭ |
| چېگرا قوغداش توغرىسىدا قىسقىچە خاتىرە | يى جاڭ |
| ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ قائىدە-نىزاملىرى | توجىلىڭ |
| غەربىي رايوننىڭ جۇغراپىيىلىك تەپسىراتى | پۇ خېلىڭ |
| غەربىي رايوندا كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىمدىن خاتىرە | چۈن يۈەن |
| ئۇيغۇرلار رايونى ھەققىدە ئومۇمىي تەپسىرات | خې نىڭ |
| شىنجاڭ ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە | سۇڭ جون |
| ئۇيغۇرلار ھەققىدە تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ توپلىمى | فېڭ جانىڭ. چېڭ سولو |
| ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات | لىيو يىتاڭ |
| ئۇيغۇرلار تارىخى | لى بۇتۇڭ |

شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى — شىنجاڭ تارىخ تەتقىقات ئورنى

قاراخانىلار سۇلالىسى تارىخى — ۋې لياڭتاۋ

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ۋە تارىخى ھۆججەتلىرى توغرىسىدا — گېڭ شىمىن

«قۇتادغۇ بىلىك» — يۈسۈپ خاس ھاجىپ

«دىۋان لۇغەتىت تۈرك» — مەھمۇت قەشقەرى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىيات تارىخى — لى گوڭشاڭ

جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتلارنى باشقۇرۇش تارىخى — زىڭ ۋېنۋۇ

چار روسىيىنىڭ جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال چېگرا رايونلىرىغا تاجاۋۇز قىلىش تارىخى (مەزكۇر ئىسىمدىكى يېزىش گۇرۇپپىسى)

شىنجاڭدا ئۆتكەن 50 يىلىم — بۇرھان شەھىدى

شىنجاڭنىڭ بوران - چاپقۇنلۇق 70 يىلى — جاڭ داجۈن

شىنخەي ئىنقىلابى توغرىسىدا ئەسلىمىلەر (مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش)

شىنجاڭ تارىخى توغرىسىدا ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى توغرىسىدىكى ماتېرىياللار

تارىخى ھەمىدىيە — موللا مۇسا سايرامى

ئوغۇزنامە توغرىسىدا — پارچىلار

ئاۋازىنى موسىقىچون                   مۇللا ئىسمەتۇللا مۇللا نىمە
تۇللا مۆجىزى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىيات تارىخى لى گوڭشاڭ

شىنجاڭنىڭ بوران - چاپقۇنلۇق 70 يىلى
جاڭ داجۈن

شىنجاڭ تارىخى توغرىسىدا ئىلمىي ماقالىلەر

ئۈچ ۋىلايەت توغرىسىدا بايانلار

«تارىخىي خەمسە» (شەرقنىڭ بەش تارىخى)
قۇربان غالى ۋەلىد

«بۈيۈك تارىخىي ئومۇمى» (4 - جىلد ئەھمەد
رەپىق)

# ئۇيغۇر تارىخىدا ئۆتكەن ۋەقەلەر يىلنامىلىرىدىكى ئاتالغۇلارغا ئىزاھات

### سوغدىلار (سوغدەكلەر)

① تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 7 ئەسىر-
دىن قاراخانىلار دەۋرىگىچە ئامۇ، سىر، زەرەپشان
دەريا بويلىرىدا ياشىغان پارسلارنىڭ بىر تارماق
قەبىلىسىنىڭ نامى، ئۇلار ئۇزاق مۇددەت يەرلىك
خەلقلەرنىڭ (مىللەتلەرنىڭ) تەسىرىگە ئۇچراپ،
بارا - بارا تۈركلىشىپ كەتكەن. شۇڭلاشقا بەزى
ئالىملار، بۇلارنى تۈرك ئۇيغۇرلىرى دەپ ئاتايدۇ.
بۇلار قەدىمكى كارۋان يولى (يىپەك يولى) سودىسى-
دا ئالاھىدە رول ئويناپ كەلگەن خەلق ئىدى. موڭ-
غۇل ياپلىقى، شىنجاڭ، ھىندى دەريا ۋادىلىرىدا
سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

مەھمۇت قەشقەرى بۇلارنى بۇخارا بىلەن
سەمەرقەنت ئارىسىدا ياشىغۇچى تۈركلەشكەن بىر
قەۋم دەپ ئىزاھلىغان.

② كاۋكاز ۋە دون دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدا ياشىغۇچى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ نامىنى ئەينى زاماندا سوغدىلار دەپ ئاتالغان.

## تۈركىستان

تارىخىي، جۇغراپىيىۋى ئاتالغۇ. ئادەتتە ماۋرەئۈننەھرىنىڭ شەرقىدىكى جايلارنى كۆرسىتىدۇ. كەڭ مەنىدە ھازىرقى ئۆزبېكىستان، شەرقىي جەنۇبىي قازىقىستان، تاجىكىستان، قىرغىزىستان، تۈركمەنىستاننىڭ بىر قىسىم جايلىرى، شىنجاڭ ھەم موڭغۇلىيىنىڭ بىر قىسىم جايلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ نام «تۈركلەر ماكانى» دېگەن بولىدۇ. تار مەنىدە سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

## تورانلار

قەدىمكى غەربىي رايوندىكى قەبىلە - قەۋم نامى، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى دەۋردىكى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ پارسچە ئاتىلىشى بولۇپ، بۇلار ئاساسەن تۈركلەرنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى قەدىمكى پارسلار تۈركلەرنى (ئىران شاھى) نەسلىدىن دەپ قاراپ، تورانلار دەپ ئاتىغان ئىكەن.

## تۈركلەر

ھازىرقى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي

ئاھالىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇلار قەدىمكى دەۋردىكى غەربىي تۈركلەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى بولۇپ، ئاساسەن VIII ئەسىردىن XI ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا كىچىك ئاسىياغا كۆچۈپ بارغان ئوغۇز تۈركلىرى، شۇنداقلا XII ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيا- دىن كىچىك ئاسىياغا كۆچۈپ بارغان ئوسمان تۈرك- لىرى (ئوسمان ئىمپېرىيىسىنى قۇرغۇچىلار) يەنى ئۇزاق تارىخىي جەرياندا شەكىللەنگەن تۈرك مىللى- تىنى كۆرسىتىدۇ.

تۈركلەر تىل جەھەتتە ئالتاي تىل سىستېمى- سىنىڭ تۈرك تىل گۇرۇپپىسىغا (ئائىلىسىگە) مەنسۇپ.

ئۇلار تارىختا غەزنىۋىلەر خانلىقىنى يېڭىپ 1055 - يىلى باغداتنى، 1071 - يىلى ۋىزانتىيىنى ئىلىپ. باغداتنى پايتەخت قىلغان سالجۇقلار ئىمپې- رىيىسىنى بەرپا قىلغان مەشھۇر خەلقتۇر.

## توخارلار

مىلادىدىن ئىلگىرىكى I، II ئەسىرلەردە ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدا ياشىغۇچى تۈركىي قەبى- لىلەرنىڭ نامى. بۇنى جۇڭگو تارىخىدا ياۋچىلار دەپ ئاتىغان ئىدى.

بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم ياۋچىلار ھازىر- قى كۇچار، قارا شەھەر، تۇرپان قاتارلىق جايلارغا كېلىپ ماكانلاشقان ئىدى. شۇڭا بۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ

ئېتنوگراپىيىلىك بىر تەركىبى قىسمىغا ئايلىنىپ «توخارلار» دەپ ئاتالدى. ئەمەلىيەتتە بۇلار قەدىمكى كۇسانلاردۇر.

تاشقى توققۇز قەبىلە — توققۇز تۇرالار ياكى ئوغۇزلار. تاڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى 217 - جىلد «ئۇيغۇرلار قىسسەسى»دە قەيت قىلىنغان ئۇيغۇر، تۇڭرا، باسمىل، پارغۇت، ئىزگىل، قارلۇق، باتىرقۇ، قىپتار قاتارلىق قەبىلىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

## توخۇرالار (ئۇيغۇرلار، ئون ئوغۇزلار)

سۈي خاندانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نامى. بۇ ئاتالغۇ ئەسلىدە — مىلادىنىڭ V IV ئەسىرلىرىدە بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىي، ئېرتىش دەرياسى بىلەن بالقاش كۆلىنىڭ ئارىلىقلىرىدا ياشىغۇچى شەرقىي تولەسلەر (تۈغلۇقلار، قانقىللار) ئىچىدىكى بىر قەبىلە نامى. دەل مۇشۇلار باشقا قەبىلىلەر بىلەن بىرلىشىپ ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقىنى تەشكىل قىلغان ئىدى. شۇڭا «خۇيخې»، «ۋى خې» ئاتالغۇلىرى، سۈي خاندانلىقى دەۋرىدە يەنى 605 -يىلدىن باشلاپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي نامى سۈپىتىدە خەنزۇ تارىخ كىتابلىرىدا قەيت قىلىنغان.

## ئۇيغۇرلار

(قالىقلى، ئوكۇرغۇ، ئوخۇر، ئوتىغۇر، ئوزغۇر،

تۇگۇر، تۇيغۇر ...)
ئىلىمىزدىكى ئەڭ قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ
بىرى بولۇپ، ھەرقايسى تارىخي دەۋرلەردە (خەنـ
زۇچە تارىخ كىتابلىرىدا) 20 دىن ئارتۇق تۈرلۈك
ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن.

ئۇيغۇر دېگەن بۇ نام ھەققىدە ئوخشاشمىغان
رىۋايەتلەر بار. ئۇلارنىڭ بىرسىدە بايان قىلىنىشىچە،
كۆك تۈركلەرنىڭ خانى ئوغۇزخان ئۆز دۈشمەنلىرىنى
يېڭىشتە ھەمكارلاشقان قەبىلىلەرگە «ئۇيغۇر» (بىر-
لەشكەن، ئۇيۇشقان، ئۇيۇم مەنىسىدە) نامىنى بەرگەن
دېيىلىدۇ. قەدىمكى تۈرك ئابىدىلىرىدىمۇ بۇ نام
ئېنىق يېزىلغان.

خەنزۇچە ئۇيغۇر دېگەن بۇ نام ئاساسەن كېـ
يىنكى ۋاقىتلاردا قوللىنىلغان بولسىمۇ، ھازىرقى ئۈچ
خەتلىك نام 1934 - يىلىدىن باشلاپ قوللىنىلغان.

دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدا ئۆچمەس ئىز قالدۇر-
غان ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى قەدىمكى مەدە-
نىيەتلىك خەلقلەردىن ئىدى. مەھمۇت قەشقەرى ئۇيـ
غۇر دېگەن نام ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق ئىزاھـ
لايدۇ: ئۇيغۇر بىر ئەلنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ بەش
شەھرى بار. ئۇنىڭ خەلقى ئەڭ ئەشەددىي كاپىر-
دۇر. ئەڭ ئۇستا مەرگەنلەردۇر.

بۇ شەھەرلەر: سۇلمى (قەشقەر)، قوچو (تۇر-
پان)، جانبالىق (سانجى)، بەش بالىق (جىمسار)،
يېڭى بالىق (ماناس) (دىۋان 151 — 153 - بەتـ

لەرگە قارالسۇن).
قىسقىسى، ئۇيغۇرلار ئاق خاندانلىقىنىڭ دەس-
لەپكى دەۋرلىرىدە مەشھۇرخان كۆل بىلگى (قۇتلۇغ
كۆل بىلگى قاغان) قاغانىنىڭ رەھبەرلىكىدە، شەرقتە
خىلۇڭجياڭ دەريا ۋادىلىرىدىن، غەربتە ئالتاي تاغ-
لىرىغا قەدەر بولغان ئەسلىدىكى ھونلارنىڭ زېمى-
نىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ زېمىندا قۇدرەتلىك
ئۇيغۇر خانلىقىنى بەرپا قىلغان ئىدى.
ئورخون ئۇيغۇر خانلىقى ئاساسەن ئۇيغۇرلارنىڭ
شەرقىي تارمىقى تەرىپىدىن قۇرۇلغان خانلىق ئىدى.
بۇ خانلىق يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ يېرىمى
IX ئەسىرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىي تارمىقى ياشا-
ۋاتقان ماكانغا كېلىپ، قوچو، بەش بالىقىنى مەر-
كەز قىلغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنى (850 —
1250) قۇردى، كېيىنرەك يەنە بىر تارمىقى قارا-
خانىلار خانلىقىنى قۇردى (870 — 1212). بۇ ئىك-
كى خانلىق ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى ئىككى چوڭ خان-
لىق بولۇپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت تەرەق-
قىياتىدا مۇھىم رول ئوينىدى.
ئۇنىڭدىن كېيىنكى چاغاتاي خانلىقى دەۋرىمۇ
يېقىنقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت تە-
رەققىياتىدا مۇھىم دەۋر بولدى. 1514 - يىلىدىن
1679 - يىلغىچە داۋاملاشقان يەكەن سەئىدىيە خان-
لىقى بۇ تەرەققىياتنى يەنىمۇ يۈكسەلدۈردى.
ئۇيغۇرلار ئۆز بېشىدىن نەچچە مىڭ يىللىق

تارىخىي دەۋرنى كەچۈرۈپ، ئاخىرى ھازىرقى شىنـ
جاڭدىكى ئاساسلىق مىللەت بولۇپ قالدى. شۇڭا ئۇ
ئۆزىگە مۇناسىپ ئۇزاق تارىخقا، باي مەدەنىيەت،
ماددىي مىراسلارغا، تىل، يېزىق، دىنىي ئېتىقاد،
ئۆرپ - ئادەتكە ئىگە قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ
بىرىدۇر.

## ۋايسارا قەبىلىسى

① ئەڭ قەدىمكى زاماندا خوتەن، چەرچەن، كىرىيە، لوپنۇر ئەترابلىرىدا ياشىغۇچى خەلقلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇنى قاروشتى يېزىقىدا «ئاۋسىجستلا» دەپ ئاتىغان. بەزى تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇلار شۇ چاغدىكى غەربىي رايوندىكى يەرلىك قەبىلىلەر ئىچىدە بىرقەدەر كۈچلۈك بولۇپ، پائالىيەت دائىرىسى كەڭرى، چىڭخەي قاتارلىق جايلارغىچە يېيىلىپ بارغان. بۇندىن باشقا قەدىمكى غەربىي رايون تارىخىدا، ئومۇمەن ئۇدۇن (خوتەن) خانلىرىنىڭ ھەم مەشھۇر ئەرباپلىرىنىڭ كۆپچىلىكى ۋەيسارا (ۋايسارا) ئاۋسىجستا دېگەن نامنى ئىسمىنىڭ بېشىدا قوللىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇدۇنلۇق ئىكەنلىكلىرىنى كۆرسىتىپ كەلگەن.

## ئون — ئورخون

① پارس تارىخچىسى راشىددىننىڭ ئومۇمىي تا-

رىخ دېگەن كىتابىدا تىلغا ئېلىنغان قەدىمكى ئۇيـ
غۇرلارنىڭ (ئون ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ) نامى. بۇلار:
ئىسكىلەك، ئۇتىغۇر، تۇقايىر، ئۇز قالدى، دار - ئىدار،
ئادەر، ئۇيۇق تابىن، كاملاندى، ئۇيىتكىشان قاتار-
لىق تورخون دەرياسىنىڭ ئون ئېقىنىنى كۆرسىتىدۇ.

## «ئۇلۇس»

موڭغۇلچە ئەسلى مەنىسى «پۇقرا»، كۆچمە مەنىـ
سى «زېمىن»، «دۆلەت» دېگەن بولىدۇ. يەنە سور
خانلىق مەنىسىنىمۇ بىلدۈرىدۇ.
«ئۇلۇس» مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئىزاھلىشىچە
«شەھەر» دېمەكتۇر. شۇڭا بالاساغۇن شەھىرىنى
«قوز ئۇلۇس» دەپمۇ ئاتايدۇ. (دىۋان 85 - بەتكە
قارالسۇن)

## ئوغۇزلار (غۇزلار)

بۇ نام قەدىمكى مەڭگۈ تاشلىرىدىكى توققۇز
ئوغۇز دەپ يېزىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر، تۈرك
خانلىقىنى قۇرغان ئاساسلىق ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ
نامى. مۇسۇلمان تارىخچىلىرى بۇلارنى «غۇزلار» دەپ
ئاتىغان. بەزى تارىخچىلارنىڭ بايان قىلىشىچە، بۇ-
لارنىڭ بىر قىسىم قەبىلىلىرى بالقاش ۋە كاسپىي
دېڭىز، ئىران، ھەتتا كىچىك ئاسىياغا قەدەر يېتىپ

ياتقان ئىكەن.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئېنىقلىنىشىچە: ئوغۇز — تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ بىرى، ئوغۇزلار — تۈركمەنلەردۇر. ئۇلار 22 ئۇرۇق. ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ بەلگىسى ۋە ماللىرىغا باسىدىغان تامغىسى بار دەپ كۆرسەتكەن. بۇلار مۇنۇلار:

① قىنىق، ② قايىغ، ③ ئۇۋا (يىۋا) ④ بايۇندۇر، ⑤ سالغۇر، ⑥ ئافشار، ⑦ بەكتىلى، ⑧ قارا بولۇك، ⑨ ئالقا بولۇك، ⑩ بوگدۇز، ⑪ يازغىر، ⑫ ئەمغۇر، ⑬ تىگدىر، ⑭ ئورەگىر، ⑮ تۇتىرقا، ⑯ ئۇلا يوزلۇغ، ⑰ توگەر، ⑱ بەچەنەكە، ⑲ چۇۋۇلدار، ⑳ جەبنى، ㉑ چاروقلۇق قاتارلىقلاردۇر. بۇلارنى ئوغۇزلارنىڭ تۈپ ئاتىسى دەپ كۆرسەتكەن.

## غەربىي لياۋ

1125 - يىللىرى يالىلۇغ تاشىن (گورخان) رەھبەرلىكىدە غەربىي رايونىدا قۇز ئوردو (بالاساغۇن) نى پايتەخت قىلغان قىتانلار (قاراختايلار)، ئۇيغۇرلار، قارلۇقلار، نايمانلار ۋە باشقا تۈرك قەبىلىلىرىنى ئاساس قىلغان كۆپ مىللەتلىك خانلىقنى قۇرغان.

بۇ خانلىقنىڭ زېمىنى كاسپىي دېڭىزىنىڭ غەربىي شەرقىي ئېدىرغولغىچە سوزۇلغان بولۇپ، ئۇرنى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قىرغىزىستان،

ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان ھەمدە قازاقىستاننىڭ جەنۇبىي قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ خانلىق 88 يىل دەۋران سۈرۈپ، 1212 - يىلى چىڭگىزخان قوشۇنى تەرىپىدىن بەربات قىلىنغان.

## ئەفتالىتلار (ئابداللار)
## (يۇرتچىلار)

قەدىمدە ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبى، تەڭرى تېغىنىڭ شەرقىي رايونىدا ياشىغۇچى قەبىلىلەرنىڭ نامى. بۇلارنى قەدىمكى يۇنان تارىخچىلىرى «سكىپلار»، ياۋروپالىقلار «ئاۋارلار» ياكى «ئاق ھۇنلار»، ئەرەبلەر «خاتتالار» دەپ ئاتاشقان. بۇلار كېيىنكى ۋاقىتتا يەنى مىلادى II، IV ئەسىرلەردە كۆچۈپ V ئەسىردە غەربىي رايوندا قۇدرەتلىك ئەفتالىتلار دۆلىتىنى بەرپا قىلغان.

بۇ دۆلەت — ئۆز ئىچىگە توخارىستان، باداخشان، كەشمىر، كابۇل، ھىرات، ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىي قىسمى، ھەتتا تارىم ئويمانلىقىدىكى ھەرقايسى بەگلىكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولغان. ئۇ 567 - يىلى غەربىي تۈركلەر تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغان.

بەزى تارىخچىلار ئەفتالىتلارنى ھۇنلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى، بۇلارنىڭ بىر تارمىقى ۋولگا دەرياسى

ەدىن ئۆتۈپ، ياۋروپا تېررىتورىيىسىگە ئۆسۈپ
كىرىپ، دۇنيا تارىخىدىكى مەشھۇر بولغان مىللەت-
لەرنىڭ چوڭ كۆچۈش ھەرىكىتىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا
سەۋەبچى بولغان دەپ قارايدۇ.

## ئالتۇن يارۇق
## (سۇۋارناپرا باسا)

تولۇق نامى، «ئالتۇن ئۆڭلۈك يارۇق يالتىراق-
لىق ئاپتا كۆتىرىلمىش نوم بىدىتىك» — بۇددا نوم-
لىرى، ئەقىدىلىرى، رىۋايەتلىرى قاتارلىق مەزمۇن-
لارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زور ھەجىملىك كىتاب نامى.
بۇ كىتابنى بەشبالىقتا ئۆتكەن ئاتاقلىق ئۇي-
غۇر تىلشۇناسى ۋە ئەدەبىي سىڭقۇسەلى توتۇڭ تەخمى-
نەن مىلادى 960 — 1027 - يىللىرى ئارىلىقىدا
خەنزۇ تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە
قىلغان.
بۇ X ئەسىردىكى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتە
تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە
بولغان ئەسەر.
بۇ ئەسەر جەھەتتە ئۈچ نۇسخا بولۇپ، بىرى-
نىسى پروسسىيەلىكلەر، بىرسى ئىلكوك ئاخىرقى-
سى 1909 — 1911 - يىللىرى رۇس ئالىمى
ئا. مالوۋ. گەنسۇ سېرلىق ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىن

تېپىپ، 1917 — 1919 - يىللىرى ۋەسىيىتى نەشىر قىلىپ دۇنياغا ئېلان قىلغان ئىدى.

## ئالتۇن ئوردا خانلىقى

XII ئەسىرلەردە غەربىي رايوندا، چىڭگىزخاننىڭ چوڭ ئوغلى جۇجى خانغا تەقسىم قىلىپ بەرگەن موڭغۇل ئۇلۇسلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ غەربىي كېيۈتىن تاكى ئېرتىش ۋادىسىغا قەدەر سوزۇلغان كەڭ رايوننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنى شەرق تارىخچىلىرى «قىپچاق خانلىقى» دەپمۇ ئاتايدۇ. كېيىنكى ئاستىراخان قازان خانلىقلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ خانلىقتىن بۆلۈنۈپ چىققان.

## كازىجۇتلۇقلار

سەئىدىيە خانلىقى (يەكەن خانلىقى) دەۋرىدە پامىرنىڭ سىرىقۇل ۋە يەكەن، قاغىلىق، گۇما تاغلىق رايونلىرىغا كۆچۈپ كىرگەن ھەم يەرلىكلىشىپ كەتكەن نىسبەتەن قەبىلىلىرىدىن بىرسىنىڭ نامى. تۇبىي شىنجاڭدىكى قارا تاغلىقلار دائىم مۇشۇلارنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ ۋالايىتاتچىلىق تۇتۇپ كەلگەن.

## خانتۇي كونا شەھىرى

تاڭ ۋە سۇڭ دەۋرلىرىدىكى كونا شەھەر بېزى

ھە بۇ شەھەرنى — ھازىرقى قەشقەرنىڭ ئەسلى
ئورنى ئىدى دەيدۇ. (ئورنى — ھازىرقى كونىشەھەر
ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى خانئۆي) بەشكېرەم
نىڭ ئايمىقىدىكى چۆللۈك.

مىبلىمۇ بۇ يەردە شەرقتىن جەنۇبقا بەش
كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا يەتتە كىلومېتىر
سوزۇلغان شەھەر سېپىلىدە ئۆلۈك ئىزلىرى، شەھەر
مۇنارىسى بار. يەرلىك كىشىلەر بۇ مۇنارنى «تىم
(قاراۋۇل تۇرىدىغان مۇنار) دەپ ئاتىشىدۇ.

## «تارىخىي رەشىدى»

1551 - يىلى مەشھۇر ئۇيغۇر تارىخچىسى مىرزا
مۇھەممەت ھەيدەر (كوراگان) قەشقەرى تەرىپىدىن
يېزىلغان تارىخنامە. ئاپتور بۇ ئەسەردە XIV ئەسىر-
دىن XVI ئەسىرگىچە جەنۇبىي شىنجاڭدا يۈز بەر-
گەن مۇھىم ۋەقەلەرنى بايان قىلغان. ئەسەر ئەسلى
پارسچە يېزىلغان بولۇپ، ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىن-
غانلىقى مەلۇم.

## موغۇل يايلىقى

قەدىمدە هونلار، شەرقىي غۇزلار، جورجانلار،
تۈركلەر، ئۇيغۇرلار، كىرائىلار، موغۇللار قاتارلىق
قەبىلە، مىللەتلەرنىڭ پائالىيەت رايونلىرى بولۇپ
كەلگەن يەرلەرنى كۆرسىتىدۇ.

تارىخىي رايون نامى. ئەينى زاماندا موغۇل ئىستىلاچىلىرى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى شىمالىي ئېرتىش ۋە ئىمىل دەرياسىدىن تارتىپ، تاكى بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىي قىسمىغا قەدەر پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭ، ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ رايونلارنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى بۇ يەرلەردە موغۇل ئاق سۆڭەكلىرى ھۆكۈمران بولغاچقا، غەرب تارىخچىلىرى بۇ رايوننى «موغۇلىستان» دەپ ئاتاپ كەلگەن ئىدى.

## «چىستانى ئىلىك خان ھەققىدە ھىكايە»

## (چىستانى ئىلىك بەگ داستانى)

قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددا ئەدەبىياتىدىن قالغان تارىخىي مىراسلىرىدىن بىرى. ئۇ 1913 - يىلى تۇرپاندىن تېپىلغان. 1931 - يىلى گېرمانىيىلىك شەرقشۇناس ف. ۋ. مۇللېر دۇنياغا ئېلان قىلغان ئىدى. بۇ توخار تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلى، ئەدەبىيات تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ ئەسەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسى گېرمانىيىنىڭ

بېرلىن شەھىرىدە ساقلانماقتا.

## كىشو بەگلىكى

قەدىمكى خەن دەۋرىدىكى سورىكا ياكى سولى (قەشقەر) دۆلىتىنىڭ نامى. ئورنى توغرىسىدا تارىخىي كىتابلاردا تۆۋەندىكى ئوخشىمايدىغان قاراشلار بار.

① ھازىرقى قەشقەرنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى توقۇزمىچىلىق يولىدا.
② ھازىرقى پەيزاۋات ناھىيىسىدە.
③ ھازىرقى ئاقتۇ ناھىيىسىدە.

## چىن (چەللا) (CiNa)

① سانسكرىتچە «قارلىق تاغلىق يېزا» دېگەن مەنىدە، قەدىمكى زاماندا چىنغا قوشنا دۆلەت ۋە خەلق-لەرنىڭ چىن دۆلىتىنى ئاتىشى. شۇڭا بۇ ئاتالغۇ ئادەتتە جۇڭگو مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. ئىران، ئەرەب ئىس-لام تارىخچىلىرىمۇ جۇڭگونى چىن دەپ ئاتىغان. ئۇندىن باشقا ئىسلام تارىخچىلىرىنىڭ خوتەننىمۇ «ماچىن» دەپ ئاتىغانلىقى مەلۇم.

② مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئىزاھلىشىچە: «چىن» [illegible]، ئوتتۇرا. تۆۋەن دەپ ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. يۇقىرى «چىن» شەرقتە (ئىچكى بۆلكىلەرنى دې-

مەكچى)، ئوتتۇرا «چىن» (كىدانلار)، تۆۋەنكى «چىن» لەشقەر دەپ كۆرسىتىلگەن. دېمەك ئوتتۇرا ئەسىرلەردە قەشقەرنى — «چىن»، خوتەننى — «ماچىن» دەپ ئاتاش خاتالىقى مەلۇم.

## ساما ئۇسۇلى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا شامانىزمدىن قالغان بىر خىل كوللېكتىپ ئۇسۇلنى كۆرسىتىدۇ.

## شامانىزم (تۇيۇق دىنى)

قەدىمكى غەربىي رايوندىكى ئىپتىدائىي دىنلارنىڭ بىرى. «شامان»، تونگۇسچە، «بىرخان» (داخان) مەنىسىدە بولۇپ، دۇنيا — جەننەت، دوزاخ، جىن-ئالۋاستىلاردىن ئىبارەت ئۈچ قەۋەتتىن تەركىب تاپقان، ئاسما (ئاسمان)دا خۇدا تەڭرى، زېمىندا ئىنسان، دوزاختا جىن-ئالۋاستىلار ياشايدۇ دەپ ئېتىقاد قىلغان.
بۇ دىننىڭ قالدۇقلىرى ھېلىمۇ ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەردە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

## سامانىلار دۆلىتى (خانلىقى)

874- يىلى ئىراندىكى ناسىر ئىبنى ئەخمەت سامانىي تەرىپىدىن قۇرۇلۇپ، بۇخارانى مەركەز قىلغان ئوت-

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نوپۇزلۇق ئىسلام خانلىقىنى كۆرۈپ-
قىتتى. بۇ خانلىق 150 يىل ھۆكۈم سۈرۈپ، ئىسپانىيە-
دىن قەشقەرنىڭ غەربىي قىسمىغا قەدەر، جەنۇبىي پاۋچ
قولتۇقىدىن تاكى شىمالىي چۆللۈكلەرگىچە كېڭەيگەن
ئىدى.

شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىدا بۇ خان-
لىق زور رول ئوينىغان. مىلادىي 1000-يىلى غەزنە
خانلىقى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلانغان.

## سەلجۇقلار خانلىقى

XI ئەسىرلەردە يەنى 1077-يىلى سەلجۇق تۈ-
ركىيەدىن قۇرۇلغان تۈرك (ئوغۇز تۈركلىرى) خانلى-
قىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خانلىق 1077-يىلدىن 1307-
يىلغىچە ئۈچ ئەسىردەك ۋاقىت ھۆكۈم سۈرگەن. بۇ
خانلىق ئۆزىگە كىچىك ئاسىيانى مەركەز قىلغاچقا،
ئىسلام تارىخچىلىرى «رۇم سۇلتانلىقى» «رۇم خەلىپە-
لىكى» دەپمۇ ئاتىشىدۇ.

بۇ خانلىق گۈللەنگەن دەۋردە ئىران، ئىراق،
كاۋكازنىڭ بىر قىسمى، ئوتتۇرا ئاسىيا، كىچىك ئاسى-
يا (ئاناتولىيە) قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان
ئىدى. XIV ئەسىردە ئاجىزلاپ بىرقانچە سۇلتانلىقلارغا
بۆلۈنگەن.

## ئۈچ مۇسۇلمان ئۇلۇسلىرى

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە، غەربىي ياۋروپادىكى يەر

نامى ۋە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان قىپچاق خانلىـ
قى، چاغاتاي خانلىقى، ئۆكداي خاندانلىقىدىن ئىبارەت
ئۈچ خانلىقنى كۆرسىتىدۇ.

## ئوتتۇرا ئاسىيا

كەڭ مەنىدىن ئالغاندا غەربىي كاسپىي دېڭىزىـ
دىن تارتىپ شەرقىي ھىنگان تاغلىرىغا قەدەر بولغان
جايلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئادەتتە مەركىزىي ئاسىيا
دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ئۆز ئىچىگە موڭغۇل يايلىقى، خان
كارىدورى (خاشى) كوككول (چىڭخەي) شىنجاڭ، ئامۇ
سىردەريا ۋادىلىرى، جەنۇبىي قازاقىستان، ئافغانىستان،
پاكىستان، ھىندىستاننىڭ شىمالىي، ئىراننىڭ شەرقىي
شىمالى قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تار مەنىدىن ئالغاندا ئامۇ، سىر دەريا بويىـ
دىكى رايونلارنى كۆرسىتىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيا ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولغان بۆـ
شۈكىدىن بىرى بولۇپلا قالماستىن ماددىي ۋە مەنىـ
ۋى مەدەنىيەتنىڭمۇ بۆشۈكىدۇر. قەدىمكى مىللەتلەرـ
نىڭ كۆچۈشىدىكى ئۆتكۈنچى ئارىلىقى، غەرب بىلەن
شەرقنىڭ سودا مەدەنىيەت تۈگۈنى. شۇڭا بۇ رايون
دۇنيا تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

## ئايماملار

① قەدىمدە ئالتاي تاغلىرى، خاڭگاي تېغى ئەتـ

پىدا ياشىغۇچى كۆچمەن تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ نامى.
بۇلار X ئەسىردىن XIII ئەسىرگىچە بۇ يەرلەردە
شىغان ئىدى.

② مازىرقى تارباغاتاي، بۆرىتالا قاتارلىق جاي-
لاردا ياشىغۇچى قازاق قەبىلىسىنىڭ نامى.

③ موڭغۇلىيىنىڭ غەربىدە ياشىغۇچى موڭغۇل
قەبىلىسىنىڭ نامى. بۇ قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقىلى قۇ-
ياش قاغان بولۇپ، چىڭگىزخان بىلەن ئۇرۇشقان.

## جەنۇبىي يول سەككىز شەھىرى

بۇلار تارىخىي ۋە قەدىمكى شەھەرلەر بولۇپ، مەنچىڭ خاندانلىقى دەۋرىدىكى (1644—1911) قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، كۇچار، قاراشەھەر، تۇرپان قاتارلىق شەھەرلەرنى كۆرسىتىدۇ.

## يەتتە سۇ

① ئالا تاغدىن غەربكە قاراپ بالقاش كۆلىگە قۇيۇلىدىغان ئىلى دەرياسى، كۆكسۇ، قاراتال، ئاقسۇ، شقان، سارقان، لەپسى (لىپسى) قاتارلىق يەتتە سۇ يوتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىسى يەتتە ئۇزاغۇ دەپمۇ ئاتايدۇ.

② چىنجىلى، تىيانشان، جىمىنتۇۋ شىكۇرتۇ، ئەرغەپ-
قاتارلىق ئالتە تاغنىڭ شىمالىدىن ئېقىپ چىقىپ

ئالا كۆلەڭگە بولۇپ قالغانلىقى ئېنىقلىنىشنى كۆرسىتىدۇ؛ بۇ رەسىم يەتتە سۇ دەۋرىگە ئىزلايدۇ. تاتار ئارىچىنى قۇربان غالى خالىد. ۋە ئارىچى خەمسەيۈزلۈك ۋە تۇمىنا خۇلداق تىلغا ئېلىنغان.

## يەتتە شەھەر

ئۇلارنىڭ تەبىئىي گۈزەللىكلىرىنە قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ، ئۈچتۇرپان، كۇچار، تۇرپانلاردىن ئىبارەت يەتتە شەھەرنى كۆرسىتىدۇ.

## سالا شىلىتى

تىل ۋە ئېتنوگرافىيە جەھەتتىن تۈركىي تىللار ئەربىي ھۇنلار ئارىسىدىكى تۈگۈر. قارلۇق گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قارىندىشى. بۇلار ھازىر چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ سالار ئاپتونوم نا-ھىيىسى بىلەن گەنسۇدا ياشايدۇ. بۇلاردا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلىرى ساقلىنىپ كەلگەن.

## سېرىق ئۇيغۇرلار

ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ يۇغۇر، سېرىق، چىڭ دەۋر-لىرىدىكى ئاتىلىشى.

قاراخانىيلارنىڭ پايتەختى قەشقەردە قۇرۇلغان قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ئالىي بىلىم يۇرتى. قاراخانىيلار دەۋرىدە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆتكەن ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىملىرى، ئەدىبلىرىدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇت قەشقەرى، جامال قەرشى، خوجا بىيارە، ئابدۇل بالىغ، ئۇمادىل قەشقەرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەينى زاماندا رەشىدىيە مەدرىسىدە ئوقۇپ بىلىم تەھسىل قىلغانلاردۇر.

## پىشانشان (قوبچان—چاقىلىق)

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەگلىك دۆلەتلەر ئىچىدە ئالدىنقى ئەڭ ئۇزاق بولغان بەگلىك دۆلەت. ئۇ ئۆز دەۋرىدىن ئەچچە مىڭ يىللىق تارىخى جەريانىدىكى ئۆتكەن ھەم ئۆز دائىرىسى ئىچىدە بىرمۇنچە شەھەرلەرنى بەرپا قىلغان. بۇ ھەقتە ئېنىق يازما ئاساسلار يوق. ئارۇشتى يېزىقىدىكى تارىخى ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، بۇ يەرلەردە يۇدۇلتىنىڭ پادىشاھلىرىدىن رىپىيا، ئاجاكا، ئامگوكا، ماھىندى، ئىليانا قاتارلىق پادىشاھلارنىڭ ئۆتكەنلىكى كۆرسىتىلگەن.

## بەش بالىق

① ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى. بەزى مەنبەلەردە خەن دەۋرىدىكى جۇشى، تاڭ دەۋرىدىكى چىمسارنىڭ شىمالىدىكى خوجاۋزى كونىشەھەرلى كۆرسىتىدۇ.

② ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا تەۋە قوچۇ، چاڭبالىق (هازىرقى سانجىدا)، بالىق (ماناس)، سولمى (هازىرقى باي تەۋەلىكىدىكى سايرام) ئۆرۈمغول (قۇمۇل) قاتارلىق شەھەرلەرنى كۆرسىتىدۇ.

## غەربىي قانىتلار

«ۋىي سۇلالىسى تارىخى قانىتلار قىسسەسى»دە كۆرسىتىلىشىچە: غۇلجا چۆلىنىڭ غەربى، ئالتاي تاغلىرى ۋادىلىرىدا (كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن) تۇرمۇش كەچۈرگەن بۇرۇنقى تۇرالار ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان قەبىلىلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇلار جۇرجان ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ زۇلمىسى سەۋەبىدىن، ٧ ئەسىرلەردە غەربكە سىلجىپ، هازىرقى ئۇرپان ئويمانلىقى، جۇڭغارىيە، ھەتتا كىنكىت (قارا شەھەر)، پىشانشان قاتارلىق جايلارغىچە بېرىپ كېيىنكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم رول ئويناشقان. بۇلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئاتا - بوۋىلىرى «تارىخ

نامە ھۇنلار قىسمىدە غەربىي تۇغلۇقلاردۇر دەپ قەيت قىلىنغان.

## غەربىي ئايماق ئۇيغۇرلىرى —

IX ئەسىرلەردە ئورخون ۋادىسىدىن تەڭرى تېغىنىڭ شىمال تەرىپى، تۇرپان، قارا شەھەر، كۇچار قاتارلىق رايونلارغا كۆچۈپ بارغان بىر بۆلۈك ئۇيغۇرلار بىلەن، بۇ رايوندا ئەزەلدىن ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇلار مۇشۇ يەردە IX ئەسىردىن XIII ئەسىرگىچە ھۆكۈم سۈرگەن قۇدرەتلىك ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنى بەرپا قىلغان ئىدى. شۇڭا بۇلار، تارىختا ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى نامى بىلەن مەشھۇردۇر.

بۇ خانلىقنىڭ زېمىنى ئىدىقۇت بىلەن؛ چەكلەنمەيتتى. شەرقىي قەدىمكى ئىدىقۇت، جەنۇبىي خوتەنگە قەدەر بولغان، كۇچارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تارىمنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ.

## غەربىي قاراخانىلار خانلىقى

XI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن XIII ئەسىرنىڭ دەسلەپكىچە مەۋجۇت بولغان خانلىقنى كۆرسىتىدۇ. 1040 - يىلى ئىلىك ناسىرنىڭ 2 - ئوغلى

ئەبۇ ئىسھاق ئىبراھىم خان (بەسىل تېكىن)، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇخارا قاتارلىق شەھەرلەرنى ئالغاندىن كېيىن، ئۆزىنى «تابغاچ بۇغراخان» (بۇغرا قاراخان) دەپ ئاتاپ، رەسمىي مۇستەقىللىك جاكارلاپ، شەرقىي قاراخانىلار خانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ، مۇستەقىل بولۇۋالغان ئىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، غەربىي قاراخانىلار خانلىقى شەكىللەندى. ئۇنىڭ پايتەختى سەمەرقەنت بولۇپ، زېمىنى ئاساسەن ماۋرائۇننەھرى ئەتراپىنى، پەرغانە ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ خانلىق 1212 - يىلى خارەزم شاھى مۇھەممەت شاھ تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلدى.

## غەربىي رايون — غەربىي دىيار

بۇ ئاتالغۇ مىلادىيىدىن بىر ئەسىر بۇرۇن رەسمىيلەشكەن بولۇپ، ئادەتتە گەنسۇدىكى يۈمېنگۇەندىن (قاش تېشى قوۋۇقى) باشلانغان غەربىي ياقىدىكى جايلارنى كۆرسىتەتتى. كېيىن بۇ ئاتالغۇ كەڭ مەنىدە ئىشلىتىلگەندە، ھازىرقى شىنجاڭ، ئوتتۇرا ئاسىيانى كۆرسىتىپلا قالماستىن بەلكى، كىچىك ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا، ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي بۆلەكلىرى ھەتتا رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ بىر قىسمى، ھىندىستان يېرىم ئارىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قەدىمكى شەرق ۋە غەرب دۇنياسىنى كۆرسەتكەن (غەربىي ئافرىقا ۋە شىمالىي ئافرىقىنى بۇ ئاتالغۇ كۆرسەتمەيدۇ).

قەدىمدە بۇ رايوندا كۆپ مىللەت ۋە قەبىلىلەر- نىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان بەگلىك دۆلەتلەر بار ئىدى. يالغۇز شىنجاڭ زېمىنىدىلا 36 بەگلىك، كېيىنرەك 50 بەگلىك دۆلەت مەۋجۇت بولغان. بۇلاردىن چوڭ- راقلىرى كۆكتارت (پامىرنىڭ غەربىدە)، ئارشاك، مەرقانت، سوغدىيان؛ شەرقىدە ئۇدۇن، كوسان، قەش- قەر قاتارلىقلار. بۇلار ئەينى زاماندا سودا ئىشلىرى راۋاجلانغان شەھەر دۆلەتلىرى بولغاچقا ھەر خىل دىنلار، بولۇپمۇ بۇددا دىنى كەڭ تارقالغان ۋە تە- رەققىي قىلغان. شۇنىڭدەك غەرب بىلەن شەرق ئوت- تۇرىسىدىكى سودىدا، سودا، قاتناش، مەدەنىيەت ئۆتكىلى بولۇپ كەلگەن.

## شىنجاڭ

شىنجاڭ قەدىمدىن تارتىپ ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان كۆپ مىللەتلىك رايون. ئىككى خەن دەۋرىدە (غەربىي خەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 206 - يىلىدىن مىلادى 24 - يىلىغىچە، شەرقىي خەن مىلادى 25 - يىلىدىن 224 - يىلىغىچە) غەربىي رايون دەپ ئاتال- غان. تەڭرىتېغى بۇ رايوننى شىمال ۋە جەنۇبتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈپ تۇرىدۇ. جەنۇبىي قىسىم — جەنۇبىي يول (ھازىرقى جەنۇبىي شىنجاڭ) دەپ ئاتىلىپ، پىشانشان (چاقىلىق)، كوسان (كۇچار)، سوۋە (چالىش)، ئۇدۇن (خوتەن)، سۇلې (قەشقەر)

قاتارلىق 36 بەگلىك، كېيىن 50 بەگلىك دۆلەت بارلىققا كەلگەن. شىمالىي يول — هازىرقى شىمالىي شىنجاڭ، قاڭقىللار (ئۇيغۇرلار) ئۇيسۇنلار، سىيانبېلار، تۈركلەر، جورجانلار، ئويراتلار... قاتارلىق مىللەت، قەبىلە - قەۋملەرنىڭ پائالىيەت رايونى بولۇپ كەلگەن.

تاڭ خاندانلىقىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە بۇ ئىككى يول ئاساسەن ئۇيغۇرلارنى، ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈركلەرنىڭ هۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى رايون بولۇپ كەلگەن. كېيىنرەك شەرقىي يول — هازىر شەرقىي شىنجاڭ ئەتراپىدا بەشبالىق تۇتۇق ھراۋۇل مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىپ، بۇ يەردىكى ئۈۋرغول (قۇمۇل)، قوچۇ (تۇرپان) غەربىي تۈرك ئايماقلىرىنى باشقۇردى. شۇنداقلا غەربىي يولدىكى كىنكەن (قارا شەھەر)، كوسان (كۇچار)، سولې (قەشقەر) ئۇدۇن (خوتەن) قاتارلىق جايلارنى باشقۇرۇش ئۈچۈن «غەربنى تىنچلاندۇرۇش تۇتۇق ھراۋۇل مەھكىمىسى» (دوخويۇ) تەسىس قىلىندى. سۇڭ دەۋرىدە جەنۇبىي يول توبۇتلار، شىمالىي يول قاراكىدانلار هۆكۈمرانلىقىدا بولدى. X ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە قەشقەرنى مەركەز قىلغان قاراخانىلار خانلىقى جەنۇبىي شىنجاڭدا هۆكۈمرانلىق ئورناتتى، بەشبالىق، تۇرپاندا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى هۆكۈمرانلىق قىلدى.

يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە تەڭ

رىيىنىڭ شىمالى ــ ئالمىلىق ئەمىر لەشكەر مەھكىمىسىگە، جەنۇبىي يول ــ بەشبالىق ئەمىر لەشكەر مەھكىمىسىگە تەۋە بولۇپ كەلدى. كېيىن بولسا، بۇ يەرلەرنىڭ مۇقىمراق كۆپ قىسمى چاغاتاي خانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ كەلدى.

مىڭ خاندانلىقى دەۋرىدە تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى ئويراتلار ۋە جۇڭغارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا، جەنۇبىي قىسمى يەنىلا ئۇيغۇرلارنىڭ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇپ كەلدى.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئاۋۋال ئىلى قوماندانلىق مەھكىمىسى (1762 - يىلى) تەسىس قىلىنىپ، كېيىن يەنى 1884 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىسىگە ئۆزگەرتىپ رەسمىي ھالدا جۇڭگونىڭ بىر مەمۇرى ئۆلكىسى قىلىپ بېكىتىلدى. 1955 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

## ياغمىلار

قەدىمكى ئىسسىق كۆلنىڭ جەنۇبىدا، قەشقەرنىڭ شىمالىي رايونلىرىدا ياشىغۇچى قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىرى. بۇلار جۇڭگو تارىخىدا توققۇز ئوغۇز (ئۇيغۇر)لارنىڭ بىرى بولۇپ، مەشھۇر قاراخانىيلار خانلىقىنى بەرپا قىلغان ئۇيغۇر، قارلۇق، تۈركەش قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ بىرى ئىدى.

## ئىلى جاڭجۈن (سانفۇن) مەھكىمىسى①

بۇ مەھكىمە 1884 - يىلغىچە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى غەربىي پامىرغىچە، جەنۇبىي ئالتۇن تاغ، قاراقۇرۇم تاغلىرىغىچە، غەربىي شىمالىي بالقاش كۆلىگىچە، شىمالىي ئېرتىشقىچە بولغان ھازىرقى شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1884 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ ئۆزگەرگەندىن كېيىنمۇ ئىلى، تارباغاتاي رايونلىرىنى باشقۇرۇپ كەلدى.

جاڭجۈن (گېنېرال) مەھكىمىسى قورغاسقا تەۋە كۈرە شەھىرىدە ئىدى. ئۇ، شۇ چاغدىكى ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، قەشقەر، يەكەن، خوتەن، كۇچار، قاراشەھەر قاتارلىق جايلاردىكى ئىش باشقۇرۇش ئامبىلى، مەسلىھەت ئامبىلى، ھەمدە قۇمۇل، تۇرپان ۋاڭلىرى، ئۈرۈمچى دۇتۇڭى ئۈستىدىن نازارەت ھەم رەھبەرلىك قىلاتتى. بۇ رايونلاردىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈستىدىن مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈش ئۈچۈن بەگلىك، جاساقلىق تۈزۈمىنى ساقلاپ قېلىشتىن باشقا، مانجۇ، موڭغۇل، خەنزۇ، شىۋە، داغۇر، چاخارلاردىن قوشۇن تۇرغۇزدى.

① 1762 - يىلى مەنچىڭ خاندانلىقى غەربىي رايوندا تەسىس قىلغان ئەڭ يۇقىرى ھەربىي مەمۇرىي ئورگان.

## ئىل خانلىق (ئىر خانلىق)

ئىل — پارسچە ئەل بولۇش، بويسۇنۇش مەنىسىدە بولۇپ، چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى ھىلاكو تەرىپىدىن قۇرۇلغان غەربىي رايوندىكى ئۈچ چوڭ مونغۇل خانلىقلىرىنىڭ بىرى.

بۇ خانلىق 1258 - يىلدىن تاكى XIV ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىغا قەدەر مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. ئۇنىڭ زېمىن دائىرىسى ئاماسەن شىمالىي كاۋكاز تاغلىرىدىن جەنۇبىي ھىندى ئوكيانىغىچە سوزۇلغان. ئەينى زاماندا شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدا سودا، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان. ئۇ ئىراق، ئافغانىستان ۋە غەربىي ئاسىيانى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى.

## ئىلىك خانلىق

قاراخانىلار دەۋرىدىكى مەمۇرىي رايون نامى. ماۋرائۇننەھرى بىلەن خوتەن رايونىنى كۆرسىتىدۇ. مۇنىڭ قاراخانىلار تەۋەلىكىدىكى رايونلار مەمۇرىي جەھەتتىن ئۈچ قىسىمغا — قەشقەر، بالاساغۇننى مەركەز قىلغان «خاقانىيە» ئۆلكىسى، خوتەن، ماۋرائۇننەھرىلەر «ئىلىك خانلىق» دەپ ئاتالغان قىسىمغا بۆلۈنگەن.

## ئىدىقۇت

«بەخت بەرگۈچى» مەنىسىدە بولۇپ، «ئىدى»، «ئىگە»، «قۇت»، «بەخت» دېگەنلىكتۇر.

① VII ئەسىردە ھازىرقى جىمسار ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقان باسمىل قەبىلىلىرى ئاقساقاللىرىنىڭ ھۆرمەت نامى.

② XII، XIII ئەسىرلەردىكى قوچو ئەتراپىدا ياشىغۇچى ئۇيغۇرلارمۇ بۇ نامنى قوللانغان ئىدى، بۇ ئادەتتە قەبىلە باشلىقى، خانلارنىڭ ھۆرمەت نامى ئورنىدا قوللىنىپ كەلگەن. ئۇ تاكى يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگىچە قوللىنىلدى.

## ئىدىقۇت شەھىرى

مىلادىنىڭ 500 - يىللىرىدىن 600 - يىللىرىغىچە قوچونىڭ پايتەختى بولغان. كېيىن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قىشلىق پايتەختى بولغان. 1500 يىلدىن ئارتۇق يازما تارىخقا ئىگە قەدىمكى شەھەر.

### ئىدىقۇت خانلىقى (850 — 1250)
(قوچو ئىدىقۇتلۇقى — ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى)

IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇيغۇر قاغانلىقى

يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئورخون ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ شاھزادىسى پان تېكىن باشچىلىقىدىكى بىر تارماق ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن بەشبالىق، قوچۇنى مەركەز قىلىپ قۇرۇلغان خانلىق. دۇڭخۇاڭدىن شىمالىي تەڭرىتېغى، كۇچار، جەنۇبىي ئودۇنغىچە بولغان كەڭ زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالغان — بۇ خانلىق — تاكى XIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە 400 يىلدىن ئارتۇق مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن.

خەنزۇ، پارس تارىخ مەنبەلىرىدە قەيت قىلىنىشىچە: ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ جەمئىي 24 ئەۋلاد خانى ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ئۆتكەنلىكى مەلۇم.

بۇ خانلىقنىڭ ئاساسى ئۇيغۇرلارنىڭ تاشقى توققۇز قەبىلىسىدىن تەشكىل تاپقان. مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارغا قارىغاندا XIII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلانغان دۇۋا بىلەن قايدۇنىڭ 40 يىللىق ئىسيانى تۈپەيلىدىن ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ پايتەختى بەشبالىق قولدىن كېتىپ، پايتەختنى قوچۇ (تۇرپان)غا كۆچۈرگەندىن كېيىنمۇ يەنىلا تەھدىت ئاستىدا قالغان. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ خانلىقنىڭ زېمىنىغا چاغاتاي خانلىقى (شەرقىي چاغاتاي خانلىقى) ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىغان.

## «ئىدىقۇت قوچۇ خانلىرىنىڭ تۆھپىنامىسى»

گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ئۇۋۋى ناھىيىسىنىڭ «دىن

ئىبادەتخانىسىدا ساقلانغان قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىغا دائىر ئابىدىلەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ئۇلۇغ تەنرىتىگە خەنزۇچە، ئورقۇنچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە يېزىق بىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تارماقلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. شۇڭا ئۇ بىزنى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى، ھەم يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئابىدىنىڭ ئېگىزلىكى 1.80 مېتىر، كەڭلىكى 1.70 مېتىر، بۇنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگىنى پەقەت ئوتتۇرا قىسىملا بولۇپ، قالغان قىسمى يوقاپ كەتكەن.

## «يىگىرمە تۆت تارىخ» (تارىخنامىلەر)

جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان تارىخىغا دائىر، جۇملىدىن غەربىي رايون تارىخىغا دائىر كلاسسىك تارىخنامىلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى بولۇپ، بۇلار تۆۋەندىكىچە:

① «تارىخنامە» ئاپتورى سىماچيەن 130 جىلت

② «خەننامە» ئاپتورى بەنگو 120 جىلت

③ «كېيىنكى خەننامە» ئاپتورى سۇنفەنخۇا 130 جىلت

④ «ئۈچ دۆلەت ھەققىدە قىسسە» ئاپتورى چېن شىيو 45 جىلت

⑤ «جىن نامە» ئاپتورى فاڭشۇەنلىڭ 130 جىلت

«سۇڭنامە» ئاپتورى شىنيو 100 جىلت
«جەنۇبىي چى نامە» ئاپتورى سوزىشەن 59 جىلت
«لياڭ نامە» ئاپتورى ياۋيىلەن 56 جىلت
«چېن نامە» ئاپتورى ياۋيىلەن 36 جىلت
«ۋېي نامە» ئاپتورى ۋېيشۇ 130 جىلت
«شىمالىي چى نامە» ئاپتورى لىبەيياۋ 50 جىلت
«جۇنامە» ئاپتورى لىڭخۇفەن قاتارلىقلار 50 جىلت
«سۈي نامە» ئاپتورى ۋېيجېڭ قاتارلىقلار 85 جىلت
«جەنۇبىي سۇلالىلەر تارىخى» ئاپتورى لى يەنشۇ 80 جىلت
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» " " " 100 جىلت
«كونا تاڭنامە» ئاپتورى ئاياڭشۇ قاتارلىقلار 200 جىلت
«يېڭى تاڭنامە» " " " " 250 جىلت
«كونا بەش دەۋر تارىخى» ئاپتورى سى بوجىڭ قاتارلىقلار 150 جىلت
«يېڭى بەش دەۋر تارىخى» ئاپتورى توتو قاتارلىقلار 496 جىلت
«لياۋ سۇلالىسى تارىخى» ئاپتورى توتو قاتارلىقلار 116 جىلت
«جىن سۇلالىسى تارىخى» ئاپتورى توتو قاتارلىقلار 135 جىلت
«يۈەن سۇلالىسى تارىخى» " " " " 200 جىلت
«مىڭ سۇلالىسى تارىخى» ئاپتورى جاڭيەنيۈن 332 جىلت
«چىڭ سۇلالىسى تارىخىلىرى توپلىمى» 24 تارىخ

دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

24 تارىخنىڭ ھەممىسىدە غەربىي رايوننىڭ تارىخىغا دائىر مەخسۇس جىلت ئاجرىتىلغان. مەسىلەن، «قارىخنامە» — (ھونلار تەزكىرىسى)، «خەننامە»، «كېيىنكى خەننامە»(ھونلار ۋە جەنۇبىي ھونلار تەزكىرىسى)، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» (جۇوجانلار، تورالار تەزكىرىسى)، «تاڭنامە» (تۈركلەر تەزكىرىسى، ئۇيغۇرلار، تورالار تەزكىرىسى)، «يېڭى تاڭنامە» (تۈركلەر، ئۇيغۇرلار تەزكىرىلىرى)، «بەش دەۋر تارىخى» (تاڭغۇتلار، ئۇيغۇرلار تەزكىرىلىرى)، «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» (قوچۇ، ئودۇن، كوسان ئۇيغۇرلىرى تەزكىرىلىرى)، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» («باۋۇر چوت ئارتتېكىن قىسسەسى»)، «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» (بەشبالىق، ئودۇن، قەشقەر، قۇمۇل، لوتچۇن، قارا خوجا، تۇرپان تەزكىرىلىرى) ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسىدە غەربىي رايون مىللەتلەر تارىخىغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللار قەيت قىلىنغان، قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا، شىنجاڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشىمىز ئۈچۈن سىستېمىلىق، بىرقەدەر ئىشەنچلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

### «بۈيۈك كارۋان يولى» (يىپەك يولى)

خەن خاندانلىقىنىڭ پايتەختى چاڭئەن (شىئەن) شەھىرىدىن باشلىنىپ، غەربىي رايون ئارقىلىق غەرب-

كه باردىغان، جۇڭگو بىلەن غەرب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش يولىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يول ئەينى زاماندا، جەنۇبىي ۋە شىمالىي يولدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ لىنىيىگە بۆلۈنەتتى.

جەنۇبىي يول دۇڭخۇاڭ، يۈمېنگۇەن (قاش تېشى قوۋۇقى)دىن چىقىپ پىشانشان، رچاقىلىق، چەرچەن، نىيە، ئودۇن ئارقىلىق يەكەنگە كەلگەندىن كېيىن، پامىر تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، ئۇلۇغ ياۋچىلارغا قەدەر باراتتى.

شىمالىي يول، دۇڭخۇاڭ، يۈمېنگۇەندىن چىقىپ دوران (لوپنورنىڭ شىمالى) ئارقىلىق قانقىلى (تۇرپان) كىنكىت (قارا شەھەر) بۈگۈر، كۇچار، قەشقەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا باراتتى. بۇ يوللار دېڭىز يولى ئېچىلىشتىن ئاۋۋال شەرق بىلەن غەربنىڭ باردى - كەلدى، سودا - ئالاقە ئىشلىرىدا ئىنتايىن مۇھىم قاتناش يولى ئىدى.

## «سارتلار»

① «سارتلار» سۆزى قەدىمكى سانسكرىت تىلىدا سودىگەر مەنىسىدىكى سۆز بولۇپ، ئاساسەن قەدىمكى زاماندا، ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى سوغدىلار بىلەن تۈرك قەبىلىلەرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن بارلىققا كەلگەن خەلقنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئەينى زاماندا سودىگەرچىلىك بىلەن داڭ چىقارغان خەلق.

كېيىن موڭغۇللار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئامۇ، سىر دەريالىرى ئەتراپىدا ياشىغۇچى خەلقلەرنى شۇنداق دەپ ئاتىغان.

② چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قەشقەرنىڭ غەربىي شىمالىدا ياشىغۇچى غەربىي بۇرۇت (قىرغىز)لارنىڭ بىر قەبىلىسىنىمۇ «سارت»لار دەپ ئاتىغان. بۇ ئەمەلىيەتتە ئۆزبېكلەرنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

③ قۇربان غالى خالىدىنىڭ «تارىخىي خەمسە» دېگەن كىتابىدا بايان قىلىنىشىچە، «سارت» ئىران، تۇران، ھىندىستان ۋە ئىشتاگدا ياشىغۇچى ئاھالىلەرگە قازاقلار تەرىپىدىن قويۇلغان نام.

## ساتۇلار

«ساتۇ» ئۆزگىچە «ياپىلاق ئادەم» دېگەن مەنىدىكى سۆز. پارىكۆلنىڭ شەرقىي قىسمىدا ياشىغۇچى ئوغۇز تۈركلىرى ئىچىدىكى بىر قەبىلىنىڭ قەدىمكى نامى. بۇلار كېيىن ئوغۇز قەبىلىلىرىدىن ئەل بولۇپ، تارباغاتاي يايلاقلىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا قەدەر كۆچۈپ بېرىپ، چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن. بۇلارنى بەزى تارىخىي كىتابلاردا «ساتۇ تۈركلەرى» ياكى «قۇملۇق تۈركلىرى» دەپمۇ ئاتايدۇ.

## قۇملۇق ئايماق ئۇيغۇرلىرى

ھازىرقى گەنسۇنىڭ خان كارىدورى (خاشى كارى-

ۋورى) ئەتراپىغا ئورۇنلاشقان ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ مىلۇق ئايمىقىدا ياشىغۇچى ئارىقىنىڭ قەدىمكى نامى.

## «تارىم»

مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئىزاھلىشىچە، شاھزادىلەرگە، ئافراسىياپ (ئالىپ ئەرتوڭا) ئەۋلادىدىن بولغان خېنىملارغا، ئۇلارنىڭ بالىلىرىغا قويۇلغان خاس ئىسىم. خان ئەۋلادىدىن بولغانلارغا ھۆرمەت يۈزىدىن «ئالتۇن تارىم» دېگەن سۆز ئىشلىتىلىدۇ دېيىلىدۇ.

## تۈركلەر

## (كۆك تۈركلەر — تەڭرى تۈركلىرى)

ئېلىمىزنىڭ شىمالى ھەم غەربىي شىمالىدا ياشىغۇچى قەدىمكى مىللەت نامى. بۇلارنى شەرق ئىنچىلىرى، كۆك تۈركلەر ياكى ئوغۇز تۈركلىرى دەپمۇ ئاتايدۇ. «تۈركيە» «تۈرك» دېگەن نام، كەڭ مەنىدە قەدىمكى تۈركىي تىللىرى ئائىلىسىدىكى مىللەتلەر ۋە قەبىلىلەرنى يەنى تۈركلەر، تورالارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تار مەنىدە ئالتاي تاغلىرى ئەتراپىدا ياشىغۇچى كۆك تۈركلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ تۈركلەر ئەسلىدە ھونلارنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، بۇلار ٧ ئەسىردىنىڭ ئاخىرلىرى كۆچۈپ، تۈمەن قاغانىنىڭ باشچىلىقىدا، جورجانلارنى مەغلۇپ

قىلىپ ئورخۇن ۋادىسىدا دۇنياغا مەشھۇر تۈرك خانلىقىنى بەرپا قىلغان ئىدى. سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى ئارىلىقىدا بۇلار تازا كۈچەيگەن بولۇپ، ئاساسەن غەربىي ۋە شەرقىي دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنەتتى. مىلادى 630 — 659 - يىللىرىدا بۇلار تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن بەربات قىلىنغان.

## قارلۇقلار خانلىقى (766—940)

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يەتتە سۇ ئەتراپىدا (بۇرۇنقى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ غەربىي زېمىنىدا) ياشىغۇچى تۈركى قەبىلىلەرنىڭ بىرى بولغان قارلۇقلار باشچىلىقىدا، 766 - يىللىرى سۇياپ (سۇيىتاپ) شەھىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا قۇرۇلغان خانلىقنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ خانلىق VIII ئەسىردىن X ئەسىرگىچە ئىككى ئەسىردەك ھۆكۈم سۈرۈپ، كېيىن قاراخانىلار خاندانلىقىغا قوشۇلۇپ كەتكەن. ئۇنىڭ پايتەختى دەسلەپ سۇياپ، كېيىن 940 - يىلى قوبالىق (كۆپال) غا كۆچكەن. خانلىقنىڭ زېمىنى كېيىنكى ئالتاي تاغلىرىدىن سىر دەرياسىغىچە پۈتكۈل ئىلى، يەتتە سۇ. چۇ دەريا ۋادىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، پايتەختىنى بالاساغۇنغا كۆچۈرگەن ئىدى. شۇنداق قىلىپ بالاساغۇن تارىختا قارلۇق — قاراخانىلارنىڭ (932 — 1219) ۋە قارا كىدانىلار (1131 — 1219)

يدكىمۇ پايتەختى بولغان.

## قازاقلار خانلىقى

تېمورىلەر ئىمپېرىيىسى يىمىرىلگەندىن كېيىن XVI ئەسىرنىڭ بېشىدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىدا ياشىغۇچى قازاق كۆچمەنچى چارۋىچى ئاقسۆڭەكلىرى تەرىپىدىن بەرپا قىلىنغان فېئودال خانلىقنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خانلىق XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئۇلۇغ يۈز — بۈيۈك ئوردا خانلىقى (ئۆز ئىچىگە بالقاش كۆلى رايونىنى ئالىدۇ)، ئوتتۇرا يۈز — ئوتتۇرا ئوردا خانلىقى، (ئۆز ئىچىگە سىر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمى ۋە شىمالىدىكى يايلاقلارنى ئالىدۇ)، كىچىك يۈز — كىچىك ئوردا خانلىقى (ئۆز ئىچىگە ئارال دېڭىزى ئەتراپىنى ئالىدۇ) قاتارلىق ئۈچ يۈز خانلىققا بۆلۈنۈپ كەتكەن ئىدى.

ھۆكۈمرانلار ئۆزىنى «خان»، «سۇلتان» دەپ ئاتىغان. XVIII ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرى جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى ئۇلۇغ يۈز ۋە ئوتتۇرا يۈز خانلىقلىرىنى ئىگىلەپ ئالغان. جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ زۇلمى سەۋەبىدىن ئوتتۇرا يۈز قازاقلىرى ئېرتىش دەرياسىنىڭ بىر تارمىقى بولغان توبول دەريا ۋادىلىرىغا. كىچىك يۈز قازاقلىرى يايىق (ئورال) دەريا ۋادىلىرىغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان. XVIII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا روسىيە ئىمپېرىيىسى

ئوتتۇرا ئاسىياغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن،
ئاۋۋال 1731 — 1740 - يىللىرى كىچىك ھەم
ئوتتۇرا يۈز خانلىقلىرىنى، 1847 - يىلى ئۇلۇغ يۈز
خانلىقىنى بويسۇندۇرغان. بۇ تىكۆل قازاق رايونىنى
1853 - يىلى روسىيىگە قوشۇۋالغان ئىدى، بولار-
دىن بىر قىسمى ئالتاي، تارباغاتاي، ئىلى رايونىغا
كۆچۈپ كىردى.

بۇ خانلىق قازاق مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە
مۇھىم رول ئوينىدى.

«خۇراسىن — خۇۋا — دۆۋلەسىن» (*Hurasin*)
قەدىمكى ماقىنى چېگرىسىدا بېرىلگەن. ئويغۇر يازما
ئەدەبىي يادىكارلىقلىرىدىن بىرى. بۇنىڭ ئەسلىي
دۆڭخۇاڭدىن تېپىلغان. ئاساسەن ئويغۇرلارنىڭ ملادىي
٧ ·١٧ ئەسىرلەردە جۇڭيۇانلار (ئاۋارلار)غا قارشى
ئېلىپ بارغان كۆرىشىنى تەسۋىرلەيدۇ.

## كوراگان (*roragan*)

چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە پادىشاھ، ئەمىرلەر-
نىڭ قىزلىرىغا ئۆيلەنگەنلەرگە بېرىلىدىغان ھۆرمەت
نامى. خانىنىڭ كۈيئوغلى. (تېمۇر كوراگان، مىرزا
مۇھەممەت ھەيدەر كوراگان).

## قىزىل باشلار

ئىران تەۋەسىدە كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن

تۇرمۇش كەچۈرگۈچى تۈرك قەبىلىلىرى ئىتتىپاقى-نىڭ نامى. (بۇلار باشلىرىغا قىزىل جىيەكلىك قال-پاق كىيگەچكە، تارىختا — قىزىل باشلىقلار دەپ ئاتىلىپ كەلگەن). ئۇلارنىڭ ساپاۋىلار خانلىقىغا ئاساس سالغۇچى ئىزمىر I، دەل مۇشۇلارنىڭ ھەر-بىي كۈچىگە تايىنىپ ئىراندا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئىدى.

## كىتابى قورقۇت

(كىتاب دەدە قورقۇت ئەل سانى تەيكى ئوغوزان)

قەدىمكى تۈركمى قەبىلە - قەۋملەرنىڭ رىۋا-يەتلىرى ئاساسىدا، تەخمىنەن XV ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن رەتلەپ چىقىلغان تارىخىي داستان نامى. بۇنىڭ ھازىر ھەر خىل تىلدىكى نۇسخىلىرى بار. ئۇنىڭدا تۈركمى قەبىلىلەرنىڭ ناملىرى، جۇم-لىدىن ھازىرقى نىڭشيادىكى سالا مىللىتىمۇ تىلغا ئېلىنغان. ھەممە ئوغۇز تۈركلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، كاۋكاز، يېقىن شەرق ئەتراپىدا ئېلىپ بارغان ھەرىكەتلىرى بايان قىلىنىدۇ. بۇ تۈركمى خەلقلەرنىڭ قوشاق ئەدەبىي يازما يادىكارلىقلىرىدىن بىرى.

# ھىنجاڭ تارىخىدا ئۆتكەن
# مەشھۇر شەخسلەر

## جىۋا

لەخمىنەن IV ئەسىرلەردە ئۆتكەن كۈچارلىق ئۇيغۇر بۇددا راھىبى. كوسان خانىنىڭ سىڭلىسى، كومارا جىۋانىڭ ئانىسى. ئۇ كومارا جىۋانى ئېلىپ دەسلەپ كەشمىر ئارقىلىق يەكەنگە كەلگەن. يەكەن خانلىقىنىڭ شاھزادىسى شىبۇلى ياسۇمانىڭ ھىمايىسى ئاستىدا بۇددىزمنىڭ ماخايانا مەزھىپىنى تەرغىپ قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان. غەربىي رايون بۇددىزم تارىخىدىكى مەشھۇر شەخسلەرنىڭ بىرى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ بىرقانچە خىل تىل - يېزىقنى بىلىدىكەن.

## كومارا يانا

ھىندىستانلىق بۇددا راھىبە، جىن پادىشاھلىقى تارىخىدا بايان قىلىنىشىچە، ئۇ ئەسلىدە ھىندىستاندا مەرتىۋىلىك كىشى بولۇپ، كوسان (كۈچار) خانىنىڭ تەكلىپى بىلەن كۈچارغا كېلىپ، خانىنىڭ سىڭلىسى جىۋاغا ئۆيلىنىپ، كومارا جىۋانىڭ (339 — 409) نىڭ ئاتىسى بولغان.

## نىستورى
(تۇغۇلغان يىلى نامەلۇم، 451 - يىلى ئۆلگەن)

5 - ئەسىرلەردە ئۆتكەن سۈرىيىلىك. نىستورى
رىستىيان دىنىنىڭ بىر مەزھىبى) دىنغا ئاساس سال-
ۇچى شەخس. ئالى دەۋرىدە بۇ دىن، ئىرانلىقلار
ارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭغا، شىنجاڭ ئارقى-
لىق ئىچكىرىگە (جۇڭگوغا) تارقالغان ئىدى. شىن-
جاڭدىن تېپىلغان سۈرىيە يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر مۇ-
ۇ دەۋرگە مەنسۇپ.

## قوغۇر سۇرقالتۇن (550 — 577)
بەزىلەر (481 - يىلىدىن 550 - يىللىرىغىچە
يشىغان دەيدۇ)

ئالتۇن ئىسمى بولۇپ، VI ئەسىرلەردە ئۆتكەن
رالار (توققۇز ئۇيغۇرلار) ئىچىدىن چىققان سىياسىي
رباب ۋە ئەدىب. ئۇنىڭ «تۇرالار ناخشىسى» ناملىق
رى ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ كەلگەن. ئۇ ئۇيغۇر
لاسسىك ئەدەبىياتىدىلا ئەمەس، بەلكى جۇڭگو كلاسسىك
ەدەبىيات تارىخىدىمۇ مۇئەييەن ئورۇن تۇتۇپ كەل-
مەكتە. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇ شېئىرنى
ماسي چى بەگلىكىنىڭ خانى يوجوكاۋخىلىڭ

(577 - يىلى ئۆلگەن)غا تەقدىم قىلىنغان ئىكەن. بۇ ناخشا ئەينى زاماندا تۇرالار ئەلى سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ئومۇمىي ناخشىغا ئايلىنىپلا قالماستىن بەلكى، خەنزۇ-لار ئىچىدىمۇ شۆھرەت قازانغان. ئۇنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى «ئوردا تېكىستلىرى توپلىمى»غا كىر-گۈزۈلۈپ، ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن. ئازادلىقتىن كېيىن خەنزۇ مەكتەپلىرىنىڭ تىل - ئەدەبىيات دەرس-لىكلىرىگە كىرگۈزۈلگەن.

## سۇجۇپ (سۇگىپتا)

ئەخمەدىن VI ئەسىرلەردە كۇچاردا ئۆتكەن مەش-ھۇر مۇزىكاشۇناس. ئۇ كۇچارنىڭ ئەنئەنىۋى مۇزىكا كۈيلىرى ئارقىلىق خەنزۇ مۇزىكا سەنئىتىنىڭ تەرەققى-ياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن. چىپا چېلىشتا داڭ چىقارغان تۈركلەرنىڭ شاھزادىسىگە ھەمراھ بولۇپ 517 - يىلى چاڭئەنگە بارغان. سۇجۇپ 12 تىپلىق ئاھاڭ (مۇزىكا) قانۇنىغا ئاساس سالغۇچى.

## ئەركىن (سىغىن) (SOKun IRKin)

جۇڭگو، چەتئەل تارىخ كىتابلىرىدا ئەركىن سى-غىنى قەدىمكى ئورخون ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ 1 - ئەۋ-لاد خانى دەپ كۆرسىتىلىدۇ. ئۇ ئەخمەدىن 605 - يىلى-دىن 616 - يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن.

## يان تېكىن (كۆل بىلگە خاقان)

ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئۇرخۇن يغۇر دۆلىتىنىڭ زېمىنىنى شەرقتە ئۇلۇغ ئوكيان- غىچە، غەربتە ئالتاي تاغلىرى ۋە يەنىسەي دەريا دىلىرىغىچە كېڭەيتكەن ئۇلۇغ شەخس.

## شېپى خاقان(شىپاراخان) (shiPara chan)

608 - يىلدىن 613 - يىلغىچە ھۆكۈمرانلىق لغان شەرقىي تۈرك خانى، بىرقانچە يۈز مىڭ تلىق قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، سۈي سۇلالىسىنىڭ دىشاھى سۈي ياڭدىنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغان.

## ئۇيىپجان ياكىلتى (كىلتى ئاۋەتتا)

(تۇغۇلغان يىلى نامەلۇم، 618 - يىلى ۋاپات لغان.)

«يېڭى تاڭ نامە» 68 - جىلدتا قەيت قىلىنغان ئەتنىڭ سانغۇن، تاڭ ئېيزۇڭنىڭ ئەتىۋارلىق زىرى شۇەن ۋۇمىڭ ئۆزگىرىش قوزغىغاندا ئالاھىدە مەت كۆرسەتكەن. ئۇ ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى شۇ ىنىڭ قەبرىسى سەنشى لىچۈەن ناھىيىسىنىڭ شىم دا. 1972 - يىلى ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك قەبرە ئابىد

دىنى قبز ئۆيلىنغان.

## پۆسات (كۆچ قىلتەبىر)

ئۆرخۆن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ 1 - ئەۋلاد خانى تەركىننىڭ ئوغلى. ئۇيغۇر خانى. 628 - يىلى تۈرك خاقانى خانلىقى ئۇيغۇرلار ئۈستىگە باسۇرۇق قىلىپ، ئەۋەتكەن گېنېرال بويكەننى مەغلۇپ قىلغۇچى.

## سىنكاندا (SiKanda) (710 — 652)

VII ئەسىردە ئۆتكەن بۇددا دىنى بىلىملىرى بويىچە مەشھۇر خوتەنلىك راھىب. ۋۇزېتيەن ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرىدە (704 — 684) خوتەندىن لويانگغا كېلىپ 19 خىل مەزمۇندىكى ئون جىلت بۇددا سوتراللىرىنى تەرجىمە قىلغان.

## ۋاي سارا چىن — سىن

تاڭ خاندانلىقى دەۋرىدە، تەخمىنەن 763 — 779 - يىللىرى چاڭئەندە تۇرغان خوتەنلىك مۇزىكاشۇناس. تاڭ پادىشاھى سوزۇڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن ئۇنىڭغا «سانغۇن» (گېنېرال)لۇق ئۇنۋانىنى بەرگەن.

## ئوتبەگ قوگتىر تىكىن

تۈمەت قاغاننىڭ ئەۋرىسى (دوكتىك تىكىننىڭ ئوغلى) خان كارىدورى (خاشى كارىدورى) رايونىنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي باشقاق بېگى بولغان. 715 — 728 - يىللىردىچە مۇكۇمرانلىق قىلغان (ئەۋلاد ئۇيغۇر خانى). ئۇ 716 - يىللىردىن كېيىنكى ئۇرخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ خانى بەگجۇر قاغان (691 — 716) غا قوشى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئۇرۇشىغا قوماندانلىق قىلغان ۋە بەگجۇر قاغاننى ئۆلتۈرگەن.

## بەش تىكىن

قەدىمكى ئورخون ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىخىي داستانى بۆكۈ قاغان توغرىسىدىكى رىۋايەتتە تىلغا ئېلىنغان ئاكا - ئۇكا بەش شەخسنى كۆرسىتىدۇ. بۇلار: ① شۇڭقار تىكىن ② قۇنچۇر تىكىن ③ بۇقار تىكىن ④ ئور تىكىن ⑤ سوكۇ تىكىن.

## سويىرا

تەخمىنەن VII ئەسىردىكى كۇچار خانلىقىنىڭ خانى. ئۇ ئىنىسى ئىلى پۇشى بىلەن بىرگە تاڭ خانلىقىنىڭ تاشناشىن (تۈرك) قوماندانلىقىدىكى كۇچارغا

ئەۋەتكەن قوشۇنىغا قارشى ئېلىپ بارغان جەڭلەرگە قوماندانلىق قىلغان.

## ئوغۇلچاق قادىرخان

قاراخانىلارنىڭ 1 - ئەۋلاد خانى بىلگە كۈل قادىر خاننىڭ ئوغلى. قاراخانىلارنىڭ ئوردىباسار قاغانى. بەزى تارىخىي مەنبەلەردە بايان قىلىنىشىچە، (جامال قەرشىنىڭ «سۇراھ لۇغىتىنىڭ تولۇقلىمىسى» دېگەن كىتابىدا) ئوسمانىلار خانى ئىسمائىل بىننى ئەخمەت (874 — 892) خان بىلەن دەۋرداش بولۇپ، سامانىلار خانلىرى ئىچىدىكى زىددىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، خانلىقنى كۈچەيتىش ئۈچۈن تىرىشقان. قاراخانىلارنىڭ 3 - ئەۋلاد خانى، سۇتۇق بۇغراخان (ئابدۇكېرىم)نىڭ تاغىسى.

## سالايان

مەشھۇر ئۇيغۇر تىلشۇناسى ھەم تارىخچى. «چىن سۇلالىسى تارىخى» قاتارلىق ئوردا تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان تارىخىي كىتابلارنى يېزىشقا قاتناشقان ئەدىب.

## ۋاپيارا سامباھارا

(ياغلا قالقالو) 966 - يىلىنىچە ھۆكۈمرانلىق

قىلغان خوتەن خانى. بەزى تارىخىي خاتىرىلەرگە
ئاساسلانغاندا تاڭ پادىشاھى شۈەنزوڭ خان
(842 — 859) دەۋردە يۈز بەرگەن ئوگلوكى - سۇي-
ىن توپىلىڭىنى باستۇرۇشقا ۋايسارا 5000 ئاتلىق
قوشۇن بىلەن قاتناشقان. شۇڭا تاڭ پادىشاھى ئۇ-
نىڭغا ئوردا كىيىمىنى خوتۇنلۇققا بېرىپ كۈيئوغۇل
قىلىۋالغان. ئەمما ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان يىل-
لىرى بۇ ۋەقەگە توغرا كەلمەيدۇ.

## ۋايسارا جياڭ

مىلادى 827 — 835 - يىللىرى چاڭئەندە ئۆت-
كەن خوتەنلىك مۇزىكاشۇناس. تاڭ دەۋرىدىكى مۇ-
زىكا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپە
قوشقان سەنئەت ئەرباب.

## ئوكى تىكىن (ئوكى قاغان)

841 - يىلدىن 846 - يىللىرىغىچە ھۆكۈمرانلىق
قىلغان ئورخون ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ 23 - ئەۋ-
لاد قاغانى. ئاسار قاغاننىڭ تاغىسى. ئۇ، خانلىق
ئاۋالىققا يۈز تۇتقاندا دەسلەپ سەنشى ئۆلكىسىنىڭ
شىمالى زېمىنىغا كۆچكەن ھەم شۇ يەردە ياشايدىغان
خەنزۇچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. بەزى مەنبەلەردە
ئۇ ئۆز ۋەزىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن دېيىلىدۇ.

## فارابى (870 — 950)

(ئەبۇ ناسىر مۇھەممەت بىننى تارخان بىننى ئۇزلۇغ فارابى)

مەشھۇر ئۇيغۇر پەيلاسوپى، مۇزىكاشۇناس، تىلشۇناس. ئۇنىڭ تەلىماتلىرى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپا ئىلىم - پەن تەرەققىياتى ئۈچۈن چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن.

(فارابىغا قارالسۇن)

## سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ

تەخمىنەن X ئەسىردە بەشبالىق (جىمسار)دا تۇغۇلۇپ ئۆتكەن مەشھۇر تەرجىمشۇناس. قوچۇ ئۇيغۇر بۇددىزم مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي سالغۇچىلىرىدىن بىرى. ئۇ بۇددا كىتابلىرىدىن «شۈەنجاڭنىڭ تەزكىرىسى» ۋە «ئالتۇن يارۇق» قاتارلىق كىتابلارنى خەنزۇچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

## ۋايسارا سامبا

تەخمىنەن X ئەسىرلەردە ئۆتكەن خوتەن ھۆكۈمرانى، بەزىلەر ياغلا قالقالو (لى شىڭتيەن) دەل

بۇنى شەخس دەپ قارايدۇ. ئەرەب، پارس تارىخ كىتابلىرىدا بۇ شەخسنى ماچىن ۋالى (خوتەننى چىن-ماچىن دەپ ئاتىغانلىقتىن، ماچىن ۋالى — خوتەن پادىشاھى دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتاپ كەلگەن.

## سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ

تولۇق نامى. «ئالتۇن ئوڭلۇق يارۇق پالتىراق-لىق تويقا كۆتىرىلمىش نوم بىتىك» — بۇددا نوملىرى. ئەقىدىلىرى، رىۋايەتلىرى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زور ھەجىملىك كىتاب. بەشبالىقتا ئۆتكەن ئۇيغۇر تىلشۇناسى، ئەدىبى. سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تەخمىنەن X ئەسىرنىڭ ئاخىرى XI ئەسىر باشلىرى (960 — 1027) «ئالتۇن يارۇق» دېگەن چوڭ ھەجىملىك كىتابنى خەنزۇ تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. بۇ كىتابتا بۇددا نوملىرى. رىۋايەتلىرى. ئەقىدىلىرى بايان قىلىنغان. X، XI ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر تىلى، ئەدەبىياتى ھەم تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە كلاسسىك ئەسەر.

## سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان (ئابدۇكېرىم)

تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا قاراخانىلارنىڭ مەشھۇر خانى. بازىر خاننىڭ 2 - ئوغلى، ئۇ

مىلادى 942 - يىلىدىن 955 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن قاراخانىلارنىڭ 5 - ئەۋلاد خانى، ئۇ قاراخانىلار ئىمپېرىيىسىدە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ ۋە ئۇنى كېڭەيتىشكە ئالاھىدە رول ئوينىغان مەشھۇر پادىشاھ. ئۇ 956 - يىلى ۋاپات بولۇپ ئاتۇشتا دەپنە قىلىنغان.

## سۇلايمان

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ 2 - ئوغلى مۇسا ئارسلانخاننىڭ ئىنىسى، قاراخانىلار غەربىي خانلىقىنىڭ خانى.

## سۇلايمان بىننى يۇسۇپ ئارسلانخان

1032 - يىلدىن 1037 - يىلغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان قاراخانىلار شەرقىي خانلىقىنىڭ 1 - ئەۋلاد خانى.

## سۇلايمان بىننى داۋۇتخان

1047 - يىلى قاراخانىلار غەربىي خانلىقىنىڭ تەختكە چىققان خانى.

## يۇسۇپ قادىرخان (يۇسۇپ ئارسلانخان)

(تۇغۇلغان ۋاقتى نامەلۇم، 1032 - يىلى ھە-

كەندە ۋاپات بولغان)

ھارون بۇغراخاننىڭ ئوغلى (سۇتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى)، تەخمىنەن مىلادى 1000 - يىلدىن 1032 - يىللىرىغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان قاراخانىلارنىڭ مەشھۇر خانى.

ئۇ 40 نەچچە مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن خوتەنگە يۈرۈش قىلغان. 20 نەچچە يىل «غازات» قىلىپ ئىسلام ئاچقان پادشاھ. بەزى تارىخىي مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە ئۇ، «مالىكۇل مەشرىق» (شەرقنىڭ خانى ئۇنۋانىغا ئىگە بولغان). ئىيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ يەكەندە قازا تاپقان. ھېلىمۇ يەكەننىڭ ئاچچىق دېگەن يېرىدە ئۇنىڭ نامىدا بىر مازار بار.

يۈسۈپ قادىرخان خوتەندە ئۇزاق مۇددەت ھۆكۈم سۈرگەن ياغلا قالقالو ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىپ، خوتەننى قاراخانىلار ئىلكىگە ئالغان. بەزى رىۋايەتلەردە تەسۋىرلەنگەن دوكىتى رەشىدە، نوكىتى رەشىد دېگەنلەر ئەنە شۇ دەۋردە يۈسۈپ قادىرخانغا قارشى ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلغان ئودۇن سەردارلىرى ئىدى.

## ئارسلان تىكىن غازى (بىكەم ئارسلان)

1031 - يىلدىن 1037 - يىلغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان قاراخانىلارنىڭ خانى (يۈسۈپ بۇغرا-

خانىڭ چوڭ ئوغلى) مەھمۇت قەشقەرىنىڭ دادا جەمەت تۇغقىنى. شۇڭا «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بۇ شەخسنى ھۆرمەتلەپ «ئارسلان تېكىن غازى» دەپ ئاتاپ ئادىل، سەرىپەتپەرۋەر قىلىپ كۆرسىتىدۇ. «يىگەم ئارسلان تېكىن» ئۇنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى.

## يۈسۈپ خاس ھاجىپ

تەخمىنەن 1018 — 1019 - يىللىرى قاراخانىلارنىڭ پايتەختلىرىدىن بولغان بالاساغۇندا تۇغۇلۇپ قەشقەردە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى. پەيلاسوپ، شائىرى، مۇتەپەككۇرى ھەمدە دۆلەت ئەربابى. مەشھۇر ئەسەر «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئاپتورى. ئۇ مىلادى 1086 — 1087 - يىللىرى قەشقەردە ۋاپات بولغان. يۈسۈپ ئالىمنىڭ ئىسمى. «خاس ھاجىپ» قاراخانىلارنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى خانى ئېلى ھەسەن ئىبنى ئارسلانخان (بۇغراخان)نىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن ئۇنۋانى.

(«قۇتادغۇ بىلىك»كە قاراڭ)

## شاھ لۇغىتى

XI ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر تارىخچىسى ئابدۇجاپپار تەرىپىدىن يېزىلغان ئەسەر نامى. بۇ ئەسەر يېزىلىش دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلمىگەن.

## ناسىر ئىبنى قاراخانى

XI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۆتكەن قاراخانىلار شەرقىي خانلىقىنىڭ خانى (1057 — 1058) مەھمۇت قەشقەرىنىڭ بوۋىسى. ئۇ تەخمىنەن 999- يىلى سامانىلار خانلىقىنىڭ پايتەختى بۇخاراغا ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشىدا قوماندانلىق قىلىپ، بۇخارا خانلىقى (سامانىلار خانلىقىنى) ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، چۇۋان ماۋرا ئۇننەھرىنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى بولغان. كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى ھۈسەيىن ئىبنى مۇھەممەت (مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئاتىسى) ئىسسىق كۆلنىڭ جەنۇبىدىكى بارسغان شەھىرىنىڭ ئەمىرى بولغان.

## ناسىر ئىبنى ئىبراھىم

1068 - يىلىدىن 1080 - يىلىغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان قاراخانىلار غەربىي خانلىقىنىڭ 3 - ئەۋلاد خانى. سالجۇقىلار خانلىقىغا قارشى كۈرەشكە رەھبەرلىك قىلغۇچى، ھەم ئىلىم - پەن ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن مەرىپەتپەرۋەر پادىشاھ.

## مەھمۇت قەشقەرى

(مەھمۇت ئىبنى ھۈسەيىن ئىبنى مەھمۇت قەشقەرى)

مىلادى XI ئەسىرلەردە قاراخانىلار دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى، يىرىك تىلشۇناس، تارىخچى ھەم ئۇنىجى تۈركلوگ. «دىۋانى لۇغەتىت تۈرك» ۋە «كىتاب جەۋاھىر ئەننەھۇ فى لۇغەتتىت تۈرك» (تۈركىي تىللار گراممانىكىسىدىكى جەۋھەردانىلەر كىتابى) قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى. بەزى مەلۇماتلاردا ئاپتورنىڭ يەنە «خانلار تارىخى» ناملىق ئەسىرىمۇ بولغان.

## ناسىر ئىبنى ھۈسەيىن

1168 - يىلدىن 1172 - يىلغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان قاراخانىلار غەربىي خانلىقىنىڭ (سەمەرقەند سويورغاللىقىنىڭ) خانى بولغان.

## ناسىر (ئارسلان ئىلىك)

ئەسىرنىڭ XI ئەسىردىكى قاراخانىلار شەرقىي خانلىقىنىڭ خانى. سامانىلار خانلىقىنىڭ تەھدىتىگە قارشى كۈچ قىلىش جەڭلىرىگە قوماندانلىق قىلىپ، سامانىلار خانلىقىنىڭ پايتەختى بۇخارانى ئىگىلىگەن ناسىر ئىبنى قاراخانىنىڭ ئۆزىدۇر.

## رابىئا بار سارما

قەدىمقى سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلاردىن بولغان ئوردا

قاشقى ئىشلار مۇئەككىلى (ۋەزىرى)، ئۇ 1287 - يىلىدىن 1288 - يىلغىچە موڭغۇل خانى ئارغۇننىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە ياپىلاخ III بىلەن ئىتالىيە، فرانسىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق غەربىي ياۋروپا ئەللىرىدە زىيارەتتە بولغان. خرىستىيان دىنىدىكى دۆلەتلەر بىلەن يۈەن سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەت ئورنىتىش يولىدا كۈچ چىقارغان موڭغۇل خانلىقىنىڭ ئەلچىسى ھەم نېستورىيان دىنىنىڭ راھىبى، ئۇ 1294 - يىلى باغداتتا ۋاپات بولغان. تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا غەربىي ياۋروپا تىللىرىغىمۇ بىرقەدەر پىششىق بىلىدىكەن.

## ئارۇت (*Arut*)

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر ئوردا ئەمەلدارى ھەم مەدەنىيەت ئەربابى. «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى»دا ئۇنى دۆلەت تارىخىنى يېزىپ چىقىشقا تەپتىشلىك قىلغۇچى دەپ كۆرسەتكەن.

## مازۇجاڭ

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن توقسۇنلۇق مەشھۇر ئۇيغۇر ئەدىب ھەم تارىخچى. «شىيەن توپلىمى» (15 جىلتلىق بولۇپ، بەش جىلتى نەزمە، ئون جىلتى ماقالىلەر)، «مەڭگۈلۈك ئەسلىمىلەر» قاتارلىق نۇرغۇن ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى. بۇنىڭدىن باشقا

يۈەن سۇلالىسىنىڭ خانى يىسۇنتۆمۈر شۇدىباڭ» (1321 — 1323)نىڭ «يىگىتلىك ئەمەلىي خاتىرىسى» «خانىنىڭ تەزكىرىلىك ساۋاقلىرى» قاتارلىقلارنى يېزىشقا قاتناشقان. بىراق ئاتا - بوۋىسىدىن تارتىپ مەرتىۋىلىك بولۇپ كەلگەچكە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى خەنزۇچە يېزىلغان ۋە خەنزۇ ئەدەبىيلىرى ئارىسىدا زور تەسىر قوزغىغان.

## قولقۇسى

يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر ئەرباب. جوجىخانىنىڭ ئوغلى، چىڭ تېمۇرنىڭ ئۇستازى. كېيىن موڭغۇل خانلىقى تەرىپىدىن خۇراسانغا ۋالىيە، باج - خىراج ئىشلىرى ئەمەلدارلىقىغا تەيىنلەنگەن.

## لۇتفى (1366 — 1455)
## (مەۋلانا ئەبەيدۇللا لۇتفىي)

1366 - يىلى قەشقەردە تۇغۇلۇپ ھاياتىنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىراتتا ئۆتكۈزگەن خەلقپەرۋەر ئۇيغۇر شائىرى ۋە مۇتەپەككۇرى. «تەزكىرەتى خوجا مۇھەممەت»، «گۇل بىلەن نەۋرۇز»، «سەبىھى ئەنۋەر» («نۇر مەنبەلىرى»)، «دىۋان لۇتفى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بىلەن مەشھۇر.

لۇتفى XV ئەسىردىكى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان ئۇيغۇر شائىرلىرىدىن بىرى. ئۇ «تەزكىرە خوجى مۇھەممەت» دېگەن كىتابىدا، سۇلتان ئابدۇرىشىتخان ھەققىدىمۇ مەلۇمات بېرىدۇ.

## راببان ماركۇنى (1317 — 1445)

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ خوجو ۋىلايىتىدە ۋاپات بولغان. ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان نېستورىيان راھىبى، دىپلومات. راببان بارسا ئوماننىڭ سەپدىشى. ئۇ 1280 - يىلىدىن 1317- يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا نېستورىيان دىنى جۇڭگو رايونىنىڭ باش روھانىسى، 1281 - يىلدىن باشلاپ نېستورىيان دىنى باش راھىبى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان مەشھۇر ئەرباب.

چەت ئەللەردە ئۇنىڭ ھاياتى، پائالىيىتىگە دائىر مەخسۇس ئەسەرلەر بارلىقى مەلۇم. تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا ئۇ سەپدىشى رابىان بارسا ئوما بىلەن قۇددۇس ھەمدە غەربىي ياۋروپا ئەللىرىدە زىيارەتتە ھەم دىپلوماتىك پائالىيەتلىرىدە بولغان. موڭغۇل تىلىنى پىششىق بىلگەچكە، موڭغۇل خانى ئاخباننىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن.

## ئاتاتۇڭا (*ta ta tung A*)

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاتاقلىق ئۇيغۇر

تىلشۇناسى چىڭگىزخاننىڭ مىرزىسى، خان جەمەتى پەرزەنتلىرىنىڭ ئۇستازى، ئەمەلىي ئۇيغۇر ھەرپىنى ئاساسىدا موڭغۇل يېزىقىنى كەشپ قىلغان مەدەنىيەت ئەربابى. ئەينى زاماندا موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇشۇ يېزىق بىلەن باشقۇرۇپ كەلگەن. كېيىن ئۇلاردىن مانجۇلار ئۆگەنگەن. يىغىپ ئېيتقاندا، موڭغۇل، مانجۇلارنىڭ يېزىقى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ داۋامى ۋە تەرەققىياتى. يۈەن سۇلالىسىنىڭ تارىخى. «تاتاتۇڭغا» تەزكىرىسىدە بۇ توغرىدا ئالاھىدە توختالغان.

## سەيدۇللا

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى، تىلشۇناس. شەنشىنىڭ يەنجىن ناھىيىسىدە تۇرۇپ قالغان. ئۇنىڭ «يەنمىن توپلىمى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى بارلىقى مەلۇم. بولۇپمۇ ئۇنىڭ «شىتوجىڭغا چىققاندا» («تاشبالىققا چىققاندا») ناملىق شېئىرى مەشھۇردۇر. يولداش ماۋزېدۇڭ بۇ شېئىرنى ئالاھىدە نەقىل كەلتۈرگەن (تاشبالىق ھازىرقى نەنجىڭ).

## يانچى بۇقا

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلاردىن كې-

پ چىققان ھۆكۈمەت ئەمەلدارى، ئۇ گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ ئەلچى - چارچى سىلاۋلىق مەنسىپىدە بولغان. ئۇ خانبالىق (بېيجىڭ) ھەم گۇاڭدۇڭ بىلەن پايتەخت ئوتتۇرىسىدىكى ھەرقايسى جايلاردا قاتناش بېكەتلىرىنى قۇرۇش ئىشىدا ئالاھىدە تۆھپە قوشقان.

## چەنيۈيان سەلى

«يۈەن سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى» 231 - جىلدىتا خاتىرىلەنگەن — قوچۇ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىن چىققان تارىخچى ھەم ھەربىي ئەمەلدار، دىۋان مۇئەككىلى، يارغاچ (ئەمەل نامى) قاتارلىق مەنسەپلەردە بولۇپ، كېيىن سۇڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخىنى يېزىشقا قاتناشقان.

## سىير ئىدىن چىن ئۆمەر (1211 — 1279)

ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان سىياسىي ئەرباب. ئۇ 1274 - يىلى يۈەن خاندانلىقى تەرىپىدىن ھازىرقى يۈننەن ئۆلكىسىگە ئوردا ۋازارەت مۇئەككىلى قىلىپ ئەۋەتىلگەن. ئۇ، شۇ رايون ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا زور ھەسسە قوشقان.

## ئاي ھەيا (1227 — 1287)

«يۈەن سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى»، 160 -

جىلتتىكى ۋەتاي ھەيبا تەزكىرىسىدە بايان قىلىنغان بەشبالىق (جىمسار) ئەتراپىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۇيغۇر ھەربىي سەركەردە ھەم ئاتاقلىق سىياسىئون. ئۇ دەسلەپ 5 - ئەۋلاد موڭغۇل خانى قوبلەي خان (1260 — 1294)نىڭ ياساۋۇلى، ئوردا مەسلىھەتچىسى، دىۋان بېگى، خۇنەن، خۇبېي، گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى مەمۇرىي رايونىنىڭ سول قول ۋەزىرى قاتارلىق مەنسەپلەردە بولغان.

1268 - يىلىدىن باشلاپ جەنۇبىي سۇڭغا جازا يۈرۈشى قىلغان قوشۇنىنىڭ قوماندانلىرىدىن بىرى قىلىپ تەيىنلەنگەن. كۆپ قېتىملىق جەڭگە قوماندانلىق قىلىپ يۈەن سۇلالىسىنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشى ئۈچۈن ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن. ئۇ 1287 - يىلى يۈەن سۇلالىسىنىڭ پايتەختى خانبالىق (بېيجىڭ)دا ۋاپات بولغان.

ھىسامودون

«يۈەن سۇلالىسى يېڭى تارىخى» 154 - جىلتتا قەيت قىلىنغان تۇرپانلىق سىياسىي ئەرباب ھەم ئەدىب. ئۆشەنشى ئۆلكىسىنىڭ دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى بولغان.

سانگر (ساڭغا)

(تۇغۇلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس، 1291 - يىلى ئۆلگەن)

① يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلاردىن چىققـ

قان دئەل مۆكۆما» ئۇنۋانلىق بارەڭنىڭ شاگىرتى.
يۈەن سۇلالىسى بۇددا دىنى ئىشلىرى تىبەت ئىش-
لىرىغا مەسئۇل ئۇيغۇر ئەمەلدارى. ئۇ 1287 - يىلى
مۇئاۋىن ۋازارەت مۇئەككىلى بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە
خىيانەت قىلىپ ئىچكى - تاشقى ئەمەلدارلىرىنى
خالىغانچە بىر تەرەپ قىلدى دېگەن بىلەن 1291 -
يىلى ئۆلتۈرۈلگەن.

## چامالىددىن

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئاتاقلىق ئاس-
ترونوم. ئۇ 1267 - يىلى بېيجىڭدا تۇرۇپ، رەسەت-
خانا قۇرغان ھەم بىرقانچە خىل ئاستىرونومىيە
ئەسۋابلىرىنى ياساپ چىقىپ، جۇڭگو ئاسترونومىيە
ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور ھەسسە
قوشقان.

## كارداناس

«يۈەن خاندانلىقىنىڭ يېڭى تارىخى»دا تىلغا
ئېلىنغان يۈەن خاندانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر
ئۇيغۇر تىلشۇناس، ئۇ ئۇيغۇر، موڭغۇل، تىبەت،
سانسكرىت يېزىقىدىكى بۇددا سوترالىرىنى (نوملارنى)
ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ چىققان.

## ساكغاشىر

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن قوچۇلۇق ئۇيب-

خۇر بۇددا دىنىي كىتابلىرىنى تەرجىمە قىلغۇچى تا-
رىخىي خاتىرىلەردە بايان قىلىنىشىچە، ئۇ بىر مەلۇم
تىببەت تىلىدىكى بۇددا سوترالىرىنى قەدىمكى ئۇيغۇر
تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان.

## شىكشىمىن كۇچارى (*xikximin Kuqari*)

يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە ئۆت-
كەن كۇچارلىق مەشھۇر ئۇيغۇر تىلشۇناسى ھەم مە-
دەنىيەت ئەربابى. خەنزۇچە، سانسكرىتچە، موڭغۇلچە
تىل - يېزىققا ئائىت «خەتتاتلىق دەستۇرلىرىدىن تەت-
قىقات» (8 جىلدلىق)، رەسساملىققا دائىر «رەسسامچى-
لىق تېئورىيىسىدا تەتقىقات» (7 جىلدلىق) قاتارلىق
ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى.

تارىخ مەنبەلىرىگە ئاساسلانغاندا ئاپتور بۇ ئە-
سەرلىرىنى 1343 - يىلى يۈەن سۇلالىسى خانىغا
تەقدىم قىلغان.

## سەككاكىي (1168 — 1228)

(سىراجىددىن ئەبۇ ئايسۇپ يۈسۈپ ئىبنى ئەبۇ
بەكرى ئەل خارەزمى سەككاكى)

XII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، XIII ئەسىرنىڭ
باشلىرىدا ئۆتكەن ئۇيغۇر ئالىمى ۋە شائىرى. چاغا-
تاي دەۋرىدىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتى «غەزەل»ژانىرىغا

باش سالغۇچى. «موقتا هال ئۆلۈم» (ئالمىنىڭ تاپقۇچى) قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى. چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى. شۇڭا ناۋايى ئۇنى «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۇستىسى» دەپ ئاتىغان. ئىسمىتۇللا بىننى نىمىتۇللانىڭ تېپىشىغا قارىغاندا ئەلىدە ۋاپات بولغان.

## ئوزارخان

XIII ئەسىردىكى ئۇيغۇر، قارلۇقلىردىن بولغان ئالمىلىقنىڭ خانى. ئۇ 1211 - يىلى موڭغۇل قوشۇنىغا ئەل بولۇپ، چىڭگىزخان بىلەن قۇدىلاشقان.

## تېمۇرلەڭ (ئاقساق تېمور) ئىمپېراتورى
## (1405 — 1336)

1370 - يىلدىن 1405 - يىلغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تېمور ئىمپېرىيىسىگە باش سالغۇچى. ئۇنىڭ دەۋرىدە ئىمپېرىيىنىڭ زېمىن دائىرىسى ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران، ئىراق، ئالتۇن ئوردا خانلىقى قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى 200 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ، شىنجاڭغا كىرىش سەپىرىدە ئوترال (ئوترار) شەھرىدە ۋاپات بولۇپ، يېنى ئەمەلگە ئاشمىغان.

### رابغۇزى

(قازى ناسىرىددىن رابغۇزى — ئۆزلۈك راباتغۇزى بۇرمانىددىن)

تەخمىنەن XIII، XIV ئەسىرلەردە خارەزىم ۋە قەشقەردە ئۆتكەن پەيلاسوپ، ئەدىب، ئۇيغۇر رومانتىزىم ئەدەبىياتىدا ئاساس سالغۇچىلاردىن بىرى. «قىسسەئى رابغۇزى»نىڭ ئاپتورى.

### مەۋلانا ئەرشىددىن ۋەلى

بەزى تارىخىي كىتابلاردا قەيت قىلىنىشى چىڭ خاقاي خانى تۇغلۇق تېمور خانىنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىپ، ئىمانغا كەلتۈرگەن دىنىي زات. ھازىر كۇچاردا ئۇنىڭ مازىرى بار.

### ئىبنى مۇھەممەت قەشقەرى

تەخمىنەن XIV ئەسىرلەردە ئۆتكەن قەشقەرلىك ئۇيغۇر ئالىمى. ئۇ ئەينى زاماندا مىسىرنىڭ «باي بارس» خانىقاسىدە مۇدەررىس (پىروفېسور) بولغان. ئۇنىڭ 1363 - يىلى يازغان «تاج ئەل سائادات»، «ئۇنۋان ئەلئارات» (سائادەت تاجىسى ۋە «ھاكىمىيەت ئۇنۋانلىرى») قاتارلىق ئەسەرلىرىنىڭ بارلىقى مەلۇم.

## نەقشى جاھان

نا 1421 - يىلدىكى بەشبالىقنىڭ ھۆكۈمرانى (ئەخمەتنىڭ ئوغلى). نەقشى بەندىچىلەر XIV ئە- سىرلەردە باھاۋىددىن تەردىيەدىن بۇخارادا بارلىققا كەلگەن سوغزىملىق دىنى مەزھەپنىڭ مۇرتلىرى.

## جامال قەرشى

تەخمىنەن XIV ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۆتكەن قەشقەرلىك (بەزىلەر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەر- شىدە تۇغۇلغان دەيدۇ) ئۇيغۇر تارىخچىسى (بەزى مە- لۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇ ئالمىلىقتا تۇغۇلۇپ كېيىن قەشقەرگە كەلگەن). «مول ھايات. ئەل — سوروخ» «سوروخ لۇغىتىگە تولۇقلىما») قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى. ئاپتور بۇ ئەسەردە بىزنى قاراخانىلارنىڭ دەسلەپكى دەۋرىگە ئائىت ماتېرىياللار بىلەن تەمىن- لەيدۇ.

## شەمشى جاھان

1421 - يىلدىن 1428 - يىلغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان تۇرپان خانى (قىدىر خوجىنىڭ ئوغلى ھەم تەخت ۋارىسى) مىڭ سۇلالىسىغا ئەلچى ئەۋەتكەن.

مىر ئەخمەت

«بابۇرنامە»دا تىلغا ئېلىنغان XIV ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن ئۇيغۇر شائىرى. «مازلا مۇنازىرىسى» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى.

## ناۋايى (1441—1501)
(نىزامىددىن ئەلىشىر ناۋايى)

ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنىڭ ئادالەتپەرۋەر ئۇلۇغ شائىرى، مۇتەپەككۇرى ھەم دۆلەت ئەربابى. خۇراسان ئەمىرى ھۈسەيىن بايقارانىڭ ۋەزىرى.

ئۇيغۇر، ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىسى. «پەرھاد ـ شىرىن»، «ھەيراتۇل ئەبرار»، «لەيلى ـ مەجنۇن»، «سەبئى ـ سەييار»، «سەددى ـ ئىسكەندەر» «خەمسە» (بەش داستان)، «خەزائىنۇلمەئانىي» (مەنىلەر خەزىنىسى)، «چاھار دىۋان» (تۆت شېئىرىي دىۋان)، «مىزانۇل ئەۋزان» (ۋەزنى ئۆلچىمى)، «مەھبۇبۇل قۇلۇب» (كۆڭۈللەر دۆلىتى)، «ماھاكىمە تول لۇغەتەيىن» (تىل مۇھاكىمىسى ياكى ئىككى تىل لۇغەت مۇھاكىمىسى) قاتارلىق 30 دىن ئارتۇق ئەسەرنىڭ ئاپتورى. ئۇ يالغۇز ئوتتۇرا ئاسىيادىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيا كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئۇلۇغ ئالىم

بۇ ئەدەبىيات پېشۋاسى.

## كەپەك سۇلتان

تەخمىنەن XV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ھۆكۈمرانلىق قىلغان تۇرپان پادىشاھى. تۇرپان خەلقىنىڭ ئويراتلارنىڭ (قالماقلارنىڭ) زۇلمىغا قارشى 1475 - يىللاردىكى قوزغىلىڭىغا رەھبەرلىك قىلغان.

## ئۇۋەيس خان

(شىر مۇھەممەت خاننىڭ ئوغلى، ناخشى جاھاننىڭ ئىنىسى)

XV ئەسىردە ئۆتكەن بەشبالىقنىڭ ھۆكۈمرانى، بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 1418 - يىلدىن 1428 - يىلغىچە بولغان ئون يىل ئىچىدە ئويرات ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى ئون نەچچە قېتىملىق ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىپ ئۇلارنى زەربە بىلەن چېكىندۈرگەن. بەشبالىق قولدىن كەتكەندىن كېيىن پايتەختنى ئىلىغا يۆتكەپ يېڭى پايتەختنى «ئىلى بالىق» دەپ ئاتىغان. ئۇ، بۇرۇنقى چاغاتاي خانلىقىنىڭ زېمىنىدا — بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن تارتىپ پۈتكۈل شىمالىي شىنجاڭنى ھۆكۈمرانلىق قىلغان.

## ئاياز بېگ

تەخمىنەن XV ئەسىرلەردە ئۆتكەن يەكەنلىك

ئۇيغۇر شائىرى. «جاھانىنامە» قاتارلىق داستان ۋە پارچە شېئىرىي دىۋانىنىڭ ئاپتورى. بۇ ھەققە «تارىخى رەشىدى زەيلى»دە (مىرزا ھەيدەر مۇھەممەت كوراگانىنىڭ) ئالاھىدە توختالغان. ئاپتورىنىڭ تەخەللۇسى قوشىچى.

## شەيخ ئالاۋىددىن مۇھەممەت

نايمانلار خانى كۈچلۈك (گورخان) تەرىپىدىن پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈرۈلگەن خوتەنلىك مەشھۇر زات. ئۇ نايمانلار خانى كۈچلۈكنىڭ زورلاۋاتقىنىغا چىداپ تۇرالماي قارشىلىق كۆرسىتىپ مەردانىلەرچە قۇربان بولغان كىشى.

## سۇلتان ئەلى

1469 - يىلىدىن 1478 - يىلغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان تۇرپاننىڭ خانى. ئۇ 1473 - يىلى قۇمۇلنى ئىشغال قىلىپ، پۈتۈن غەربىي رايوننىڭ سودا يولىنى ئۆز قولىغا ئېلىۋالغان.

## سۇلتان غىياسىدىن

چاغاتاي ئەۋلادىدىن بولغان بۇراق خاننىڭ ئۆزى. ئۇ: ئوتتۇرا ئاسىياغا كەلگەن موڭغۇل ھۆكۈم-

ۋانلىرى ئەچىدە تۇنجى بولۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، ئىسمىنى غىياسىددىنغا ئۆزگەرتكەن. تەخمىنەن 20 يىلچە تەختتە ئولتۇرغان.

## پەلۋان مۇھەممەت

XV ئەسىرلەردە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر مۇزىكاشۇناس. «تارىخى مۇسىقىيۇن»دا بايان قىلىنىشىچە، ئۇيغۇر مۇزىكا تارىخىدىكى 14 ـ ئەۋلاد مۇزىكا پىرى. ئۇ خوراسان ئەمىرى ھۇسەيىن بايقارا (1470 — 1505) بىلەن زاماندا بولۇپ، «چارىگان»، «پەنجىگاھ» قاتارلىق مۇقاملارنى ئىجاد قىلغان.

## ئابابەكرى (مىرزا ئابابەكرى خان)

تەخمىنەن XV ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدىن XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە قەشقەرىيەنىڭ (قەشقەر، يەكەن، خوتەننىڭ) ھۆكۈمرانى بولغان. ئۇ 1514 ـ يىلى سۇلتان سەئىدخان تەرىپىدىن ئەجەلنىڭ زەربىگە ئۇچراپ تەختتىن چۈشكەن.

## ئەخمەت خان

ئۇ يەكەن خانلىقىنى قۇرغۇچى سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئاتىسى.

## سۇلتان مەنسۇرخان

مىلادى 1503 - يىلدىن 1547 - يىلغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان شەرقىي شىنجاڭ (قارا شەھەردىن قۇمۇلغىچە)نىڭ سۇلتانى. يەكەن خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئاكىسى.

## مىرزا مۇھەممەت (مەھمۇت) ھەيدەر كوراگان
## (مىرزا شاھ مەھمۇت جورانى)

مىڭ خاندانلىقى دەۋرىدە قەشقەردە تۇغۇلۇپ، يەكەن، ھىندىستان، كەشمىرلەردە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر تارىخچىسى، ئەدىب ھەم دۆلەت ئەربابى. ئۇنىڭ ئاتىسىنى ئۆزبېك خانى شەيبانى (1450 — 1510) ئۆلتۈرۈۋەتكەن. شۇندىن كېيىن ئۇ سۇلتان سەئىدخاننىڭ تەربىيىسىدە بولغان. سەئىدىيە خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مىرزا ھەيدەر پەۋقۇلئاددە ئەلچى سۈپىتىدە ئەينى زاماندىكى تۇرپان ئىنىڭ ھۆكۈمرانى مەنسۇرخان (سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئاكىسى) تەۋەسىگە بېرىپ ئىككى ھاكىمىيەتنى بىرلەشتۈرۈشتە ئالاھىدە رول ئوينىغان. كېيىن سۇلتان سەئىدخاننىڭ لاداق تارقىلىق شىزاڭغا قىلغان ھەربىي يۈرۈشىدىمۇ مەسلىھەتچى بولغان. 1533 - يىلى سەئىدخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر ھىندىس-

قاندا بارغان. كېيىن كەشمىرنىڭ خانلىق تەختىنى قولغا كەلتۈرۈپ 1541 - يىلدىن 1551 - يىلغىچە ئون يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەشمىردە ۋاپات بولغان.
«تارىخى رەشىدى» ئۇنىڭ مەشھۇر ئەسىرىدۇر.

## سۇلتان ئىسكەندەر

يەكەن خانلىقىنىڭ 1 - ئەۋلاد خانى — سۇلتان سەئىد خاننىڭ كەنجى ئوغلى. 1532 - يىلى تىبەت ۋە كەشمىر قاتارلىق جايلارغا ئەۋەتىلگەن خانلىق قوشۇنىنىڭ قوماندانى بولغان ھەمدە سۇلتان ئابدۇرېشىدخان تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن تىبەت ۋالىيسى. مەشھۇر ئەدىب مەۋلانە ئەبەيدۇللالۇتفى بىلەن زامانداش. تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا لۇتفىنىڭ «گۈل ۋە نەۋرۇز» داستانى سۇلتان ئىسكەندەر خاننىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن يېزىلغان ئىكەن.

## ئىسمائىل خان

يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانى. ئابدۇللاخاننىڭ ئىنىسى. ئۇ 1671 - يىلدىن 1679 - يىلغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. قارا تاغلىقلار مەزھېپىنىڭ ئاتىمىشلىرىدىن بىرى. قەشقەردىكى ئاق تاغلىقلارنىڭ كاتتىبېشى ئاپئاق خوجىنىڭ رەقىبى.

ئاپپاق خوجا غالدانىنىڭ ياردىمى بىلەن ئىسمائىل خاننى ئاغدۇرۇپ، ئۇنى ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن تۇتقۇن قىلىپ ئىلىغا سۈرگۈن قىلغان.

## ھىدايىتۇللا ئىشان (ئاپپاق خوجا)

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاق تاغلىقلارنىڭ كاتتىبېشى. خوجا مۇھەممەت يۈسۈپنىڭ ئوغلى. جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ گۇماشتىسى.

ئۇ 1679 - يىلى بىر تەرەپتىن قەشقەر، يەكەندىكى تەسىرىگە، يەنە بىر تەرەپتىن غالدانىنىڭ ھەربىي كۈچىگە تايىنىپ، يەكەن سەئىدىيە سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى خانى ئىسمائىل خاندىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئون نەچچە يىل مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقنى يۈرگۈزگەن ئىشان. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرى، ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى ئەڭ زۇلمەتلىك دەۋر بولۇپ، سانسىزلىغان ئىلىم - پەن، سەنئەت، مۇزىكا ئەھلىلىرى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان. پايتەخت يەكەن ۋەيران قىلىنغان. ئىلغار ئەسەرلەر، كىتابلار كۆيدۈرۈلگەن. «دىۋان رەشىدى» (ئابدۇرەشىتخاننىڭ شېئىرلار توپلىمى)، «دىۋان قىدىرخان»، «دىۋان نەپىسە» (ئامانىساخاننىڭ شېئىرلار توپلىمى) قاتارلىق ئەسەرلەرمۇ كۆيدۈرۈپ تاشلانغان.

## شادى خوجا

1695 - يىلى ئاپپاق خوجىنىڭ زۇلمىغا قارشى

ئۆتكۈزۈلگەن يەكەن خەلقىنىڭ قوزغىلىڭىنى ئويۇش- تۇرغۇچىلىرىنىڭ بىرى. ئۇ بىر قىسىم قوزغىلاڭچىلارغا رەھبەرلىك قىلىپ، خان ئوردىسىغا باستۇرۇپ كى- رىپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا ئون نەچچە يىل ھۆكۈمرانـ لىق قىلغان ئاپپاق خوجىنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەن. ھادى خوجا ئۇزاق ئۆتمەي خوجا تەرەپدارلىرى تە- رىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

### موللا يۈسۈپ ئىبنى قادىر ھاجىم

XVII ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر ئەدىب، «غېرىب - سەنەم» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى.

### فارسا خوجا

(تۇغۇلغان يىلى مەلۇم ئەمەس، 1790 - يىلى ئۆلگەن)

ئاق تاغلىقلاردىن بولغان مۆمىن خوجىنىڭ ئوغلى. ئۇ 1760 - يىلى چيەنلۇڭ خاننىڭ بۇيرۇقىـ غا ئاساسەن بېيجىڭغا بەيئەتكە بېرىپ شۇ يەردە تۇرۇپ قالغان. ئىپارخان (مەمۇرىي ئەزىم خېنىم)نىڭ ئاتىسى دەپ پەرەز قىلىنماقتا.

### سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى

ھازىرقى تۇرپان بازىرىغا يېقىن مازارلىقتىكى

خاتىرە مۇبارەز بۇ، مەنچىڭ خانلىقىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن — 1765 - يىلىدىكى ئۇچتۇرپان خەلق قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەن ئۇچتۇرپاندىكى ئىمىن خوجىنىڭ ئوغلى سۇلايمان ۋاڭغا ئاتاپ، 1779 - يىلى قۇرۇلغان خاتىرە مۇنار. مەنچىڭ دەۋرىگە ئائىت يادىكارلىق ھېسابلىنىدۇ.

## مۇھەممەت يىنىنى ئابدۇللا (خاراباتى)

XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرى XVIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئاقسۇدا ئۆتكەن شائىر ۋە مۇتەپەككۇر. «كۇللىيات مەسنۇۋ خاراباتى» (ئەسەرلەر توپلىمى)نىڭ ئاپتورى.

## خىرقىتى

## (مۇھەممەت ئىمىن خوجام قۇلى)

XVII ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر شائىرى. «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» قاتارلىق داستانلارنىڭ ئاپتورى.

## ئابدۇرېھىم نىزارى (1770 — 1840)

قەشقەردە ئۆتكەن ئۇلۇغ شائىر ۋە مۇتەپەككۇر،

يۇ ياشلىق دەۋرىدە ئەرەب، پارس تىللىرىدىكى كلاس-
سىك ئەدەبىيات مىراسلىرىنى ئۆگىنىپ بىر مۇنچە
يىرىك داستانلارنى يېزىپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبى-
ياتىغا زور تۆھپە قوشقان. «خەمسە نازارى»، «را-
بىيە - سەيدىن»، «مەھزۇن - گۈلنىسا»، «ۋامۇق ئوز-
را»، «بەھرام گور»، «ئەسھابۇل كەھف» قاتارلىق
18 داستانى (بەزى ماتېرىياللاردا 25 داستانى) ئۆز
ئىچىگە ئالغان 48 مىڭ مىسرالىق داستانلار توپلى-
مى بار. ئاپتور بۇلارغا ئېنىق نام قويمىغانلىقتىن،
كېيىن كىشىلەر ئۇنى «خەمسە»، «نازارى» دەپ
ئاتاشقان. ئاپتور بۇ داستانلىرىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ
فېئوداللىزمغا قارشى ئەركىنلىك، دېموكراتىيىگە بول-
غان ئىنتىلىشلىرىنى تولۇق ئىپادىلىگەن. بۇ ئەسەر
ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا ناۋايىنىڭ «خەمسە»
لىرىدىن قالسا ئىككىنچى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

## نەۋبىتى

XVIII ئەسىردە خوتەندە ئۆتكەن ئۇيغۇر خەلقى-
نىڭ تەرەققىيپەرۋەر شائىرى ۋە مۇتەپەككۇرى.

## ناشتۇل

XVIII ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدىكى چىڭ خان-
دانلىقىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق مەسلىھەت ئامبىلى.

1765 - يىلىدىكى ئۇچتۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىنى ياستۇرغان چاللات.

## مۇھاممەت سىدىق بەرشىدى

XVIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۆتكەن ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئەدىب. «سىدىقنامە» بەرشىدىنىڭ 1785- يىللىرىدىن 1787 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا يازغان دىداكتىك ئەسىرى. بۇ ئەسەر جەمئىي 44 باپ، كەلىك ھەم چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە. شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنوگرافىيىسىنى ۋە جەمئىيەت ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا مەلۇم قىممەتكە ئىگە.

## موللا نىياز (ئۇيغۇر تارىخچىسى)

«شاھورپى» (ئۆزبېك، بۇخارا خانلىرى ھەققىدىكى ئەسەر)، «يۈسۈپ قېدىرخان» (تەزكىرە)، «تەزكىرە يەكەن، خوتەن» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى. بۇ ئەسەرلەردە ئاسەن مازارلارنىڭ پەيدا بولۇشى بايان قىلىنغان.

## موللا ئەلەم شاھيارى

يېقىنقى زامان ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى. «گۇل ۋە بۇلبۇل» قاتارلىق

ھەرىك داستانىنىڭ ئاپتورى.

## زوھۇرىددىن ھاكىم بەگ

1830 - يىلىدىن 1850 - يىلىغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان قەشقەرنىڭ ھاكىم بېگى. شۇ دەۋرنىڭ بىرقەدەر تەرەققىيپەرۋەر سىياسىي ئەرباپى. شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر شائىرلىرىدىن ئابدۇرېھىم نىزارى، گەمىر ھۈسەيىن سوبۇرى، مۇھەممەت سادىق قەشقەرى، نۇردى نازىمى (غېرىبى)، نورۇز ئاخۇن (زىيائى) قاتارلىقلار ئۇنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان. ئۇ 1839 - يىلى قەشقەر شەھىرىنى كېڭەيتىپ قۇرۇپ، ھېيتگاھ جامەسىنى سېپىل ئىچىگە ئېلىپ قايتا رېمونت قىلدۇرغان. خانقى، خادۆي قاتارلىق جايلاردا يۈز يەر ئاچتۇرغان. ئۆستەڭ چاپتۇرغان.

## ئىبراھىم خان

1857 - يىلدىكى كۇچار دېھقانلىرىنىڭ مەنچىڭگە قارشى كۆتۈرگەن قوزغىلىڭىنىڭ تەشكىللىگۈچىسى ۋە رەھبىرى.

## نوزۇگۇم

XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرى قەشقەردە كۆتۈرۈل-

گەن جوڭغارلار مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى خەلق قوزغىلىڭىنىڭ قاتناشچىسى. قوزغىلاڭ باستۇرۇلغاندىن كېيىن، تۇتقۇن قىلىپ يالاپ ئىلىغا ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. ئۇ باش ئەگمەستىن جوڭغار فېئودال قارا كۈچلەرنىڭ قولىدا باتۇرلارچە قۇربان بولغان ئايال قەھرىمان ھەم شائىرە.

1882 - يىلى ئۇيغۇر تارىخچىسى ھەم شائىرى مائىللا بىلال بۇ ئايال قەھرىمانغا بېغىشلاپ «نوزۇگۇم» قىسسىسىنى يازغان.

## مۇھەممەت ياقۇپ بىننى ئۆمەر دوزى قەشقەرى

ئۇ 1845 - يىلى چاغاتاي يېزىقىدىكى تارىخىي قول يازما «شەجەرى بۇزرۇكان» — ناملىق چاغاتاي يېزىقىدىكى قول يازمىنى كۆچۈرگەن. بۇ قول يازما، ھازىر جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات شۆبىسىدە ساقلانماقتا. بۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ يەنە «ھىدايىتۇللا ئىشان تەزكىرىسى» ناملىق ئەسىرىمۇ بار. ئۇ بۇ ئەسىرىدە ئاپپاق خوجىغا دائىر تارىخىي مەلۇمات بېرىدۇ.

## يەتتە خوجا

ۋەلى خان، كىچىك خان، تەۋەككۇل، ئاقچا خان، ئىشانخان، شابېزرخان، مەمەتتىمىن قاتارلىقلار بولار

۸ - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدا كۆتۈرۈلگەن ئىس
يان پايدىلىنىپ قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرغانلار دۆم
لارنى تاۋىنىغا پەيتە خوجا بولارنىڭ ھەرىكىتىنە
يتە خوجا پىغىلىقى دەپ ئاتالغان.

## راشىدىن خوجا

1864 - يىلى مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ زۇلمى
غا قارشى كۇچاردا كۆتۈرۈلگەن دېھقانلار قوز-
غىلىڭىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى. ئۇ كۇچار، ئاقسۇ،
ئۈچتۇرپان، قارا شەھەر، تۇرپان قاتارلىق شەھەر-
لەرنى ئىگىلەپ، راشىدىن خوجا ھاكىمىيىتىنى قۇرغان.
كېيىن ياقۇپ بەگ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

## ئاشۋاي (1916—1830)

قەشقەردە ئۆتكەن ئۇيغۇر خەلق مۇزىكانتى.
ئاشۋاي، «گۈل سىپايى» قاتارلىق مۇزىكىلارنىڭ
ئاپتورى.

## نىياز بەگ (دادخۋاھ — ۋالىي مەنسەپ)

ئىسلامىيە پەگەن ئامىيلىنىڭ تەرجىمانى، ھەم
ئىنىسى ئىدى، كېيىن ياقۇپ بەگنىڭ ئىستىلاسىغا
قۇ. ئاشقى جەمەتىن پەقەت قالدىشىپ، بىرە

گەنلىك ۋالىيلىق مەنسىپىگە ئىگە بولغان. ياقۇپ بەگ بىلەن يوشۇرۇن ھالدا ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ كەلگەن، ياقۇپ بەگ ھاكىمىيىتى تەۋرىنىپ قالغان. زوزۇڭتاڭ قوشۇنى ئىلگىرىلەپ كېلىۋاتقان ۋەزىيەت ئاستىدا، بىر دومىلاپلا زوزۇڭتاڭ تەرەپكە ئۆتۈپ، ياقۇپ بەگنى ئۆلتۈرۈش سۇيىقەستىگە قاتنىشىپ گېنېرال ليۇجىنتاڭغا تەسلىم بولغان ئىككى يۈزلىمە چى سىياسىي بېدنىك!

نام — مەنپەئەت يولىدا جېنىنى سېتىشتىن يانمايدىغان بەدنىيەت شەخس.

## ئۆمەر ھۈسەيىن سەبۇرى

XIX ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا قەشقەردە ئۆتكەن ئۇيغۇر ئەدىبى، پەيلاسوپى، «ماقالات» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى.

## موللا سادىق ئىبنى شاھ ئەللا
## (موللا سادىق ئەلەم شاھ ئەللا ماخۇن ئوغلى)

تەخمىنەن XIX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۆتكەن قەشقەرلىك ئەدىب ۋە مەشھۇر ئىسلام ئۆلىماسى. «زەبدە تىل مەسائىل»، «مەسئۇل شېرىپ»، «قۇرئان تەپسىرى» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى. بەزى ماتېرىياللاردا بايان قىلىنىشىچە، ئۇ 120 يېشى-

ا قازاغا ئۇچراپ ۋاپات بولغان ئىكەن.

## سەيد مۇھەممەت

XIX ئەسىردە ئىلىدا ئۆتكەن ئۇيغۇر خەلقى-نىڭ ۋەتەنپەرۋەر شائىرى. «شەرھى شىكەستە» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى. 1864 - يىلدىكى ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ قاتناشچىسى.

## سىدىق بەگ

قەشقەردىكى يەرلىك فېئودال ئاقسۆڭەكلەر-نىڭ كاتتىبېشى. ئۇ قەشقەردە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلەش ۋە بۇرۇنقى سەئىدىيە خانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن 1865- يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوقەند خانلىقىدا تۇرۇۋاتقان بۇزرۇك خوجىنى قەش-قەرگە تەكلىپ قىلغان.

## شەمسىدىن ئىبنى ئابدۇللا

تەخمىنەن XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا يېڭىسار-دا ئۆتكەن ئەدىب. ئۇنىڭ «سەرىلمۇخلىست» قاتار-لىق قول يازمىلىرىنىڭ بارلىقى مەلۇم بولدى. ئاپ-تور بۇ ئەسىرىدە جانلىق پاكىتلار بىلەن قەشقەردى-كى ئاپئاق خوجىنىڭ قانداق يوللار بىلەن جوڭغار-

لارنىڭ قېيىچىسى، غالدان ئىبنى تېلى بىرلىكتە ئۇرۇپ، چەكەن سەئىدىيە خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۇ- زىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا قوچاق خان بولغانلىقى ھەمدە خوجىلارنىڭ ئۆزئارا ئۆزئەككە سوقۇشتۇرۇشلى- رىنى پايدىلىنىشقا كىرىشكەن.

## ناقىس

## (سابىر ئاخۇن بىننى ئابدۇقادىر يېڭىسارى)

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا يېڭىسارىدا ئۆتكەن ئۇيغۇر ئەدىبى. «دىۋان ناقىس»، «چەيىس ھېكىم ۋە ئىككى نەقۇتلۇق نامە»، «گۈلزار، چەمەنلىك» (گۈلكە نىسىز گۈلى) قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى.

## سادىر پالۋان

XIX ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدا غۇلجىدا كۆ- تۈرۈلگەن مەنچىڭ ئىستىبداتىغا قارشى ئۇيغۇر خەلق قوزغىلىڭىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى. ئەركىن- لىك، ئازادلىق ئۈچۈن بىر ئۆمۈر كۈرەش قىلغان پالۋان. ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئۈچ قېتىم زىندانغا تاشلانغان ھەمدە سۈرگۈن قىلىنغان. ئۇ ئۇي- غۇر خەلقىنىڭ ئازادلىق جەڭلىرىدە خەلق قوشاقچى- سى سۈپىتىدە ئىجاد قىلغان قوشاقلىرى كىشىلەرنى ئازا- دلىق ئۈچۈن كۈرەشكە ئۈندەپ كەلگەن. ئازادلىق ئۈچۈن

...ستىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

## موللا ئازىمى (موللا بىلال بىننى موللا يۇسۇپ)

## (1885 — 1824)

شىنجاڭنىڭ غۇلجا دېموكراتىك ئىنقىلابى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر شائىرى ھەم مۇتەپەككۇرى. «ئازادلىقنى، ئوغا زات ئەمەر مولكى ئاچىن» يىگەن» مەملىكەتتە «بولغان سەمۇقەددەس ئۇرۇش»، «ئوزۇگۇم»، «چاغىمىزا يۇسۇپخان»، «ئەتە ھەر - زەھىرا زەلىيان» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى.

## موللا مۆمىن ئاياقى

XIX ئەسىردە ئۆتكەن ھەششەر ئۇيغۇر شائىرى. «ئازادلىق ھەسىدى» (1910 - يىلى يېزىلغان)، «ئازادلىق ئەسلىمە» («ئۈتنىم...» ئازادلىق») 1902 - يىلى يېزىلغان) قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى.

## مىر ھەسەن (سادايى)

ئەنپىلك خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلەردە قەشقەردە ئۆتكەن خەلقپەرۋەر شائىر ۋە مۇتەپەككۇر. «... سادايى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

## موللا شاكىر (1802 — 1890)

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئۆتكەن ئۇچتۇرپانلىق شائىر. «زەپەرنامە» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

## زوزۇڭتاڭ (1812 — 1885)

ئۇلۇغ تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابىنى ھەمدە شەندۇڭ، خېنەن، خېبېيدىكى نەندالى تەشكىلاتىنىڭ قوزغىلىڭىنى، غەربىي شىمالدىكى خۇيزۇ خەلقىنىڭ قوزغىلىڭىنى قانلىق باستۇرغان خۇنەنلىك مىلىتارىست.

چەت ئەلدىن ئۆگەنگۈچىلەر تەرەپتارلىرىنىڭ كاتتىباشلىرىدىن بىرى. ئۇ 1875 - يىلى 70 مىڭ كىشىلىك قوشۇن باشلاپ چىقىپ ياقۇپ بەگ ھاكىمىيىتىگە زەربە بەرگەن ۋە 1878 - يىلى شىنجاڭنى بىر مەمۇرىي ئۆلكە قىلىپ قۇرۇشقا ئاساس سالغان.

## ليۇ جىنتاڭ (1844 — 1894)

زوزۇڭتاڭنىڭ گېنېراللىرىدىن بىرى. ياقۇپ بەگ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى بەگقۇلى بەگ قاتارلىقلارنىڭ قالدۇق قىسىملىرىنى تازىلاشقا داۋاملىق، توقسۇن، كۇچار، باي، ئاقسۇ، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى

ـەگلەرگە قوماندانلىق قىلغۇچى. ئۇ 1884 - يىلى شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىنغاندا، تۇنجى قېتىم شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى بولغان.

## ئەيسا خوجا سابىت

1864 - يىلى يازدا مەنچىڭ ئىستىبداتى ۋە ـەرلىك فېئوداللارنىڭ زۇلمىغا قارشى ئۈرۈمچىدە كۆتۈرۈلگەن دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى ۋە قوماندانى. ئۇ تەخمىنەن 6000 دىن ئارتۇق قوزغىلاڭچىلارغا قوماندانلىق قىلىپ تەسىر دائىرىسىنى چىتەي (گۇچىڭ) جىمسار، مورى قاتارلىق جايلارغىچە كېڭەيتكەن ئىدى.

## موللا شەۋكەت

① ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ خانى.

② 1881 - يىللىرى غۇلجا خەلقىنىڭ روسىيە ۋە ـامانگىرلىككە ۋە مانجۇلارنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇقـ ـىرىغا قارشى كۈرەشتە قۇربان بولغان ۋەتەنپـ ـەرۋەر زات.

## شامەخسۇت ۋاڭ

ـە مەنچىڭ خاندانلىقى دەۋرىدىكى قۇمۇلغا ھۆكۈمەت

رانلىق قىلغان، قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ۹ ـ ئەۋلاد ۋارىسى، ئۇ 1907 — 1913 ـ يىللاردىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرغان. 1928 ـ يىلى ئۆلگەن.

## ماتىتەي (مافۇشىڭ) (1862 — 1923)

1911 ـ يىلدىن 1923 ـ يىلىغىچە قەشقەردە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ھەربىي ئىستىبداتچى. (خۇيزۇ)

## نەزەرۋاڭ

قۇمۇل ۋاڭى شاھ مەخسۇتنىڭ ئوغلى، قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ئاخىرقى خانى، ئىستىبداتچى جىن شۇرېننىڭ سادىق غالچىسى.

## ئابدۇقادىر بىننى ئابدۇۋارىس قەشقەرى (1862 — 1924)

ئاتاقلىق قەشقەرلىك مەشھۇر ئىسلاھاتچى، مەرىپەتپەرۋەر ۋە مۇتەپەككۇر، دېموكراتىك ئىدىيىلىك ئىسلاھاتچى. ئۇ ئۆزىنىڭ ياشلىق دەۋرى بۇخارا، قازان، ھىندىستان، ئەرەبىستان، مىسىر ۋە تۈركىيە قاتارلىق جايلاردا ئۆگىنىش، تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش بىلەن ئۆتكەن. ئۇ يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يېڭى تەرەققىيپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى تەشۋىق قى-

ئېلىش، يېڭى مەكتەپ ئېچىش، جۇغراپىيە، تارىخ، ئەدەبىيات، ھېساب قاتارلىق يېڭى پەنلەرنى ئوقۇ- تۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، كونىلىققا، جاھالەتپەرەس- لىككە قارشى كۈرەش ئېلىپ بارغان. يەنە بىر قەت- رەپتىن يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ قىسقىغىنا ھاياتىدا «ھىدايەتى تەھرىر»، «ئىبادەت ئىسلامىيە»، «تەنبىھەتلى ئاممە»، «مۇئتاھىدىل ئۇلۇم»، «ئاقائىت ئورۇرىيە»، «جاۋاھىرۇل ئىقانە»، «ئىرشادىل مۇسلى- مەيىن» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى. ئۇنىڭ بەزى ئەسەرلىرى مىسىر، قازان، تاشكەنت قاتارلىق جايلاردا نەشر قىلىنىپ كەيىنى زامانلا زور تەسىر قوزغىغان. ئۇ 1924 - يىلى قەشقەردىكى مۇتەئەسسىپ لار گۇرۇھلار تەرىپىدىن سۈيىقەست بىلەن پاجىئە- لىك ھالدا ئۆلتۈرۈلگەن.

## خەستە (ئابدۇللا شېرىپ ئوغلى)

## (1907 — 1854)

XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن XX ئە- سىرنىڭ باشلىرىغىچە يەكەندە ئۆتكەن ئۇيغۇر شائى- رى. «خەستە» ئۇنىڭ تەخەللۇسى. ئەسلى ئىسمى ئابدۇللا ئاخۇن شېرىپ ئوغلى. ئۇنىڭ ھاياتى، پائا- لىيىتى ھەققىدە تولۇق مەلۇمات يوق. لېكىن ئۇنىڭ «كۈللىيات خەستە» ناملىق زور ھەجىمدىكى شېئىرلىرى توپلىمى بارلىقى مەلۇم.

مەرچىلك خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى مىللىتارىست. شىنجاڭنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي باش ئەمەلدارى. 1912 — 1913 - يىللىرىدىكى تۇرپان، قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى قانلىق باستۇرغان جاللات. 1912 - يىلدىن 1928 - يىلغىچە ھۆكۈمرانلىق ئىستىبدات. 1928 - يىلى 7 - ئايدا ئۇرۇمچىدە پەن ياۋلەن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

## مولla مۇسا سايرامى

باي ناھىيىسىنىڭ سايرام يېزىسىدا تۇغۇلغان، يېقىنقى زامان تارىخچىسى. 1910 - يىللىرى «تارىخىي ھەمىدىيە» دېگەن تارىخىي ئەسىرىنى يازغان. بۇ، راشىددىن خوجار (خان خوجا) ۋە ياقۇپ بەگ دەۋرىدىكى تارىخىي رىۋايەتلەرنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## ھۆمەنباي

ئاتۇشلۇق چوڭ سودىگەر، شىنجاڭ يېقىنقى زامان مىللىي سودا - سانائەت بۇرژۇئازىيىسىنىڭ دەسلەپكى ۋەكىلى. شىنجاڭدىكى تۇنجى قېتىملىق بۇرژۇئا

خاراكتېرىدىكى كارخانا — ئىلى تېرە زاۋۇتىنى قۇرغۇچى ۋە ئۇنىڭ خوجايىنى. (بۇ زاۋۇت 1908 - يىلى قۇرۇلۇپ 1910 - يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەن. ئەينى زاماندا 200 دىن ئارتۇق ئىشچىنى ياللاپ ئىشلەتكەن). بۇ زاۋۇت ھازىر دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئىلى تېرە زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

## جيەن پوزەن (1898 — 1968)

شىنجاڭدىن خۇنەننىڭ تاۋيەن ناھىيىسىگە بېرىپ ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان مەشھۇر تارىخشۇناس. 1919 - يىلى كوچياڭ سودا مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن. 1924 - يىلى ئامېرىكىنىڭ كالىفورنىيە [ئ]اشۇسىدە ئىقتىسادنى تەتقىق قىلىشنى ئۆگەنگەن ھەم تەتقىق قىلغان. 1926 - يىلدىن باشلاپ ئىنقىلابقا قاتناشقان. ئازادلىقتىن كېيىن، بېيجىڭ [ئ]اشۇنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، پروفېسسور بولغان. «تارىخ تەتقىقاتى» ھەم «ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ مۇھەررىرى، مىللەتلەر تارىخىنى تەتقىق قىلىش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

ئۇ جۇڭگو تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچى مەشھۇر ئالىملارنىڭ بىرى. ھاياتىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە ئانا يۇرتى شىنجاڭغا بېرىش ئارزۇسى بولسىمۇ 196[8] - يىلى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ زىيان-

كەلمىگىچە ئۇچراپ ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ «تارىخ پەلسەپە ئوقۇتۇش كىتابى»، «جۇڭگو تارىخى»، «جۇڭگو تارىخى قىزىقتۇرۇلۇغۇچىسى»، «شەرق بىلەن غەربنىڭ مۇناسىۋەتلىرى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

## ئارات — رەشىدى رەھمىتى ئارات (1900—1964)

(*Arat ·Rexidiarat*)

تۈركىيىلىك يېقىنقى زامان تۈركولوگ. «تۈرك تىلىدىكى تۇرپان يادىكارلىقلىرى»، «قەدىمكى تۈرك ھوقۇق ۋە سىقەلىرى»، «قەدىمكى تۈرك شېئىرىيىتى» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى. ھەممىدە قاراخانىلارنىڭ دەۋرىگە ئائىت ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلغۇچى. ئۇنىڭ تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلىپ يازغان «قەدىمكى تۈرك شېئىرىيىتى» دېگەن ئەسىرىدە VIII ئەسىردىن XIII ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى قەدىمكى تۈرك جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تۈركۈم شائىرلىرىنىڭ ئىسىملىكى (مەسىلەن، پىرا تىشيانا، چۇ-چۇ، كىكىن، چىۋا، تۇتۇڭ، ئاپرىنچۇر تېكىن، ئاسىغ تۇتۇڭ، قالىم قايىش) بېرىلگەن.

ئۇ يەنە ئەخمەت يىگنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرغان.

# يەكەن سەئىدىيە خانلىقى

## 1. چاغاتاي خانلىقىنىڭ يىقىلىشى ۋە يەكەن خانلىقىنىڭ دەسلەپكى پائالىيەتلىرى

چاغاتاي خانلىقى — چاغاتاي خاندىن سۇلتان [م]ەھمۇد خانغىچە 300 يىل داۋاملاشقان چاغاتاي موڭ[غ]ۇل خانلىقىدۇر. چۈنكى، بۇ دەۋردىكى ھۆكۈمدارلار [چ]اغاتاي خانىدىن بولغانىدىن تاشقىرى، ئۇلارنىڭ [ئى]دارە تەشكىلاتى — ياساقى (قانۇنى)، رەسىم-رۇسۇ[م]لىرى تامامەن موڭغۇل ئەنئەنىسىگە مۇۋاپىق [ئى]دى.

دۆلەت خانلىرى بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ كا[تت]ىسى قىسمى موڭغۇللاردىن تەشكىل تاپقانىدى. ئىسـ[لا]م دىنىنى قوبۇل قىلغان چاغاتاي ھۆكۈمدارلىرىنىڭ [د]ۆرلىرىدە ھەم، يۇقارقى ۋەزىيەت سۇلتان مەھمۇد[خ]انغىچە داۋام قىلدى. پەقەت دىنىي ۋە بەزى ئىج[تى]مائىي جەھەتتىلا بەزى ئۆزگىرىشلەر بولدى.

سۇلتان مەھمۇدخان ۋاپاتىدىن سەككىز يىل كېيىن [ق]ۇرۇلغان سەئىدىيە دۆلىتى، يەرلىك ئۇيغۇرلارنى ئا[سا]س قىلغان دۆلەت بولۇپ، ھۆكۈمدارلىرى خانىـ

لار ۋە ئەسكەرلەرنىڭ ئاساسىي قىسمىنى شىنجاڭ خەل-
قى تەشكىل قىلدى. ئۇنىڭ ئىدارە - تەشكىلاتلىرى،
رەسىم - مۇراسىملىرى، ئومۇمىي ھاياتى، مائارىپ ۋە
باشقا ئىشلارتامامەن يەرلىك مەدەنىي خەلقنىڭ يەنى
ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىلىرىگە مۇۋاپىق بولۇپ. ئىس-
لام دىنىنىڭ شەرىئەت قانۇنى ۋە ئەخلاقىغا ئاسا-
لانغان ئىدى. سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ۋاپاتى بىلەن
چاغاتاي موغۇل دۆلىتى ئورنىغا سەئىدىيە خانلىقى
تىكلەندى.

يەكەن سەئىدىيە خانلىقى، بۇ خانلىقنى قۇر-
غۇچى سەئىدخاندىن باشلىنىپ، ھىدايىتۇللا ئىشان —
ئاپئاق خوجا دەۋرىگىچە جەمئىي 170 يىل ياشىدى.

زوراۋان ئىستىلاچى چىڭگىزخان — تېمۇرچىن
ئۆزى ئىستىلا قىلغان كەڭ مەملىكەت ۋە رايونلارنى،
ئۆزى ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى (1225 - يىللىرى)
مەركىزىي پايتەخت قارا قۇرۇمدا — قاغانلىق مەھ-
كىمىسىدە داغدۇغىلىق قۇرۇلتاي چاقىرىپ، تۆت ئوغلى-
غا تەقسىم قىلىپ بەردى. شۇ نىسبەتتە، ئىككىنچى ئوغ-
لى چاغاتايغا ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن شىنجاڭنى
مىراس قىلىپ بېرىپ، چاغاتايغا پادىشاھلىق تاج
كىيدۈردى. ئۇنى مۇبارەكلەپ، ئىسلىدىكى ئوردىدا
سەلتەنەت تەختىگە چىقاردى.

تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋاپاتىدىن كېيىن، ئوتتۇرا
ئاسىيادىكى ئەمىر تۆمۈر كوراگان، تۇغلۇق تۆمۈر-
خاننىڭ ئوغۇللىرى خىزىر خوجا بىلەن ئىلياس

چىنى كۆزگە ئىلماي، ئۇلارنىڭ ئىتائەتىدىن باش-
ۇلۇپ، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئىش كۆردى. شۇ-
ىڭدىن باشلاپ، بىر پۈتۈن چاغاتاي خانلىقى پار-
لىنىپ، ئىختىلاپ كۈچەيدى. يەنى خان، بەگ-
ادىلەر ئوتتۇرىسىدا تەخت، ھوقۇق، زېمىن تال-
ىش ماجىرالىرى زادىلا بېسىقماي، ئەلدە خاتىرجەم-
سىزلىك، ئىگىلىكتە ۋەيرانچىلىق ۋە ئىتتىپاقسىزلىقلار
ەۋج ئېلىپ كەتتى.

بۇنداق نىزا ۋە تەپرىقىچىلىقتىن قەشقەردىكى
ھىمدار مىرزا ئابابەكرى پايدىلىنىپ، قەشقەر، يە-
ىلەردە نوپۇز تىكلەپ، قوراللىق ھەرىكەت بىلەن
غۇللاندى.

بۇ ۋاقىتتا ئەھمەدخان چاغاتاي خانلىقىنى
ىلىگە كەلتۈرۈپ ھاكىمىيەتنى كۈچەيتكەن بولسى-
ئۇنىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەن ئوغۇللىرى مەن-
ۇرخان بىلەن سەئىدخان ئوتتۇرىسىدىمۇ ئۇرۇش
ۇتۇلدى. ئۇلار سەلتەنەت تالىشىپ ئۆزئارا
ۇشتى. بۇ چاغدا مەنسۇرخان كۇچار، كورلا، قارا
ەھەر، تۇرپان، بەشبالىق تەرەپلەرگە ئومۇمىي ۋالىي
ۇپ، قارارگاھى تۇرپاندا ئىدى. ئالتە شەھەرگە
ومىي ۋالىي بولغان سەئىدخاننىڭ قارارگاھى
سۇدا ئىدى.

سەئىدخانغا قارشى چىققۇچىلار كۆپەيدى. بىر
ەپتىن مىرزا ئابابەكرىنىڭ ھۇجۇمى ۋە سۇيىقەست-
ك ھەرىكەتلىرى، يەنە بىر تەرەپتىن ئاكىسى مەن-

سۇيۇرخانىنىڭ قارشىلىقى نەتىجىسىدە، ئۆز يۇرتىدىن ئاي-رىلىپ، تاغىسى بابۇر شاھنىڭ ياردەم ئېلىش ئۈ-چۈن ھىندىستانغا يول ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىن مىرزا ئابابەكرى قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ شەھەرلىرىگە رەسمىي ھۆكۈمدار بولدى.

مىرزا ئابابەكرى زالىم، بەتخۇي ئادەم ئىدى. ئۇ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، ئۆز خاھى-شى بويىچە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈپ، خەلقنى قات-تىق ئېزدى، بولۇپمۇ، ئاقسۇ خەلقىنى دەھشەتلىك ئېزىپ، خانىۋەيران قىلدى. ئاقسۇ خەلقىنى قەشقەر، خوتەنلەرگە مەجبۇرىي كۆچۈرۈپ، خەلققە ئېغىر ۋەيران-چىلىق كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئاقسۇ شەھىرى 16 يىل خاراب ھالەتتە تۇرۇپ، شەھەردە ئىزمۇ ھايات-لىق قالمىدى.

مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئاقسۇ شەھىرىنى مۇنداق خاراب قىلىشىدىكى سەۋەب بولسا، يۇنۇس خاندىن كېيىن ئوغلى ئەھمەدخاننىڭ پايتەختى ئاقسۇ شەھ-رىدە بولغان ئىدى. مىرزا ئابابەكرى ئاقسۇ شەھىر-گە ھۇجۇم قىلغاندا، ئاقسۇ خەلقى سەئىدخان تەرەپ-تە تۇرۇپ، مىرزا ئابابەكرىگە قارشى تۇرغانلىقتىن، بۇ شەھەر خەلقىنى قەشقەر، خوتەنگە كۆچۈرۈپ، شە-ھەرنى پۈتۈنلەي مەنسۇخ قىلدى. ئاسۇق شەھىرىنى يېڭىدىن بىنا قىلدى. ئىنىسى مىرزا ئەيۇبەئىد سوپە-نى ئاقسۇغا ۋالىي قىلىپ، ئاسۇقنى قارارگاھ قىلدى.

ئەبۇ سەئىد خان سىرىپى ئاكىسى مىرزا ئابا-

بەكرىگە ئوخشاش زالىم بولغانلىقتىن، ئامۇق شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى يارلىقتا توققۇز زىندان قازدۇرغان ئىدى.

دېمەك، سەئىدخان مىرزا ئابابەكرىنىڭ ھەر تەرەپلىمە ھۇجۇمى ۋە تاكىسى مەنسۇرخاننىڭ مۇخالىپەتچىلىكى تۈپەيلى ۋەتەنىنى تاشلاپ، ھىندىستانغا بېرىش نىيىتى بىلەن پەرغانە تەرەپكە قاراپ يول ئالدى.

بۇ ۋاقىتتا پەرغانىدا چاغاتاي ئەۋلادىدىن بولغان مۇھەممەت شەيبانىخان (1451 — 1510) باش كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇ تۆمۈرلەر ئەۋلادىدىن ھاكىمىيەتنى تارتىپ ئېلىپ، بۇخارانى پايتەخت قىلىپ، ئەتراپىغا كېڭەيتىشكە ئۇرۇنۇۋاتقان ئىدى.

ئەھمەدخان ئۇلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن، ئوتتۇرا ئاسىياغا لەشكەر تارتىپ باردى. بۇ ئۇرۇشقا ئۇنىڭ قامراق ئوغلى سەئىدخانمۇ قاتناشتى. ھىجرىيە 909 - يىلى ئەتراپىدا تاشكەنتنىڭ «ئەخسى» دېگەن يېرىدىكى ئۇرۇشتا ئەھمەدخان مەغلۇپ بولۇپ، شاھبەگ خانىنىڭ قولىغا ئەسىر چۈشتى، سەئىدخان بۇ ۋاقىتتا بابۇر مىرزا بىلەن بىرگە ئەنجاندىكى ئۇرۇشقا قاتناشقان ئىدى. ئۇ ئۇرۇشتا ئېغىر يارىلىنىپ، مۇھەممەد بەگ تەمبەل لەشكەرلىرىگە ئەسىر چۈشتى.

ئەھمەدخاننى شاھبەگ خان ئەسىرلىكتىن بوشىتىپ، ئۆز يۇرتى ئاقسۇغا يولغا سالدى. لېكىن، سەئىدخان بىر يىلدىن ئارتۇق تەمبەلنىڭ زىندانىدا ياتتى، …پ مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈردى. ئىككىنچى

يىلى ئەتىجانغا، جانىبەگ سۇلتان ۋە ئۆزبېك خانلار
خان بولغاندىن كېيىن، سەئىدخاننى زىنداندىن بوشى-
تىپ، ئازارەت ئاستىغا ئالدى. مۇشۇ پەيتلەردە ياش
سەئىدخاندىكى جاسارەت ۋە قابىلىيەتنى كۆرگەن بەن-
زى ئەمەلدارلار ئۇنىڭغا ئاستىرتتىن ھىمدادشلىق قى-
لىشقا باشلىدى.

سەئىدخان ئاشۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن يوشۇ-
رۇن تەييارلىق كۆردى ۋە پۇرسەت تېپىپ 18 قو-
راللىق ئادەم بىلەن قاچتى. ئىسسىق كۆل بويىدا
موكوۋمرانلىق قىلىۋاتقان تۇغقىنى مۇھەممەتخاننىڭ
ھۇزۇرىغا پاناھلاندى.

سەئىدخان مۇھەممەتخاننىڭ ھۇزۇرىدا تۇرغان
پەيتلەردە، ئۇنىڭ ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلگەنلىكىنى،
موكۇمەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا پاساتقا تولۇپ،
چىرىكلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، مۇھەممەتخاننى
ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، دۆلەتنى قايتا گۈللەندۈ-
رۈش ئۆزۈرلۈكىنى چۈشىنىپ يەتتى. شۇڭا ئۇ، مۇ-
ھەممەتخاندىن ئايرىلىپ، يىراقراق ئورۇنغا بېرىپ،
ئۇنىڭغا قارشى مەخپىي ھەرىكەت ئۇيۇشتۇرۇش قارا-
رىغا كەلدى. مۇشۇ مەقسەت بىلەن ئۇ مۇھەممەتخان-
دىن يەتتە سۇغا كېتىش ئۈچۈن رۇخسەت سورايدۇ.
لېكىن مۇھەممەتخان سەئىدخاندىن ئەنسىرەپ بۇ يەردىن
كېتىشكە رۇخسەت قىلمايدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن سەئىدخان يوشۇرۇن ھالدا
ئۆز تەرەپدارلىرىدىن 200 دىن ئارتۇق ئادەم توپلاپ قو-

ۋاللاندۇرۇپ، مەخپىي ھالدا بۇ يەردىن قاچىدۇ. سۇلتان مەھمۇدخان بۇ ئەھۋالنى سېزىپ قالىدۇ. ئۇلارنى تۇتۇش ئۈچۈن ئەسكەر ئەۋەتىدۇ. سەئىدخان ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇپ يارىدار بولۇپ قولغا چۈشىدۇ. مۇھەممەتخان ئۇنى قاتتىق نازارەت ئاستىدا ساقلاشقا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. كېيىن مۇھەممەتخاننىڭ بىپەرۋالىقىدىن پايدىلىنىپ سەئىدخان مەخپىي ھەرىكەتكە كىرىشىدۇ. ئىككى يىل نەزەربەنتتە تۇرۇش جەريانىدا يوشۇرۇن رەۋىشتە ئۆز تەرەپدارلىرىنى تەشكىللەيدۇ. ھىجرىيە 913 - يىلى (مىلادى 1507 - يىلى) مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قېچىپ، يەتتە سۇ رايونىغا بارىدۇ. ئىنىسى خەلىل سۇلتان ۋە باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ، ئۆزىنى يەتتە سۇنىڭ خانى دەپ ئېلان قىلىدۇ. سەئىدخان يەتتە سۇ رايونىدا يىلىقا ئولتۇرغاندىن كېيىن، مۇھەممەتخانىنىمۇ ئاغدۇرۇپ، ئىسسىق كۆل رايونىنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن، ھەربىي تەييارلىق قىلىدۇ. تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىش بىلەن، مۇھەممەتخانىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، تەگرىتېغىنىڭ يايلىدىكى يەتتە سۇ، ئىسسىق كۆل رايونلىرىنى ئۆزىگە قارىتىدۇ.

لېكىن، بۇ ۋاقىتتا تۇرپان تەرەپلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئاكىسى مەنسۇرخان ئىنىسى سەئىدخاننىڭ كۈچىيىپ كېتىشىدىن خەۋپسىرەپ، ئۇنى بىخىتىدا ئۇچۇقتۇرۇش ئۈچۈن، لەشكەر تارتىپ بار-

دۇ. بۇ ئىككى بىر تۇغقان ئارىسىدا ناھايىتى قاتتىق ئۇرۇش بولىدۇ. نەتىجىدە سۇ ۋە ئالمۇتا ئەتراپىدا بولغان ئۇرۇشتا سەئىدخان بارلىق لەشكەرلىرىدىن ئايرىلىپ، ئارىدىن جاڭگاللىرىغىچە قېچىپ بېرىپ يوشۇرۇنىدۇ. ئۇرۇشتا ئامان - ئېسەن قالغان خەلىل سۇلتان ئەنجانغا كېلىپ جانىبەگخان ھۇزۇرىدا پاناھلانىدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان مەنسۇرخان جانىبەگ ھۇزۇرىدىكى ئۆز تەرەپدارلىرى بولغان سەئىدخان مۇھەممەت، سۇلتان ئەلى مىرزا قاتارلىقلارغا بۇيرۇق بېرىپ، ئىنىسى خەلىل سۇلتاننى ئۆلتۈرگۈزىدۇ.

سەئىدخان بىر مەزگىل ئارىدىن جاڭگاللىرىدا يوشۇرۇنۇپ يۈرگەندىن كېيىن، بۇ يەردىمۇ كۆپ تۇرالماي، ئالتە شەھەر تەرەپكە ئۆتۈپ، تارىم دەرياسى بويىدىكى دولانلار ئارىسىغا يوشۇرۇنىدۇ. ئۇ بۇ يەرگە كېلىشتە دولانلار ئارىسىدىن قوشۇن توپلاپ، مىرزا ئابابەكرىنىڭ قارشى ھەرىكەت قىلىشىنى مەقسەت قىلغان ئىدى. ئەپسۇسكى، دولانلار ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشتىن ئەكسىچە، ئادەملىرىنى ئۆلتۈردى ۋە تۇتۇۋالدى. بۇ ئەھۋاللاردىن چۆچۈگەن سەئىدخان ئۆزى يالغۇز نارىنغا قېچىپ باردى. ئۇ يەردە كۆپ ئاۋارە بولۇپ، جاڭگالدا قېچىپ يۈرگەن 40 دەك ئادىمى بىلەن خوتۇن - بالىلىرىنى بىر يايلاققا ئورۇنلاشتۇردى. شۇ چاغدا مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئادەملىرى كېلىپ قالدى. سەئىدخان مىرزا ئابابەكرى لەشكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ تۇرۇپ، قېچىپ قۇتۇل-

[گ]ى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ پەقەت 4 — 5 لا ئادىمى قال-
غان ئىدى. شەرق تەرەپتىن ئاكىسى مەنسۇرخاننىڭ،
جەنۇب تەرەپتىن مىرزا ئابابەكرىنىڭ، غەرب تەرەپ-
تىن ئۆزبېكلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىش خەۋپى
ئۇنىڭغا دائىم كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۈچ تەرەپلىمە
خەۋپ ئىچىدە قالغان سەئىدخان، بۇ خەۋپ - خەتەر-
لەر ئالدىدا ھېچبىر بوشاشمىدى. بىرقانچە ئادەملى-
رى بىلەن پەرغانىدىن چىقىپ ئافغانىستانغا بېرىش
ئارزۇسى بىلەن ئەنجانغا كەلگىنىدە خوجا باتۇر
باخشى كۈتۈۋالدى. ئۇ چاغدا جانىبەگ خان تەرىپىدىن تو-
يۇلغان ھاكىم ئىدى. خوجا باتۇر سەئىدخانغا ھې-
ماشلىق قىلاتتى. ئۇ سەئىدخاننى بىرقانچە كۈن
ھۆرمەت ۋە ئىكرام بىلەن ئارام ئالدۇرۇپ، ئۆزىگە
ئىشەنچلىك 5 — 6 ئادىمى بىلەن بەدەخشانغا يولغا
سالدى. سەئىدخان بۇ يەردىن چىقىپ توختىماستىن
بەدەخشانغا باردى.

بەدەخشان خانى مىرزىخان سەئىدخاننىڭ ئالدى-
غا ئىستىقبالغا چىقىپ، ئىززەت ۋە ھۆرمەت بىلەن
بەدەخشان پايتەختى زوپەر شەھىرىگە ئېلىپ كىردى.
سەئىدخان زوپەردە بىرقانچە كۈن پاناھلىنىپ، مىر-
زىخاننىڭ ياردىمى بىلەن ھىجرىيە 916 - يىلى (مىلا-
دىيە 1510 - يىلى) شەئىبان ئېيىدا كابۇلغا بېرىپ،
تاغىسى بابۇر شاھ بىلەن كۆرۈشتى.

بابۇر شاھ ئەسلىدە سەئىدخاننىڭ ھامىسىنىڭ
ئوغلى ئىدى. يەنى، بابۇرشاھ ئاتا تەرەپتىن چا-

ھاتاي ئەۋلادى، دادا تەرىپىدىن تۆمۈر كوراگان (ئاقساق تۆمۈر) ئەۋلادى ئىدى.

سەئىدخان كابۇلغا كەلگەندىن كېيىن، بابۇر شاھ بۇ مەسۇر سەئىدخاندىن دائىم ھەزەر ئەيلىدى ۋە يوشۇرۇن ئادەم قويۇپ، ئاستىرتىن نازارەت قىلدى.

سەئىدخان كابۇلدا ئىككى يىلدەك تۇردى. بۇ جەرياندا پەرغانىدىكى ئۆز يېقىنلىرى ۋە تەرەپدارلىرى بىلەن دائىم يوشۇرۇن ئالاقىلىشىپ، پۇرسەت كۈتتى. چۈنكى، بۇ چاغدا سەئىدخاننىڭ ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ھېچقانداق خەۋپ - خەتەر، چاپا - مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان جەسۇر ئىرادىلىك كىشى ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن، پەرغانىدە پاناھلىنىپ تۇرۇۋاتقان ئۇنىڭ يېقىن كىشىلىرى بىلەن تەرەپدارلىرى، كەلگۈسىدە سەئىدخان تەرىپىدىن ھاكىمىيەتكە ئېرىشىشتىن ئۈمىد قىلىپ، ئۇنىڭغا ھەر جەھەتتىن ياردەم ۋە ھېسداشلىق قىلىشقا باشلىدى.

ھىجرىيە 916 - يىلى (مىلادى 1510 - يىلى) شايبانىخان مەرۋى پادىشاھى ئىسمائىل تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، يېڭىدىن تۈزۈلگەن ئۆزبېك، قىپچاق دۆلىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا پاراكەندىچىلىك يۈز بەردى. بابۇرشاھ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا ھۇجۇم قىلدى. سەئىدخانمۇ بۇ ئۇرۇشتا بابۇرشاھقا ھەمراھ بولدى. ئۇلار قۇندۇز شەھىرىگە كەلگەندە، پەرغانىدىن ئۇ يەردىكى سەئىد-

بان تەرەپدارلىرىنىڭ ئۆزبېكلەرنى مەغلۇپ قىلغان
نەۋرى ھەمدە بابۇرشاھتىن ياردەم سوۋغۇچى ئەل-
چىلەر كېلىپ، بابۇر شاھ بىلەن ئۇچراشتى. بابۇر-
شاھ بۇلارنىڭ ئىلتىماسىغا ئاساسەن، سەئىدخان بى-
لەن بىر قىسىم قوشۇننى پەرغانىگە ئەۋەتتى. سەئىد-
خان پەرغانىگە كېلىپ بۇ يەرنى ناھايىتى تېزلا
ئىشغال قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي مىرزا ئابابەكرىنىڭ
قوشۇنى بىلەن ئۇچرىشىپ، بۇلارنىمۇ مەغلۇپ قىلدى.
شۇنىڭ بىلەن سەئىدخان پەرغانىدە. بابۇر شاھ
سەمەرقەندتە ھەرىكەت قىلىپ، ئۆزبېك خانلىرىنى
مەغلۇپ قىلىش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ ئۇرۇشلاردا
زەپەر قازانغان بولسىمۇ، ئۇلارنى ئۈزۈل - كېسىل
مەغلۇپ قىلالمىدى. شۇ يىلى سەئىدخان تاشكەنتنى
ئىشغال قىلىش ئۈچۈن يۈرۈش قىلىپ، ئۆزبېك
خانى سويۇنچۇق خاندىن يېڭىلىپ پەرغانىگە قايتىپ
كەلدى. دەل شۇ ۋاقىتتا بابۇر شاھ ئۇبەيدە خاندىن
يېڭىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىن چېكىنىپ، كابۇلغا قا-
راپ يۈرۈپ كەتتى. نەتىجىدە سەئىدخان بىر قانچە
دۈشمەن ئارىسىدا يالغۇز قالدى. مۇشۇ پۇرسەتتىن
پايدىلانغان سويۇنچۇق پەرغانىگە — سەئىدخان ئۇ-
ستىگە يۈرۈش قىلدى. سەئىدخان سويۇنچۇقنىڭ ئالدى
تەرىپىدىن مۇداپىئە قىلىپ، ئارقا تەرىپىدىن ئۇنىڭ
قوشۇنىنىڭ سېپىنى ئۈزۈۋېتىپ، ئۇنى پارچىلاپ مەغ-
لۇپ قىلدى.

ئەمما، مۇشۇ بىر قاتار مەغلۇبىيەتلەر ۋە غالى-

جېدەللەردىن كېيىن، ئۆزبېكلەرنىڭ ئىچكى ئىسيانلىرىدى-
كى ئىختىلاپلار پەسىيىپ، ئۆشتاق ئۆزبېك خانلىقلىرى
ئوبەيدە خاننىڭ بايرىقى ئاستىغا توپلاشتى. شۇنىڭ
بىلەن ئۆزبېكلەردە دۈشمەنلەرگە غالىب كېلىش ۋە-
زىيىتى شەكىللەندى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، سەئىد-
خان ئۆزبېكلەرگە تاقابىل تۇرالماسلىقىنى چۈشىنىپ،
ئۆزبېكلەرنىڭ شىمالىدا ياشىغۇچى قازاقلارنىڭ خانى
قاسىمخان بىلەن بىرلىشىپ، ئوبەيدە خانغا قارشى
ھەربىي ئىتتىپاق تۈزدى.

قاسىمخان ئەسلىدە جانىبەگ خاننىڭ ئوغلى بو-
لۇپ، سەئىدخاننىڭ ھامىسى سۇلتان نىگار خېنىمنىڭ
ئېرى ئىدى. قاسىمخان سەئىدخاننى چوڭ ئىززەت -
ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالدى. بۇلار كېڭىشىپ ھىجرىيە-
نىڭ 919 - يىلى (مىلادى 1513 - يىلى) باھاردا
ئىككى تەرەپ بىرلا ۋاقىتتا ئوبەيدە خان ئۈستىگە
ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. بىراق باھاردا قىپچاقلار-
نىڭ ھەربىي تەرىپىدە توقۇنۇش پەيدا بولدى. قاسىم-
خان شۇ تەرەپكە ھۇجۇم قىلىشقا مەجبۇر بولدى.
سۈيۈنچۈك خان بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ سەئىدخان
ئۈستىگە باستۇرۇپ كەلدى. بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن
سەئىدخان سەركەردىلىرى بىلەن كېڭىشىپ، ئۆزبېك-
لەرنىڭ بىرلەشكەن كۈچىگە تاقابىل تۇرالماسلىقىنى
چۈشىنىپ، ئۇرۇش قىلماستىن، قەشقەرگە يۈرۈش
قىلىش قارارىغا كەلدى ۋە ئۆزگەن يولى بىلەن
قەشقەرگە قاراپ يولغا ئالدى.

سەئىدخان 50 مىڭ كىشىلىك خەيل قوشۇن بىلەن ھىجرىيىنىڭ 920 - يىلى (مىلادى 1514 - يىلى) 1 - ئايدا نارىنغا كەلدى. بۇ يەردە بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ، قوشۇنلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، تولۇق تەييارلىق كۆرگەندىن كېيىن قەشقەرگە قاراپ يۈرۈش قىلدى.

شۇنداق قىلىپ، مىرزا ئابابەكرى بىلەن سەئىدخان ئوتتۇرىسىدىكى شىددەتلىك ئۇرۇش پارتلىدى.

## يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تىكلىنىشى

سۇلتان سەئىدخان ئاغىسى بابۇر مىرزىنىڭ قېشىدا (كابۇلدا) بىرقانچە مۇددەت تۇرۇپ، بابۇردىن بىر قىسىم قورال - ياراق ۋە ئەسكىرى قوۋۋەت ئېلىپ قايتتى. لېكىن، ئاساسىي كۈچنى پەرغانىدىن ئالدى.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، سەئىدخان كابۇلدا تۇرغان مەزگىللەردە تۈرلۈك يول ھەم ۋاسىتىلەر قوللىنىپ پەرغانىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ئىدى (بۇلارنىڭ بىر قىسمى مىرزا ئابابەكرىنىڭ زۇلمى ۋە باستۇرۇشىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قەشقەردىن پەرغانىگە كېلىپ قالغانلار ئىدى).
سەئىدخان كابۇلدىن يولغا چىققاندا، بابۇر مىرزا سەئىدخانغا، فارسى زابانغا ماھىر بولغان بىرقانچە-

چە ئالىملارنى ھەمراھ قىلىش بىلەن بىرگە، بىر بۆلۈك پارس تىلىدىكى كىتابلارنىمۇ تەقدىم قىلغان ئىدى. سەئىدخاننى كابۇلدىن ئۆدۈل پەرغانىگە يولغا سېلىشتىن مەقسەت: شىنجاڭغا پەرغانە زېمىنى تۇتاش بولۇپ، يول قاتنىشى قولايلىق بولغاچقا، ئۇنى شۇ يول بىلەن ماڭدۇردى.

سەئىدخان كابۇلدىن كانجۇت يولى بىلەن پەرغانىگە كەلدى. ئۇ پەرغانىدە ئىمىر تۆمۈر كوراگانىڭ نەۋرىسى مىرزا ھەيدەر دوغلاتى دېگەن ئاقىل، دانا ۋەزىرنى ھەمراھ قىلىپ، 10 مىڭ كىشىلىك ئەسكىرى كۈچ بىلەن شىنجاڭغا كىرىپ، ئاھايىتى شىددەتلىك ئۇرۇشلارنى ئېلىپ باردى.

مىرزا ئابابەكرى سەئىدخاننىڭ قەشقەرگە قىلغان يۈرۈشىدىن خەۋەر تېپىپ، زور ھەربىي كۈچ بىلەن قەشقەرنى قاتتىق مۇداپىئە قىلدى. بىراق، سەئىدخاننىڭ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىشى بىلەن، مىرزا ئابابەكرىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان خەلق سەئىدخان تەرەپكە ئۆتۈپ، تىغ ئۇچىنى ئۇنىڭغا قاراتتى. سىرتقى تەرەپتىن سەئىدخاننىڭ ئەجەللىك زەربىسى، ئىچكى جەھەتتىن خەلقنىڭ قارشى تۇرۇشى بىلەن مىرزا ئابابەكرى تېزلا ھالىدىن كەتتى. بۇ ئۇرۇشتا مىرزا ئابابەكرىنىڭ قېرىندىشى مىرزا ئەزىزى ئۆلدى. قەشقەردىكى ئۇرۇشتا ھالىدىن كەتكەن مىرزا ئابابەكرى يەكەندە ئۆز ئورنىغا ئوغلى جاھانگىر مىرزىنى قويۇپ، تىبەتكە قاراپ

اچتى ۋە چۆللەردە ھالاك بولدى.

مىرزا ئابابەكرى قېچىپ بىر نەچچە كۈندىن
كېيىن، خەزىنىدە قالغان ئالتۇن - كۈمۈش، دەپنە-
ۇنيانى قويماي ئېلىپ قاچقان جاھانگىر مىرزىنىڭ
ولدا ئۆلدى. سەئىدخان قوشۇنلىرى خوجا ئېلى باتۇر-
نىڭ قوماندانلىقىدا يەكەنگە كىرىپ، مىرزا ئابابەك-
رنىڭ ھاكىمىيىتىگە خاتىمە بەردى.

قىيىنچىلىق، جاپا - مۇشەققەتلەر سەئىدخاننىڭ
ۆلەت قۇرۇش توغرىسىدىكى ئالىي ئىرادىسىنى قىلچە
وشاشتۇرالمىدى، بەلكى بۇ ياش شاھزادىنى چېنىقق-
ان بىر سەركەردە، قابىلىيەتلىك بىر دۆلەت ئەرباب-
قىلىپ يېتىشتۈردى.

سەئىدخان يەكەننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن،
ھىجرىيە 920 - يىلى (مىلادى 1514) رەجەب ئېيىنىڭ
و - كۈنى (كونا ئاي ھېسابى بويىچە 7 - ئايدا) چوڭ
ۇرۇلتاي چاقىرىلدى. قۇرۇلتايدا سەئىدخاننى سۇلتان
ەپ ئېلان قىلدى. دۆلەتنىڭ نامىنى «سەئىدىيە
ۆلىتى» دەپ ئاتىدى. يەكەن شەھىرى بۇ دۆلەت-
نىڭ دائىمىي پايتەختى قىلىپ بېكىتىلدى. يەكەن
سەئىدىيە خانلىقىنىڭ دۆلەت بايرىقىنىڭ شەكلىنى
وقۇت رەڭ ئۈچ بۇرجەكلىك بايراققا ئۆزگەرتىپ،
ايراقنىڭ ئوڭ تەرىپىگە «لاالەالالا مى مندروسول-
للە» دېگەن كەلىمە ئالتۇن ھەل بىلەن يېزىلدى.
ايراقنىڭ سول تەرىپىگە سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇ-
رۇلغان تارىخى — ۋاقتى يېزىلدى. بايراق مەھكەمە

دەرۋازىسىنىڭ ئۈستىگە ئېسىلدى.

يەكەن سەئىدىيە خانلىقى ئىچكى ۋە خەلقئارا ئىشلاردا پارس تىلىنى قوللاندى، ھەتتا مەدرىسىلەر- دە ئوقۇلىدىغان دەرسلەرنىڭ 70 پىرسەنتى پارس تىلى بىلەن ئوقۇلدى.

سەئىدىيە خانلىقى «شەرىئەت مۇھەممەدىيە»نى دۆلەت دىنى قىلىپ ئىجرا قىلدى. دۆلەتنىڭ بارلىق مالىيە كىرىملىرى شەرىئەت يولى بىلەن توپلاندى.

بابۇرشاھ ئەمىر تۆمۈر كوراگان ئەۋلادى ئىدى. ئۇ ئافغانىستاندىن ئۆتۈپ، ھىندىستاننى ئىس- تىلا قىلىپ قۇرغان خانلىقىدا پارس تىلىنى دۆلەت تىلى قىلغان ئىدى. شۇ دەۋردە سەئىدخان ھىندىس- تانغا بېرىپ بابۇر شاھنىڭ ياردىمى بىلەن ئالتە شەھەرنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، ھىندىستاندىن دا- ئىم بابۇرشاھ كىشىلىرى يەكەنگە كېلىپ تۇراتتى. ھەتتا ھىندىستان، ئافغانىستان، كەشمىر قاتارلىق جايلاردىن شىنجاڭغا كېلىپ، شىنجاڭدا ئولتۇراقلاشتى.

بابۇرشاھ خانلىقىنى ھىندىلار «موغۇل خانلى- قى» دەپ ئاتايتتى. بابۇرشاھنىڭ ئۆزى پارس زابان ۋە پارس يېزىقىنى ياخشى كۆرگەنلىكتىن تەۋەلىرىدىمۇ بۇ يېزىق ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېلىنىپ ئىشلىتىلگەنلىكتىن، خەلقمۇ بۇنى ئېتىراپ قىلغان ئىدى.

مەۋلانە جالالىددىن رومى ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى بولغان «مەسنەۋى شەرىف»نى پارس تىلى-

يازغان.

ھىجرىيىنىڭ ٩٩٥ - يىللىرىدىن كېيىن بابۇر-
شاھ ئەۋلادىدىن ئەكبەر شاھ ھىندىستاندا تەختتە
ولتۇرۇپ، ئاندىن قوللانغان پارس تىل - يېزىقىنى
ەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئوردو تىلىنى دۆلەت تىلى
لەي.

سۆز بېشىغا كەلسەك، سەئىدخان قۇرۇلتاي
امام بولغۇچە شەھەرگە كىرمەي، شەھەر سىرتىدا
ۇرۇپ تۇردى. قۇرۇلتاي تامام بولغاندىن كېيىن،
ولۇق ئاغدۇغا ۋە دەبدەبە بىلەن «ئارك» (ئوردا)
كىرىپ تەختتە ئولتۇردى، ئۇ ھاكىمىيەتنى
ولغا كەلتۈرۈشتىكى ئۇزاق كۈرەشلەردە
ىقىن ياردەمچىسى ۋە ساداقەتمەن سەركەردىسى
ۇلتان سەئىد مۇھەممەت مىرزىنى ئەمىر كەبىر
اش قوماندان) ئۇنۋانى بىلەن باش ۋەزىر
ۋە قەشقەرنىڭ تومۇمىي ۋالىيسى قىلىپ تەيىنلىدى.
تىجىدە يەكەن، خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ، ئىسسىق
ۆل، يەتتە سۇ رايونى سەئىدخانغا تەۋە بولۇپ،
ەرقايسى ۋىلايەتلەرگە ۋالىي، ئەمىر، ھاكىملارنى
ەيىنلىدى.

بۇ ۋاقىتلاردا كۆچارىدىن تۇرپان، بەشبالىق،
ىلىغىچە بولغان جايلار سەئىدخاننىڭ ئاكىسى مەن-
ۇرخاننىڭ تەسەررۇپىدا ئىدى.

سۇلتان سەئىدخان ئاكىسى مەنسۇرخان بىلەن
ىتتىپاق قىلىشىش، بىر نىيەت، بىر ھەقسەتتە بولۇش،

ۋەتەن، خەلقنى ياخشى ئىنتىزام ۋە ئادىل قانۇن بىلەن باشقۇرۇش، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، خەلققە بەخت - سائادەت يارىتىش ئارزۇسىدا بولۇپ كەلدى. بىراق ئاكىسى مەنسۇرخان سەئىدىيە خانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي، ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك پوزىتسىيە تۇتتى. سەئىدخان بۇنىڭغا قارىتا ھەربىي كۈچ ئىشلەتمەي، تىنچ سۆھبەت - سۆلھى يولى بىلەن بىرلىككە كېلىشنى لايىق كۆردى. چۈنكى سەئىدخاننىڭ دۆلەت قۇرۇشتىكى مەقسىتى ۋە سىياسىتى ھۆكۈمران بولۇش، تاج كىيىش، شەخسىي غەرەزنى ئىشقا ئاشۇرۇش بولماستىن، بەلكى يۇرتنىڭ تىنچلىقى، خەلقنىڭ ئەمىنلىكىنى تەمىن ئېتىش ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، ئۇرۇشۇشتىن سۆلھىنى ئەلا بىلدى. سەئىدخاننىڭ «دۆلەت قۇرۇشتىن مەقسەت: يەر - زېمىنلارنى ئىشغال قىلىپ، تاج كىيىپ، شەخسىي ئارزۇنى قاندۇرۇش بولماستىن، بەلكى ئەسىرلەردىن بېرى راھەت كۆرمىگەن خەلقنى راھەتكە چىقىرىش» دېگەن ئارزۇسىنى خەلققە بىلدۈرگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

ئۇ ھاكىمىيەتنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن ئانا ئاشۇ ئارزۇسىنى ئەمەلدە كۆرسەتتى. يەنى ئالدى بىلەن خەلق ئۈستىدىكى ھەر خىل باج - خىراجەت، سېلىقلارنى يېڭى يېلىغىچە كەچۈرۈم قىلغانلىقىنى ئېلان قىلدى. مىرزا ئابابەكرى تەرىپىدىن بۇلاپ - تالاپ توپلانغان خەزىنىدىكى بايلىقلارنى ئەسكەرلەر

بىلەن خەلققە ئۈلەشتۈرۈپ بەردى.

ن سەئىدخان ئىنتايىن تەقۋادار، ئاق كۆڭۈل ۋە خەلقپەرۋەر زاد بولۇپ، خەلققە جەبىر - زۇلۇم قىلـمايتتى، بىھۇدە قان تۆكۈش ئىشلىرىدىنمۇ خالـى ئىدى. ئۇ پەرزەنتلىرىنىمۇ ئەنە شۇ روھتا تەربىيىلىگەنلىكتىن، كېيىنكى ۋاقىتتا ئوغلى ئابدۇ-رەشىدخاننىڭ سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرۇپ يۈرگۈز-گەن سىياسەتلىرى مانا بۇنىڭ ھەققىي دەلىلىدۇر.

سۇلتان سەئىدخان ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەپ بولغاندىن كېيىنمۇ ئاكىسى مەنسۇرخان بىلەن ھەرگىز ئۇرۇش قىلىش نىيىتىدە بولمىدى. يوشۇرۇن ئالاقە ئارقىلىق ئاكىسى تەرەپتىكى يېقىنلىرى ۋە ئىنىسى ئەيمەن خوجا سۇلتان بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشىپ تۇردى. ئەمما ئاكىسى مەنسۇرخان سەئىدخاننىڭ ئۆشتۈمتۇت ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۆز مۇداپىئەسىنى كۈچەيتتى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن كۇچارغا تۇرغۇن ئەسكىرى قۇۋۋەت توپلاپ، ئىنىسى ئەيمەن خوجا سۇلـتاننى قوماندان قىلىپ، سەئىدخاندىن مۇداپىئە كۆ-رۈشنى بۇيرىدى. بۇ ئارىلىقتا ئەيمەن خوجا سۇلتانـنىڭ سەئىدخان بىلەن يوشۇرۇن ئالاقىلىشىپ تۇر-غانلىقى مەنسۇرخانغا سېزىلىپ قېلىپ، ئۇنى يوشۇ-رۇن ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشنى ياركەبەگ دېگەن سەركەر-دىسىگە بۇيرىدى. ئەمما بۇ كىشى ئاستىرتتىن ئەيمەن خوجا سۇلتانغا يېقىن كىشى بولۇپ، بۇ سىرنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويدى ۋە ئۇنى مەخپىي ھالدا يەكەن-

گە قاچۇرۇۋەتتى.

ئەيمەن خوجا سۇلتان ئۆز يېقىنلىرى بىلەن يەكەنگە كېلىپ، ئاكىسى سەئىدخاننى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدى. شۇندىن كېيىن، سەئىدخان ئىنىسى ئەيمەن خوجا سۇلتاننى ئۆز نامىدىن ئاقسۇغا ۋالىي قىلىپ بەلگىلەپ، نۇرغۇن سوۋغا - سالاملار بىلەن يولغا سالدى. ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن بەگلەرگىمۇ ھەدىيە، دەرىجە، مەنسەپلەر بېرىپ ئۇزاتتى. ئاكىسى مەنسۇرخانغىمۇ نۇرغۇن سوۋغا - سالاملار بىلەن ئەلچىلەر ئەۋەتىپ، ئىنىچ سۆھبەت يولى بىلەن بىرلىككە كېلىشكە، ئارىدىكى نىزا، زىددىيەتلەرنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ ئىتتىپاق قىلىشىشنى تەۋسىيە قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەنسۇرخان ئۆز ئىنىلىرى سەئىدخان، خەلىل سۇلتان ۋە ئەيمەن خوجا سۇلتانلارغا قىلغان ئىشلىرىدىن كۆپ پۇشايمان قىلىپ، تۇرپاندىن نۇرغۇن سوۋغا - سالاملار بىلەن خوجا تاجىددىن باشچىلىقىدا سەئىدخانغا ئەلچى ئەۋەتتى.

خوجا تاجىددىن بەگ يەكەنگە يېتىپ كېلىپ، سەئىدخانغا مۇلاقات بولدى. سەئىدخان بۇ ۋەكىللەرنى ناھايىتى ھۆرمەت بىلەن قوبۇل قىلدى ۋە ئاكىسى مەنسۇرخانغا بولغان كۆڭلىدىكى ئاداۋەتلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ، نۇرغۇن سوۋغا - سالاملار بىلەن تۇرپانغا يولغا سالدى.

بىرقانچە قېتىملىق ئەلچىلەرنىڭ بېرىپ -

كېلىشى بىلەن ئاكا - ئۇكىلار ئۆزئارا ئۇچرىشىش،
مەسىلىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشقا قوشۇلدى.
ئۇچرىشىش ئورنى ئاقسۇنىڭ ئاۋات قىلىپ بېكىتىل-
دى. بۇ كېلىشىمگە ئاساسەن سەئىدخان دۆلەت ئەر-
بابلىرى ۋە ئۇرۇغۇن ھەربىي كۈچ بىلەن يەكەنكە
يولغا چىقىپ ھىجرىيىنىڭ 922 - يىلى (مىلادى
151 - يىلى) 1 - ئايدا ئاقسۇغا يېتىپ باردى.

مەنسۇرخانمۇ ئۆز ئادەملىرى بىلەن بايغا كېلىپ
ئورۇنلاشتى. لېكىن مەنسۇرخان ئۆتكەنكى ئىشلار
ئۈچۈن مەندىن ئۆچ ئالارمىكىن، دېگەن گۇمان بىلە-
ن ئۇچرىشىشتىن بۇرۇن ئىككى تەرەپتىن كاپالەت
ئۈچۈن بىرقانچىدىن كىشىنى ئالماشتۇرۇشنى ئوتتۇ-
رىغا قويدى. سەئىدخان بۇ شەرتنى قوبۇل كۆرۈپ
مىرزا ھەيدەر دوغلات باشلىق ئۈچ كىشىنى كاپالەت
ئۈچۈن مەنسۇرخان تەرەپكە ئەۋەتتى. مەنسۇرخانمۇ
ئانىسى ساھىب دۆلەت خېنىم باشلىق بىرقانچە كىشى-
نى سەئىدخان تەرەپكە ئەۋەتتى. كاپالەت ھەيئەت-
لىرى ئالماشتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەر ئىككى
تەرەپ ئۆزىگە 30 دىن ئادەمنى ھەمراھ قىلىپ،
ئۇچرىشىش ئورنىغا يېتىپ كېلىشتى.

ئۇچرىشىشتا سەئىدخان بارلىق ئاداۋەتلەرنى
كۆڭلىدىن چىقىرىپ تاشلاپ، ئاكىسى مەنسۇر-
خاننى ئاتا ئورنىدا ھۆرمەت قىلىپ كۈتۈۋالدى.
بۇ ئۇچرىشىش بىلەن ئىككى قېرىنداش ئوت-
تۇرىسىدا مۇكەممەل ئىتتىپاق تۈزۈلۈپ، ۋەتەن

تولۇق بىرلىككە كەلدى. نەتىجىدە، يەكەن سەئىدىيە خانلىقى كۈچلۈك بىر ھالغا كېلىپ دۇنياغا تونۇلدى. ئۇنىڭ شىمالىي ھۇدۇدى يەتتە سۇ، توقماقلارغىچە، جەنۇبىي ھۇدۇدى تىبەت، كەشمىرلەرگىچە، شەرق ھۇدۇدى قۇمۇلغىچە، غەربىي پەرغانىغىچە كېڭەيدى.

يەكەن سەئىدىيە خانلىقى سەئىدخاننىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرىدە (1514 — 1533) ئەنە شۇنداق كەڭ زېمىنغا ئىگە، نوپۇزلۇق، قۇدرەتلىك، ئىقتىدارلىق، كۈچلۈك بىر خانلىق بولدى.

سەئىدخان دەۋرىدە دۆلەت بىرلىككە كېلىپ، خەلق ئەمىن تېپىپ، ئىگىلىك گۈللىنىپ، خەلق راھەت - پاراغەتتە ئۆتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دەۋر، «قۇمۇلدىن پەرغانىغا بارغىچە تۇزۇق — تۈلۈك ئالماي، ئۆيدىن — ئۆيگە ئۆتۈپ مېھمان بولۇپ بارالايتتى»،

سەئىدخان دۆلەت چېگرىسىنى مۇستەھكەملەپ، ئىگىلىكنى يەنىمۇ گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، بىرقانچە قېتىم لەشكەر تارتىپ، بەدەخشاندىكى باشباشتاق فېئوداللارنى ئىتائەتكە كەلتۈردى. ئۇ ئاخىرقى قېتىم «تۇرسالىق» (ئىچكى تىبەت)نى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن، لاساغا قوشۇن تارتىپ بېرىپ، شۇلارنى بويسۇندۇرۇپ، قايتىشىدا يول ئۈستىدە ئۆتەك ئېلىپ كېتىپ ۋاپات بولدى. يەنى، ھىجرىيىنىڭ 939 - يىلى (مىلادى 1533 - يىلى) 47 يېشىدا ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ جەسىتى يەكەنگە ئېلىپ كېلىنىپ ئالتۇنلۇق مازارغا دەپنە قىلىندى.

سۇلتان سەئىدخان 16 يېشىدىن 47 يېشىغىچە 31 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت هارماي - تالماي كۈرەش قىلىش ۋە تىرىشىش ئارقىلىق يەكەن سەئىدىيە دۆلىتىنى قۇردى ۋە ئۇنى مەنىۋى ھەم ماددىي ئاساستا ناھايىتى باي، مۇستەھكەم تېررىتورىيىگە ئىگە قىلىپ دۇنيادىن ئۆتتى. ئۇنىڭ خانلىقتا ئولتۇرغان ۋاقتى 19 يىل بولدى.

سۇلتان سەئىدخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى — ئاقسۇنىڭ ۋالىيسى ياش سەركەردە ئابدۇرەشىتخان ئاتىسىنىڭ ۋارىسى سۈپىتىدە سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تەختىگە ئولتۇردى.

ئابدۇرەشىتخان تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، دۆلەتنى ئەدلە - ئادالەت بىلەن باشقۇرۇپ، ئىلىم - پەن، مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلقنى دېموكراتىيىدە ئىنسان ھېسسىيات بىلەن ئىدارە قىلدى

ئابدۇرەشىتخان ئاتىسىدەك ئاقىل، زېرەك، پاراسەتلىك، غەيۇر سەركەردە ئىدى. ئۇ ئاتىسىنىڭ ۋاقتىدا كۆپ ئۇرۇشلارغا قاتنىشىپ، يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تىكلىنىشى، ۋەتەننىڭ بىرلىككە كېلىشىدە ئۆچمەس خىزمەتلەرنى كۆرسەتتى.

ئابدۇرەشىتخان زامانىدا ئەل -يۇرت ئەمىنلىك تېپىپ، ئەدەب - ئەخلاق، كىشىلەرنىڭ ھەرىكەت مىزانى بولۇپ قالدى. ئۇ پارس تىلى بىلەن سۆزلىشىش، پارس يېزىقى بىلەن ئەسەر يېزىشنى ئۆگىنىشنى كېمەيتىپ، ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەشنى، ئۇيـ

خۇر يېزىقىدا ئەسەر يېزىشنى تەشەببۇس قىلدى. يۇرغۇزۇلغان پارس كىتابلىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلدۇردى. تەرەققىيپەرۋەر ئابدۇرېشىتخان بارلىق ئىدارە، دىۋانخانا (كاتىبات) ۋە باشقا مۇئەسسەسەلەرگە قەدەر كونا تۈزۈمدىكى خۇراپىي ئادەملەرنى قالدۇرۇپ، ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەشكە يول ئېچىپ، پارسچە كىتابلارنى تەرجىمە قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس بىر ئىدارە تەشكىل قىلىپ، خەلقنىڭ بىۋاسىتە پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئوڭايلىق يارىتىپ بەردى.

ئابدۇرېشىتخان ماتارىپنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئوقۇ - ئوقۇتۇشنى ئۇيغۇر تىلىدا ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرگە، ھەرقايسى جايلاردا مەدرىس، مەكتەپلەرنى ئاچتى. ئەرەبچە، پارسچە، ئوردۇچە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلدۇرۇپ، ئۇنى كەڭ ئاممىلارنىڭ پايدىلىنىشىغا تەقدىم قىلدى. نەشرىيات ئورۇنلىرىنى بەرپا قىلىپ كىتابلارنى نەشر قىلدۇردى. بۇنىڭ تۈرتكىسىدە، ئاتاقلىق شائىر، يازغۇچى، مۇئەررىخ، مۇزىكانت، سەنئەتكارلار كۆپلەپ يېتىشىپ چىقتى. جۈملىدىن سۇلتان سەئىدخان زامانىسىدا ھىندى بىرھەمىنى يازغان مەشھۇر ئەسەر «كەلىلە دەمنە» ھىجرىيىنىڭ 1130 - يىلى مۇھەممەت سىدىق قەشقىرى تەرىپىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىندى. ئۇيغۇر مۇئەررىخ شائىرلىرىدىن لوبنى، زەلىلى، نازارى، خىرقىتى، غېرىبى، سوبۇرلار ئابدۇرېشىتخان دەۋرىدە يېتىشىپ چىققان تالانت

...ق ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئابدۇرېشىتخان دەۋرىدە دۆلەت ئورگىنىدا ئالىي
...مەت بېجىرىپ تۇرغان ئەربابلاردىن ۋەزىر بولغان
...زا مۇھەممەت، مىرزا ھەيدەر كوراگان، مىرزا
...سىمىلەر — ئاتاقلىق ئالىم، ئەدىب، شائىر، سىيا-
...ونلار ئىدى. مىرزا ھەيدەر كوراگان بولسا ئىمىر
...ۇر كوراگاننىڭ ئەۋرىسى ئالىيجاناب كىشى
...ۇپ. سۇلتان سەئىدخان بىلەن دىيارى پەرغانىدىن
...للە كەلگەن. سەئىدىيە خانلىقىغا ئەڭ سادىق،
...خلاسمەن بولغانلىقتىن، ئۇنى ئابدۇرېشىتخان قەش-
...ۇرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تەيىنلىگەن.

ئابدۇرېشىتخان دەۋرىدە خەلق ئىچىدە تەسىرى
...ۇز كىشىلەرمۇ چەت ئەللەردىن شىنجاڭغا كېلىپ تۇرۇپ
...غان ئىدى. ئىراقتىن قۇتبىدىن خوجام دېگەن
...شى كېلىپ قورغان يېزىسىدا سويى ئىشانلىق
...لىپ ئالەمدىن ئۆتكەن. ھازىر بۇ كىشىنىڭ قەب-
...ىنى كىشىلەر زىيارەت قىلىدىغان مازارلارنىڭ
...ىدۇر. يەنە شۇ ۋاقىتتا سەمەرقەنتتىن خوجا مۇ-
...ھەممەت شىرىپ پىرىم دېگەن كىشى يەكەنگە كېلىپ،
...ۋلەت بىلەن شۇغۇللىنىپ شۆھرەت قازانغان. ئاخىر
... كىشى يەكەندە ۋاپات بولۇپ، يەكەندە دەپنە
...لىنغان. خەلق بۇ كىشىنى «ھەزرىتى پىر» دەيدۇ.
...ىنىڭ مەقبەرىسىنىمۇ «ھەزرىتى پىر» مازىرى دەپ
...ئايدۇ.

مۇندىن باشقا ئابدۇرېشىتخان دەۋرىدە تۈرلۈك

قوزغۇلۇش تەمراتلىرىسىمۇ ناھايىتى كۆپ بولغان. يەكەننى شەھىرى ئىچىگە بىرقانچىلىغان چوڭ مەدرىس، جامەئ، مەسچىت، خانىقا، كۆل، ئېرىق - ئۆستەڭ ئەھيا قىلىنغان. ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن يەكەن چوڭ جامە مەدرىسى بىلەن 40 گۈمبەز ئەنە شۇ ۋاقىتتا ئەھيا قىلىنغان ئىلىم ئوچاقلىرىدىندۇر.

يەكەن چوڭ كۆۋرۈكى مۇشۇ ۋاقىتتا ياسالغان زور قوزغۇلۇشلارنىڭ ئەمۇنىلىرىدىن ئىدى. يەكەنىدە يەنە ئوردىغۇن باغلار، راباتلار، رەستلەنگەن ۋە قايتىدىن ئەھيا قىلىنغان.

چاغاتاي خان دەۋرىدە سېلىنغان تەشقەر شەھرىنىڭ شەرقىدىكى لەشكەرەم خانىي شەھرىگە كېلىدىغان سۇ يېشىغا تاغ كۆمتۈرۈلۈپ چۈشۈپ، ئۆستەڭ كۆمۈلۈپ قالغانلىقتىن، بۇ جاي ئېغىر قۇرغاقچىلىقتا ئۇچراپ، ئون يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت شۇ ھالەتتە تۇرغان ئىدى. مىرزا ھەيدەر كوراگان ھىجرىيە 940- يىلى قايتىدىن ئۆستەڭ چاپتۇرۇپ، سۇنى راۋان قىلىپ، بۇ جايدىكى قۇرغاقچىلىققا خاتىمە بەردى.

سۇلتان ئابدۇرەشىتخان 27 يىل تەختتە ئولتۇرۇپ مىلادى 1560- يىلى ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ جەسىتى يەكەن ئالتۇنلۇق مازارغا دەپنە قىلىندى.

ئابدۇرەشىتخان ئاتاقلىق ئالىم، مەرىپەت پاخۋەنى، شائىر - ئەدەب بولغىنى ئۈچۈن، ئۇز دەۋرىدە نۇرغۇن كۆپچىلىك بىلەن ئەدەبىيات، مائارىپنى تۇتۇش

…قىلىق، جەمئىيەتنى ئىلىم - ئىرپان كانىغا ئايلان-
…دۇرۇش، خەلقنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا
…داكارلىق كۆرسەتكەن داڭلىق پادىشاھتۇر.

…ئۇ پادىشاھ بولغان مەزگىللەردە شىنجاڭنىڭ
…رقا يېرى رايونلىرىدا 2263 ئورۇندا مەدرىس، 1533
…ئورۇندا مەكتەپ قۇرۇلغان. چوڭ شەھەر ۋە ناھىيە
…زالىرىدا خانلىق مەدرىسى ۋە شۇنىڭغا تەڭ كېلە-
…دىغان مەدرىسلەر قۇرۇلغان. يېزا، مەھەللىلەردە مەس-
…لىسۇى مەدرىسلەر تەسىس قىلىنغان. بۇ مەدرىسلەر
…كتەپلەرنىڭ راسخوتلىرى ئۈچۈن لۇزغۇن يەر،
…كىمەن، سۇ - سارا يى، دۇكانلار ۋەخپە قىلىنىپ،
…ۇنىڭ كىرىمى ئارقىلىق مەدرىس، مەكتەپلەرنىڭ
…راجىتى ھەل قىلىنغان. خانلىق مەدرىسلەرنىڭ
…راجەتلىرى دۆلەت خەزىنىسىدىن بېرىلگەن. شۇ
…ىغا سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە قەشقەر، يەكەندىكى
…مەدرىسلەرنى، يەنە مەسىلەن، يەكەندىكى «رەشىدىيە
…مەدرىسى»، «پەيشىل مەدرىسى»، «جامە مەدرىسى»،
…قەشقەردىكى «خانلىق مەدرىسى»، «ساقىيە مەدرىسى»
…ئارلىق ئالىي بىلىم يۇرتلىرىنىڭ نامى شىنجاڭدا
…مەشھۇر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە
…ئوتتۇرا شەرقتىمۇ شۆھرەت قازانغان. چەت ئەلدىن
…ۇغۇن تالىپلار كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلىپ قايت-
…تى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دەۋردە، سەئىدىيە دۆلىتى
…رىتورىيەلىرىدە قەشقەر ئىلىم - پەن مەركىزى بو-
…لۇپ، «ئىككىنچى بۇخارا» (2 - بۇخارا) دەپ نام قازان-

ھان. ئەمدىلىكتە شىنجاڭ خەلقى ئىلىم ئىزلەپ يىراق يوللارنى بېسىپ ئىستانبۇل، قازان، بۇخارا، باغدات، دېھلى، تېھران، كابۇل قاتارلىق جايلارغا بارمىسىمۇ، قەشقەردە ئىلىم ئېلىش ئارزۇسىنى قاندۇرۇشنىڭ شەرت - شارائىتلىرى ھازىر بولغاچقا، نۇرغۇن ئالىم، قازىلار يېتىشىپ چىقتى.

سەئىدىيە دۆلىتى سىياسىي بىلەن دىنىنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ قاراپ، ئىجتىمائىي ھاكىمىيەتچىلىك سەلتەنەتلىرىنى قولدىن بەرمەي كەلدى. شۇنىڭ ئۈ- چۈن بۇ خانلىق دەۋرىدە ئىجتىمائىي مەدەنىيەت - مائارىپ ئورۇنلىرى بىلەن دىنىي پائالىيەت ئورۇنلىرى تەشكىلىي - قۇرۇلما، ئورۇن، تۈزۈم جەھەتلەردىن بىر - بىرىگە بېقىنماي، ئارىلاشماي، ھەر قايسىلىرى ئۆز مۇددىئا مۇرات - مەقسەت- لىرى بويىچە مۇستەقىل مۇئەسسەسە سۈپىتىدە پائا- لىيەت ئېلىپ بارغان. سەئىدىيە دۆلىتىگە تەۋە ھەر بەش كەنتتە تۆتتىن مەكتەپ ياكى مەدرىس، ھەر ئىككى كەنتتە بىردىن خانىقا ياكى مەسچىت بولغان- لىقىدەك بۇ سېلىشتۇرما قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە- دۇر، ئەلۋەتتە.

سۇلتان ئابدۇرەشىتخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كې- يىن، ئەلنىڭ ئىتتىپاقى، رەئىيەتنىڭ ماقۇللىشى بى- لەن، ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇكېرىمخاننى سەئىدىيە خان- لىقىنىڭ تەختىگە ۋارىس قىلىپ، پادىشاھلىققا كۆ- تۈردى. ئابدۇكېرىمخانمۇ ئەلنى ئەدلە - ئادالەت بى-

سورىدى.
ئابدۇكېرىمخان 33 يىل ھۆكۈم سۈرۈپ، ھىجـ
نىڭ 1000 - يىلى دۇنيادىن ئۆتتى. ئۇنىڭ
تى ئالتۇنلۇق مازارغا دەپنە قىلىندى ۋە ئۇنىڭ
ۇدىكى ئوغلى مۇھەممەتخان ئاتىسىنىڭ ئورنىغا
لىققا ئولتۇردى.

مۇھەممەتخان سوپى زاھىد كىشى بولۇپ، سىياسـ
تىن ئانچە خەۋىرى يوق ئىدى. دۆلەتكە چوڭ
زمەت كۆرسىتەلمىدى. مۇشۇنداق ئەھۋال بىلەن يەكەن
ندىمە خانلىقىدا 18 يىل ھۆكۈم سۈرۈپ، ھىجـ
ە 1018 - يىلى يەكەندە ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ
ستىمۇ ئالتۇنلۇق مازارغا دەپنە قىلىندى.

مۇھەممەتخاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ
ىنغا ئوغلى ئەھمەدخان خانلىققا ئولتۇردى، بۇ
دا، دەرۋىش مىجەز، سىياسىي بىلەن كارى يوق
ى بولغاچقا، ئوردا خىزمەتچىلىرىنىڭ خاھىشلىقىـ
ن ۋاقىپ بولالماي، ئۆز ئوردىسىدا مۇناپىق خىزمـ
چىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ۋاپاتى
رىيە 1024 - يىلى بولدى. ئۇنىڭ ئورنىغا مۇ
ـمەتخاننىڭ يەنە بىر ئوغلى سۇلتان ئابدۇللىتىپـ
ن خانلىق تەختىدە ئولتۇردى.

سۇلتان ئابدۇللىتىپخان زىيادە مەرد، خەلقپەرۋـ
ر، ئىلىمپەرۋەر كىشى ئىدى. ئىلىم - پەن، ماتـ
پ، دىنىنىڭ راۋاجى ئۈچۈن زور خىزمەتلەر كۆرـ
تتى. مۇھىم شەھەرلەردە نۇرغۇن مەدرىس، جامـ

لەرنى تەمىر قىلدۇردى. قەشقەر شەھىرى چارسۇ (چا-
سا) دىكى ئالىي بىلىم يۇرتى «خانلىق مەدرىسە»نى
تەمىرلىدى. بۇ مەدرىسىنىڭ خىراجىتىنى خەزىنىدىن
بېرىشنى، ئىلىم - پەننى راۋاجلاندۇردى. خانلىق مەد-
رىسىدە ئۆلىمالار تەربىيىلىنەتتى. كىشىلەر ئىمتىھان
بېرىپ ئاندىن دىنىي مەنسەپكە ئولتۇراتتى. مەسىلەن،
قازى، ئەلەم، مۇفتى، مۇدەررىس، فەقىھ، مۇئەززىن
قاتارلىق مەنسەپلەرگە مەزكۇر خانلىق مەدرى-
سى يېتىشتۈرگەن كادىرلار تەيىن قىلىناتتى.
— چۈنكى، ھەكىم شەرقى، ئەنە شۇ خانلىق مەد-
رىسىدە ئوقۇپ دارىلقارا ئورنى بولغانلىقتىن، مەد-
رىسىنى قازىلىق دەپ ئاتىلىپ كەلگەنىدى. لې-
كىن، كېيىنكى يىللاردا خانلىق مەدرىسىنىڭ ئالدىدا
قازانچىلار، قازان ياسايدىغان بازار ئاچىلغانلىقتىن،
ئاۋام خەلق بۇ خانلىق مەدرىسىنى قازان مەدرىسى
دەپ ئاتايدىغان بولدى. ئابدۇلتىھان يەنە، قەش-
قەردە بىلىم يۇرتلىرىنى تەسىس قىلىپلا، بىر-
كە يېڭىسار، قاغىلىق قاتارلىق شەھەرلەر-
دىمۇ كاتتا مەدرىسە، جامەلەرنى ياساتتى. ئابدۇل-
تىھان ھاكىمىيەتنى ئەدلى - ئادالەت بىلەن باشقۇر-
دى، ئىلىم - مەرىپەتنى راۋاجلاندۇردى. خەلقنى
بەختىيارلىققا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشتى.
لېكىن ئۆلىمالار ئوردىسىدا خىزمەت قىلىۋاتقان بىر
قىسىم كىشىلەر — قارا نىيەتلىك ئادەملەر بولغان-
لىقتىن، ئۇلارنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن بىر قىسىم

لىق بىلمەيمىز ئادانلار ئابدۇلتىپخانغا سۈيىقەست
دى. نەتىجىدە ئابدۇلتىپخان 12 يىل ھۆكۈم سۈ-
پ، ھىجرىيىنىڭ 1037 - يىلى ۋاپات بولدى.
نىڭ جەسىتى ئالتۇنلۇققا دەپنە قىلىندى.

ئابدۇلتىپخان ۋاپاتىدىن كېيىن، ئالتە شەھەر-
ئىچكى پەرىشانلىقلار يۈز بەردى. شاھزادە، بەگ-
مەنسەپ، سەلتەنەت تالىشىپ، ئۆزئارا ئۇچىچەك-
شىپ، خەلققە خاتىرجەمسىزلىك، ئەلگە ئاپەت كەل-
ردى. بۇ ۋاقىتتا ئالتە شەھەردە ئىككى ئېغىر قىس-
چىلىك يۈز بېرىپ، كېمەللىك، ئۆلۈم - يىتىم
پ بولدى. خەلق جان بېقىش ئۈچۈن مۇساپىر بول-
، ھەرقايسى جايلارغا باش ئېلىپ كەتتى. خۇل-
لىق (قاتىللىق)، قان تۆكۈش كۆپەيدى. ئوغ-
لىق، قاراقچىلىق ئەۋج ئالدى. كوچىلاردىكى كوچ-
لەرنى قاقشاتتى. ھەر خىل رەڭدىكى يات ئادەم
مۇ پەيدا بولدى. خەلق ئاھايىتى قورقۇنچتا
ىدى.

بۇ پەرىشانلىق، پالاكەت ۋە باشباشتاقلىقنى
كۆرۈپ، ئەلنىڭ بىرلىكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن
ھان، كورلا، بۈگۈر، قارا شەھەر، قۇمۇللارنى
ار قىلىپ تۇرغان ئەمىر ئابدۇللاخان ئالتە شە-
رگە قوشۇن باشلاپ كېلىپ، يۇرتنى ئۆز ئىلكىگە
ى.

ئابدۇللاخان ھىجرىيە 1048 - يىلى (مىلادى
16 - يىل) يەكەندە سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تەختىدە

تولتۇردى. ئۇ ۋاقىتتىكى سەئىدىيە دۆلىتىگە تەۋە ئۆل-
كىلەر ئالتە شەھەر، تۇرپان، بەشبالىق، ئىلى قا-
قارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ ئۆلكىلەردە
ئابدۇللاخانغا قارشى ھېچقانداق كۈچ قالمىدى. شىن-
جاڭنىڭ ھەربىي مۈلكى، سىياسىي، مالىيە، مائارىپ
ۋە ئىدارە ئىشلىرى بىر مەركەزگە باغلانغىنى ئۈچۈن،
دۆلەت ناھايىتى كۈچەيدى، يۇرتنىڭ تىنچلىقى نا-
ھايىتى ياخشى تەمىن ئېتىلدى. ھەربىي كۈچ زو-
رايدى.

ئابدۇللاخان شىمال ۋە غەربتىكى كىچىك خان-
لىقلارنى ئۆزىگە تەۋە قىلماق ئۈچۈن، قەشقەر، ئاق-
سۇ قاتارلىق شەھەرلەردە زور ئەسكىرىي كۈچ توپلاپ
تەييارلىق قىلدى. ئابدۇللاخاننىڭ بۇ ھەرىكىتىنى
قوقەنت ۋە تاشكەنت خانلىرى ئاڭلاپ، ئابدۇللاخانغا
ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. ھەر يىلى مۇ-
ئەييەن مىقداردا خىراجنى يەكەنگە ئەۋەتىپ بېرىش، جۈ-
مە نامىزىدا ئوقۇلىدىغان خۇتبىدە ئابدۇللاخاننىڭ ئىس-
مىنى ئاتاشنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشتى. شۇنداق قىلىپ
غەربىي تۈركىستاننىڭ چوڭ بىر قىسمى يەكەن خان-
لىقىغا تەۋە بولدى.

ئىلگىرىكى ئۇزاق يىللار داۋام قىلىنغان تالاي-
مىقان ئۇرۇشلاردا ۋەيران بولغان شەھەرلەر، يوللار،
مەدرىس، مەسچىتلەرنى، كارۋان يوللىرىدىكى رابات،
قۇدۇقلارنى ئابدۇللاخان يېڭىدىن ياساتتى. بۇنىڭ
ئۈستىگە قەشقەر، يەكەن، قاغىلىق، خوتەن شەھەرلى-

بىر دەك چوڭ مەدرىس، جامە بىنا قىلدۇردى. بۇ
ەدرىس، جامەلەرگە پۈتۈن كەنتلەر ۋەخپە قىلىندى.
ۇ مەدرىسلەر ھازىرغىچە خانلىق مەدرىس دەپ ئاتى-
لىپ كەلمەكتە.

قاغىلىق بازىرىدىكى چوڭ جامە سېلىنىشتىن
ىلگىرى بۇ جايدا بىر كىچىك مەسچىت بولۇپ، بۇ-
نىڭ يېنىدا ھازىرقى مازار خوجام قەبرىستانلىقى
ار ئىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ كىچىك مەس-
چىت XI ئەسىردە، يەنى قاراخانىلار دەۋرىدە
ياسالغان ئىكەن. ھازىرقى چوڭ جامە ئابدۇللاخان
ەۋرىدە ئەنە شۇ كىچىك مەسچىتنى ئاساس قىلىپ،
مازار خوجام قەبرىستانلىقىدىكى جەسەتلەرنى ھازىر-
ى قەبرىستانلىققا يۆتكەپ كېڭەيتىپ بىنا قىلىنغان
ىكەن. بۇ كونا قەبرىستانلىقتىكى جەسەتلەرنى يۆت-
كەندە، بىر گۆردىن بىر دانە ئالتۇن بۇت چىققان.
ئالتۇننىڭ بىر قىسمىنى جامە مەدرىسكە سەرپ
لىپ، قالغان قىسمىنى پۇلغا ئايلاندۇرۇپ، نۇرغۇن
ىر، سۇ سېتىۋېلىپ جامە مەدرىسكە ۋەخپە قىلىپ
رگەن. ھازىر قاغىلىقتىكى بۇ جامە مەدرىس يېڭى-
ن ئالاھىدە كۆركەم ياسىلىپ، قاغىلىقنىڭ ھۆسنى-
ھۆسن قوشتى.

ئابدۇللاخان خوتەننىڭ چىرىيە بىلەن كېرىيە
ەھەرلىرىدە تۆت چوڭ ئۆستەڭ ئەھيا قىلدۇردى
ندە سۇنى لۆۋەت بىلەن تۇتۇش تۈزۈمىنى يولغا
دى. سۇنى نۆۋەت بىلەن تۇتۇش ھازىرغىچە دا-

ۋاملىشىپ كەلمەكتە.

ھىجرىيىنىڭ 1075 - يىلى (مىلادى 1665) نىيە، چەرچەن تاغلىرىدا ياشىغۇچى غەيرىي مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار (سېرىق ئۇيغۇرلار) يەكەن خانلىقىغا بولغان ئىتائەتتىن باش تارتتى. كىرىيە شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى. بۇلاڭچىلىق قىلىپ خەلقنى قىردى. بۇ خىل بۇلاڭ - تاراج يۇرتنى ئېغىر ۋەيران قىلدى. ئابدۇللاخان بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، يەكەندىن قوشۇن تارتىپ كىرىيىگە يۈرۈش قىلىپ، سېرىق ئۇيغۇرلارنى مەغلۇپ قىلدى.

ئابدۇللاخان دەۋرىدە قالماقلار ناھايىتى تېز سۈرئەتتە كۈچىيىپ، قازاقلارنى مەغلۇپ قىلدى. 1659 - يىللىرى بەشبالىق ۋە غۇلجىغا ھۇجۇم قىلىپ، بۇ جايلارنى بېسىۋالدى. ئابدۇللاخان بىلەن قالماقلار ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى قاتتىق ئۇرۇشلار بولدى. ئاخىرىدا بۇ جايلار قولدىن كېتىش بىلەن بىللە، قۇمۇل، تۇرپانلارمۇ قولدىن كەتتى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ ناھايىتى ئەلۋەك بىر قىسمى يەكەن سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ ئىلكىدىن قالماقلار ئىلكىگە ئۆتتى. يەكەن خانلىقىنىڭ زېمىنى ئالتە شەھەر بىلەن چەكلىنىپ قالدى.

يەكەن خانلىقى قالماقلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتىن كېيىن، ئەسكىرىي كۈچى ئاجىزلاپ كەتتى. يەنە بۇ دەۋردە غەربىي تۈركىستاندىكى ئۇششاق خانلىقلار دائىم بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ ۋە بىر -

...نىڭ يۇرتلىرىنى خانىۋەيران قىلىپ، خەلققە
...ىر بالايى-ئاپەت كەلتۈردى. بۇ خىل تىنچسىزلىق
...ۋەجىدىن غەربىي تۈركىستان خەلقى ئېقىن سۇدەك
...غا ھىجرەت قىلىشتى. ئابدۇللاخان بۇ مۇھا-
جىرلارغا مېھىر-شەپقەت قىلىپ، يەر، سۇ بەردى. بەزى
...ۇ مۇھاجىرلار ئارىسىدا «سەئىدىيلىق داۋاسى» بىلە-
...ن ئۆزىنى كۆككە كۆتۈرگەن خوجىلارمۇ بار ئىدى.
...ەن «كەرەمەت ئۆۋۈشىدى» ۋە ياكى «يەتتىدۇرغەن»
...ىتان كىشىلەرمۇ كۆپەيدى. بۇلار
...گەن سەئىدىيە خانلىقىنى چىرىتكۈچى كۈچ ئىدى.
...كىن. ئابدۇللاخان بۇ خوجىلارنى ھەددىدىن تاشقىرى
...ۈزەتىلىپ، ئۇلارنىڭ تەلەپ-ئارزۇلىرىنى ھەل قى-
...لىپ بەردى، تامام دۆلەت ئەربابلىرى ئۇلارغا ھۆرت
...بولدى، ئاۋام خەلق بۇ خوجىلارنى ئىلاھىيتى ئۈس-
...تۈن مۇقەددەس زات دەپ ئەقىدە قىلىشتى. بۇ ھال
...كەن خوجىلارنىڭ نوپۇزى باشقا ھەممە نوپۇزلىنى
...سىپ چۈشتى. ئابدۇللاخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن
...ىن، دۆلەتنىڭ مۇنقەرز بولۇشى، خەلقنىڭ ھىجرىيە
...ىسىدا كۆرۈلگەن پالاكەتلەرگە دۇچار بولۇشىغا بۇ
...خوجىلارنىڭ سۇيىقەستى، ۋە تۈزكورلۇقى سەۋەب
...بولدى.

ئابدۇللاخان يولۋاسخان ئاتلىق بىر ئوغلىنى
...قەشقەرگە ۋالىي قىلغان ئىدى. يولۋاسخان بىلەك زا-
...ت مۇستەبىت بىر شەخس بولغىنى ئۈچۈن، خەلق-
...نىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى. ئابدۇللاخان ئوغ-

لى يولۋاسخاننى ۋالىيلىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىۋېتىشنى مەخپىي قارار قىلغان ئىدى. يولۋاسخان دادىسىنىڭ بۇ قارارىدىن ۋاقىپلىنىپ ئىسيان كۆتۈردى. ئابدۇللاخان ئۇنىڭغا ئەدەب بەرمەك ئۈچۈن، قەشقەرگە ئەسكەر ئەۋەتكەن ئىدى، بىراق ئابدۇللاخاننىڭ ئەسكەرلىرى مەغلۇپ بولۇپ، يەكەنگە چېكىنىپ كەلدى. ئىككىنچى قېتىم ئابدۇللاخان ئاتا - بالا ئارىسىدا ئاھايىتى قاتتىق ئۇرۇش بولۇپ، ئابدۇللاخان ئەسكەرلىرى تالاپەتكە ئۇچراپ يېڭىلىپ ئارقىغا چېكىندى.
(مىلادى 1667 - يىلى).
ئابدۇللاخان ئۆز ئوغلىدىن يەتكەن بۇنداق تالاپەتنى كۆتۈرەلمەي، يۇرتتىن چىقىپ كەتمەكچى بولدى ۋە كىچىك ئوغلى ئابدۇلمۆمىنخاننى ئۆز ئورنىدا خانلىققا ئولتۇرغۇزدى. بىر مۇنچە خاس ئادەملىرى بىلەن ھىندىستانغا چىقىپ كەتتى. يولۋاسخان ئىنىسى ئابدۇلمۆمىنخاننى مەغلۇپ قىلىپ ئۆزى خان بولدى. ئۇ ئىككى يىل خانلىق قىلىپ، خەلققە ئىنتايىن ئېغىر زۇلۇم سالغانلىقتىن، خەلق قوزغىلىپ ئۇنى ئۆلتۈردى (مىلادى 1670). تارىخىي رەشىدىيەنىڭ زەيلىسىدىكى بايانىدا، «يولۋاسخان شۇنداق زالىم ئىدىكى، ئۇنىڭ ئالدىدا ھوججاج زالىم خىجىل ئىدى»
دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ.
يولۋاسخان ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، رەئىيەتنىڭ كىچىكىگە ئاساسەن، ئىسمائىلخان سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ خانى بولۇپ تىكلەندى.

## 3. يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇشى

ھىدايىتۇللا خوجا نۇرغۇن مۇرت توپلاپ، قەش-قەر، يەكەنلەردە يۇقىرى ئابروي قازانغاندىن كېيىن، ئىسمائىلخاننىڭ ئورنىغا خان بولۇش قەستىدە بول-دى. «ھىدايىتۇللا ئەۋلادى پەيغەمبەر، يۇرتنى ئۇ سوراش كېرەك ...» دېگەن سۆزلەرنى مۇرتلىرى تارقاتقاندا، ھىدايىتۇللا ئىشان بۇنىڭغا رازى ئىكەن-لىكىنى بىلدۈردى. ھەم «ۋاقتى كېلىپ نۆۋەت بول-سا يۇرتنى بىز سورايمىز» دەپ مۇرتلىرىنى ئىسما-ئىلخاننى ئاغدۇرۇشقا كۈشكۈرتتى.

ئىسمائىلخان بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، دەر-ھال ئالىمى يىغىن چاقىردى. ئۇ ھىدايىتۇللا ئىشان توغرىسىدا ئاڭلىغانلىرىنى جەزملەشتۈرۈپ، تۆۋەندە-كى قارارغا كەلدى. يەنى ھىدايىتۇللا ئىشانغا توغۇق مۇئامىلە قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇنداق قىلغاندا پا-سات تۇغۇلىدۇ. بۇنى تەدبىر بىلەن يۇرتتىن كەت-كۈزۈۋېتىش كېرەك. ئۇ كەتكەندىن كېيىن ئىشلار جا-يىدا كېلىدۇ، دەپ مەسلىھەتلەشتى. نەتىجىدە مەس-لىھەت بويىچە ئاپئاق خوجىغا تۇيدۇرماي، ئۇنى قەش-قەردىن يەكەندىكى خانلىق ئوردىغا تەكلىپ قى-لىپ. نامە ئەۋەتتى. ھىدايىتۇللا ئىشان تەكلىپنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، خىيال بولماي يەكەنگە كەلدى.

ئىسمائىلخان ئاپئاق خوجا شەھىرىنى ئۈچۈن
كاتتا زىيابەت بېرىپ ياخشى ئات، تونلارنى تەقدىم
قىلدى. زور مىقداردا پۇل بەردى. ئارقىدىن چوڭ
بۇۋىلىرى بولغان مەشھۇر جېلىل كاشغەرنىڭ مازىرىنى
ياسىماقچىمىز. ئۈستىدە تۇرۇپ بېرىشلىرىنى سوراي-
مىز، چۈنكى بۇ ئىشنى بىز قەشقەر خەلقى ھەممە خانلىق
يېمەكچىمە. ئۈچۈن شەرەپ كەلتۈرىدىغان خىزمەت تۇر،
دېگەن سۆزنى قىلغانىدا ھىدايىتۇللا ئىشان خۇشاللىق
بىلەن بۇ ئىشنى قوبۇل كۆردى. ھىدايىتۇللا ئىشان
يەكەندىن قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، قومۇل سەپىرى-
نىڭ تەييارلىقىنى قىلغاچ، ئۆزى ئوردىدا مولا تەقى
دېگەن مەشھۇر جىنازۇتلۇك كىشىنى قويۇپ، بارلىق
مۇرت - مۇخلىسلىرىنى ئۇنىڭغا بويسۇنۇشنى ئەمر
قىلىپ، قەشقەردىن قومۇلغا قاراپ يول ئالدى. خو-
جا ھىدايىتۇللا ئىشان قەمۇلنىڭ كوچاوغا يەتكەنلى-
كى، تۇغرىبېيمەكنى خەۋەر، كېلىشى بىلەنلا ئىسمائىل-
خان زارلىق خەلقىنى، پادىشاھلىقتا كىرىم قىلمىش سې-
لىقلىرىنى بولغان قويۇپ بىلەن يىتكىلە. سوپى
ئىشانلاردىنمۇ يىلىق ئىلىنىقا يامان چۈشۈردى.
بىلىقنى تۆلەشكە قارشىلىق قىلغانلارنى قاتتىق جازا-
لىمەيمۇ يۇقىرىدىن قورقۇپ، كەتكەن مولىلا فەقى تېز-
لىك بىلەن قەشقەردىن قېچىپ چىقىپ ھىدايىتۇللا
ئىشانى قارا شەھەردە قوغلاپ يەتتى ۋە ئەھۋالنى
ئۆلىمەقا يەتكۈزدى.

بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان خوجا ھىدايىتۇللا

ئىشان ھەم دىنىي جەھەتتىن پەرق بولۇپ، كۆپ ئويلاپ
...خىر ئىسمائىلخانغا قارشى تۇرۇپ ھاكىمىيەتنى
...ارتىۋېلىش ئۈچۈن قەشقەرگە دەرھال قايتتى. ئۇ
...ۇرت - مۇخلىسلىرى بىلەن قانداق قىلىش توغرىلىق
مەسلىھەت قىلىشتى. ئۇ مەسلىھەت بويىچە ئىسمائىل-
خاندىن ئۆچ ئېلىش ۋە ئۇنى دۇنيادىن يوق قىلىپ،
ھاكىمىيەتنى خوجىسىز قولغا ئالغاندا بىزگە ئاسايىش-
لىق بولىدۇ دەپ قارار بېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن
...ۇرت - مۇخلىسلىرىنى ئىشقا سېلىپ ھاكىمىيەتنى
...رتىۋېلىش ئۈچۈن تۈرلۈك ھىيلە - مىكىر سۈيىقەست-
لىك ھەرىكەتلەرنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. بۇنىڭدىن
...ەۋەر تاپقان ئىسمائىلخان ئەمدى ئىلگىرىكىدەك
...ەك تەدبىر قوللىنىشقا بولمايدۇ. كەسكىن تەدبىر
...للىنىش كېرەك دېگەن قارارغا كېلىدۇ. دەرغەزەپ
...لۇپ ئاچچىقىنى باسالماي قالىدۇ. بۇ نەۋبەتتە ما-
...يىقلاردىن بىزار بولۇپ، ھىجرىيىنىڭ 1082 - يىلى
(1672 - يىل) بىر ھۆكۈم بىلەن ھىدايىتۇللا-
...ھنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقاردى. يەنى 500 دىن
...وق ئەسكەر ھىدايىتۇللا ئىشاننى تابىلىرى بىلەن
...تىۋېتىن ئۆتكۈزۈپ قايتىپ كەلدى. خوجا ھىدايىت-
ۇللا ئىشان چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېي-
ىن، سەمەرقەندە، خۇراسان، پەرغانە، ۋاخان، شۇغ-
نان، بۇخارا قاتارلىق جايلاردىن ئۆزىگە باش پاناھ
...تەرەپتار بولغۇدەك يار - يۆلەكچى تاپالماي بەش
...ل ئايلىنىپ يۈرۈپ، كەشمىرگە كېلىدۇ. كەشمىر-

دە پادىشاھ مۇھەممەت راجاغا مۇلاقات بولۇپ، يىغ-
لاپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئېيتىدۇ.
بۇنى كۆرگەن ۋە ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقان
شاھ مۇھەممەت راجا ھىدايىتۇللا ئىشانغا ئىچ ئاغرى-
تىپ ھەمدەردلىك كۆرسەتمەكچى بولۇپ مۇنداق دەيدۇ:
«بۇ كۈنلەردە موغۇلىستاندا (شىنجاڭدا) ئورۇشۇپ
سۇلتان ئىسمائىلخاندىن سىزنىڭ ئىنتىقامىڭىزنى
ئېلىپ بەرگۈچى بىر ئالىي ھىممەت يوق. لېكىن مې-
نىڭ بىر مەسلىھەتىم بار، قوبۇل كۆرسىڭىز، سىزنىڭ
مۇراد - مەقسىتىڭىز شۇندا ھەل بولىدۇ. ئەمما بۇ
ناھايىتى مۇشكۈل ئىش، يەنە كېلىپ سىزگە ياردەم
بېرىدىغانلار بۇددا، بىراخمان دىنىدىن بولغان كاپ-
پار. ئىسلام دىنى بىلەن ھەرگىز كېلىشەلمەيدۇ.
ئەگەرچە ئۇلارنى قولغا كەلتۈرەلىسىڭىز، سىزگە ئەس-
كەر كۈچى بىلەن ياردەم بېرىدۇ. بۇ كۈچ شىنجاڭ-
نىڭ شىمالىنى ئىگىلەپ ياتقان جۇڭغار خانلىقىدۇر.
شۇنىڭ ئۈچۈن بىراھمانلارنىڭ لاسادىكى پېشۋاسى
دالاي لامانىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن ياردەم ئېلى-
شىڭىزغا توغرا كېلىدۇ. سىز ئوبدان ئويلىشىپ بىر
يەرگە كېلىڭ.» خوجا ھىدايىتۇللا ئۈچ كۈن قاتتىق
ئويلانغاندىن كېيىن، بۇ مەسلىھەتكە تولۇق قوشۇل-
غانلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭ كۆپ خۇرسەن بولغانلىقىنى
ئىزھار قىلىپ، يوليورۇق كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ.
كەشمىر شاھى مۇھەممەت راجا سۆز ئېلىپ مۇن-
داق دەيدۇ: «كەشمىر بىلەن تىبەتنىڭ ئارىلىقى

يېقىن، تىبەتنىڭ پايتەختى لاساغا كىرەلمىگىنىمىز مەق-
سىتىمىزنى ھاسىل قىلالمىدىغان كىشى شۇ جايدا. سىزنى
بۇ تۇرقىڭىز بىلەن بىراھمانلار قارشى ئالمايدۇ.
لاساغا بارغاندىن كېيىن بىراھمانچە ياسىنىڭ. لاسا
شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كاتتا بىر قوڭغۇراق بار.
سىز بېرىپ قوڭغۇراقنى ئۇرسىڭىز دەرھال بىر بى-
راھمان چىقىپ قولىڭىزدىن تۇتۇپ لاماسون ئاتلىق
بىر بۇتخانىغا باشلاپ كىرىدۇ. ھېلىقى بىراھمان
نېمە قىلسا شۇنى قىلىسىز، قانداق ئىشقا بۇيرىسا
شەرتسىز ئورۇندايسىز. شۇ يول بىلەن سىز ئۇلارنىڭ
ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ سىناقتىن ئۆتسىڭىز
مەقسىتىڭىز ھەل» دەپ يوليورۇق بېرىدۇ.
خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان، شاھ مۇھەممەت را-
جانىڭ كۆرسەتكەن يوليورۇقى بويىچە 21 كۈندە
لاساغا يېتىپ بارىدۇ. شاھ مۇھەممەت راجانىڭ كۆر-
سەتمىسى بويىچە كاتتا قوڭغۇراقنى ئۇرۇش بىلەن
بۇتخانىدىن بىراھمان چىقىپ، ئۇنىڭ قولىدىن تۇ-
تۇپ لاماسون دېگەن بۇتخانىغا ئېلىپ كىرىدۇ. شۇ-
نىڭ بىلەن خوجا ھىدايىتۇللا لاماسون بۇتخانىسىدا
90 كۈن تۇرىدۇ. بىراھمانلار نېمە قىلسا شۇنى قى-
لىدۇ. نېمە ئىشقا بۇيرىسا شەرتسىز بەجا كەلتۈرىدۇ.
بۇ ۋاقىتتا 90 كۈن بولغاندا زاكۇلارنىڭ بىر دىنى
پىرى بولۇپ، دالاي لاما بۇ يەرگە كېلىدۇ. بۇ
پىرسەتنى قولدىن بەرمەي لاماسون بۇتخانىسىدىكى
ھېلىقى راھىب خوجا ھىدايىتۇللانى دالاي لاماغا تو-

يۇشتۇرىدۇ. دالاي لاما بۇ بىراھماندىن خوجىنىڭ
قەۋالىتى سورايدۇ. بىراھمان جاۋاب بېرىپ: «بىز-
نىڭ لاماسونغا بىر يېڭى بىراھمان كېلىپقالدى. ئۇ
بۇرھان ئالدىدا ناھايىتى چىڭ ئېتىقاد بىلەن ئىبا-
دەت قىلدى. ھەر كۈنى بەش ۋاخ، ئەزالىرىنى يۇيۇپ
تازىم بىلەن بۇتخانىغا باش قويىدۇ» دەپ ئۇنىڭ
تەرىپى ۋە تەۋسىپلىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن
خوجىنى دالاي لاما قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭدىن نېمە
ئىش بىلەن كەلگەنلىكىنى سورايدۇ. خوجا ھىدايىتۇللا
يىغلاپ تۇرۇپ شۇنداق دەيدۇ: «مەن بولسام يەكەن،
قەشقەر بەلكى ئالتە شەھەرنىڭ خوجىسىدۇرمەن. سۇلتان
ئىسمائىلخان مېنى يۇرتۇمدىن ھەيدەپ چىقىرىپ
شەھەرنى زورلۇق بىلەن تارتىۋالدى. ماڭا دەشنام،
ھاقارەت قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇرھانغا ئەرز قىلا-
غىلى كەلدىم» دەيدۇ. بۇنى ئاڭلىغان دالاي لاما
خوجىغا ئىچ ئاغرىتىپ «ئى خوجا. سىز خاپا بولماڭ.
بىزنىڭ بۇ يەردىن ئەسكەر ئەۋەتىشىمىزگە بىسيار
مۈشكۈلدۇر، چۈنكى يول يىراق ھەم خەتەرلىك.
بىز سىزگە جۇڭغارىيەدىكى باتۇر قۇنتەيجىدىن ياردەم
ئېلىپ بېرىشىمىز مۇمكىن. بىز ئۇنىڭغا نامە يازايلى،
سىز بىزنىڭ نامىمىزنى ئېلىپ باتۇر قۇنتەيجىگە
تاپشۇرسىڭىز ئۇ سىزگە ئەسكىرىي كۈچ بىلەن ياردەم
قىلىپ يۇرتىڭىزنى قولىڭىزغا ئېلىپ بېرىدۇ» دەپ
تەسەللى بېرىدۇ ۋە دەرھال ئۆز نامىدىن باتۇر
قۇنتەيجىگە بىر پارچە نامە يېزىپ بېرىدۇ. خوجا

ھىدايەتۇللاغا بىر موخۇلنى ھەمراھ قىلىپ ئىلىغا
يولغا سالدۇ. نامەنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: «يۇقىرى-
نىڭ باشقۇرغۇچى باتۇر قۇنتەيجىگە يېتىپ مەلۇم
بولسۇنكى بۇ خوجا بولسا، بىزنىڭ لاماسوندا ئۇچ ئاي
يېتىپ، بۇتخانا نەزەرىدىن ئۆتتى. بىز بىلەن كۆرۈش-
كەنچى. بۇ كىشى بولسا ئۇلۇغ كىشىمىش، ئالتە شەھەرنىڭ
ئاتالىق خوجىسى ھەم مۇسۇلمانلارنىڭ ئەتىۋارلىق
كىشىسىمىش. بۇ كىشىنىڭ شەھىرىنى ئېسىپا ئېلىغان
بىرىپ ئېلىپ، ۋەتىنىدىن ھەيدەپ چىقىرىپتۇ،
كېرەككى سىز ئەسكەر ماڭدۇرۇپ بۇ كىشىنىڭ يۇرتىنى
قولىغا ئېلىپ بەرگەيسىز. نامە تامام». خوجا ھىدا-
يىتۇللا نامەنى كۆتۈرۈپ بىر موخۇلنىڭ يول باش-
لىشى بىلەن چىقىپ، كەينىيۇ يولى بىلەن ماڭدۇ.
91 كۈن دىگەندە ئىلىغا كېلىپ باتۇر قۇنتەيجىگە
ئۇلاقات بولدۇ ۋە دالاينىڭ بەرگەن خېتىنى ئىككى
قوللاپ تۇتۇپ بىردۇ.

موللا مۇھەممەت سادىق قەشقەرى بۇ جەھەتتە
مۇنداق بىر شېئىر يازغان.

كۆرۈڭ ئەۋلادى پەيغەمبەر يېتىپ بۇتخانىدا ئۇچ ئاي،
مۇسۇلمان قەتلىچۈن قاتراپ يۈگۈردى زاھىدلا تىنماي.
ئۇندا رەھمەتى ھەۋدىچ ئۇردى بىچارە ئالتە شەھەر خەلقىگە.
بۇ قالماقلار قولى بىلەن كېسىلدى باشى كەمبەغەلنى باي،
كوچىلاردا خار - زار بولدى كۆدەك قىز - ئوغۇل ياشلار.

بۇلارنىڭ كەۋدىسى ئاتلار ئاياقىدا ئامان تاپماي.
قەرەھەم ئەيكەكىل ئاللامۇ مۇڭمگدەك خارۇ-زارلەرگە.
يېتىپ كەتكەن ئۆلۈكلەرگە كۆمۈشكە بىر ئىلاج تاپماي.

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، شۇ كۈنلەردە ئىلىنى مەر-
كەز قىلغان جۇڭغار قالماقلىرى تازا كۈچىيىپ
ھېچكىمنى بېسىۋالىمىز دەپ قۇتراپ تۇرغان ۋاقىت
ئىدى. جۇملىدىن ئالتە شەھەرنى بېسىۋېلىشقا ئامال تا-
پالماي تامىقىنى چېكىپ تۇراتتى. جاناب ھىدايىتۇللا
قۇتۇپ زامان ماشايىخ ئەۋلىيالار ھەزرەت دالاي لا-
مانىڭ نامىسىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ باتۇر قۇلتەيجى
بىلەن كۆرۈشتى.

باتۇر قۇلتەيجى ناھايىتى خۇرسەنلىك بىلەن
ئەسكىرىي كۈچ بىلەن ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بىل-
دۈردى. دەرھال ئوغلى غالدان سېرىلىنى قوماندان
قىلىپ 12 مىڭ ئاتلىق قالماق ئەسكىرى بىلەن ئالتە
شەھەرگە يولغا سالدۇ. بۇ قوشۇن 1678 - يىلى
ئىككىگە بۆلۈنۈپ. بىر بۆلىكى ئۈچتۇرپان، كەلپىن،
مارالبېشى، كالتە ئايلاقتىن ئۆتتى. ئاتۇشقا چۈشۈپ
قەشقەرگە ھۇجۇم قىلدى. يەنە بىر بۆلىكى ئاقسۇدىن
ئۆتۈپ غۇرۇچۇل، مەكىتنى كېسىپ ئۆتۈپ يەكەنگە
ھۇجۇم قىلدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى ئوتتۇرىدا
ناھايىتى قانلىق ئۇرۇش باشلاندى. قەشقەردە بوباق

بولتان. يەكەندە ئىسمائىلخان. خوجا ھىدايىتوللا باشلاپ كەلگەن قالماق ئەسكەرلىرىگە قارشى شىددەتلىك ئۇرۇشلارنى قىلىپ ئۇلارنى كەينىگە چېكىندۈردى. قالماقلار ئىسمائىلخان بىلەن بوباق سۇلتان ئەسكەرلىرىگە تەڭ كېلەلمەي ماراالبېشىنىڭ پىچاق سۇندى دېگەن يېرىگە چېكىندى. دەل مۇشۇ پەيتتە خوجا ھىدايىتوللا قەشقەر، يەكەندىكى سوپى ئىشانلارغا مەخپىي ئۇقتۇرۇش قىلىپ، قالماق ئەسكەرلىرىگە ماسلىشىپ ئىسمائىلخانغا قارشى ئۇرۇشنى بۇيرىدى. شۇنىڭ بىلەن بىلىمسىز نادان، جاھىل سوپى ئىشانلار ئاق - قارىنى پەرق ئەتمەي، قالماقلارغا ماسلىشىپ، ئىسمائىلخان ئەسكەرلىرىگە قارشى تۇردى. شەھەر ئىچىدە قالا - توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئىسمائىلخان ئەسكەرلىرىنىڭ قورال - ياراق ۋە ئوزۇق - تۈلۈك ئامبارلىرىغا ئوت قويۇۋەتتى. شەھەردىكى لۈكچەكلەرنى قوترىتىپ خەزىنىنى بۇلاتقۇزدى. يېزا سەھرالاردىن كەلگەن پادىشاھلىق ئاشلىقلىرىنى بۇلاپ - تالىدى.

خوجا ھىدايىتوللانىڭ قوترىتىشى ۋە تەشۋىقى بىلەن بۇ نادان سوپى ئىشانلار قالماقلار تەرەپتە تۇرۇپ، ئىسمائىلخانغا قارشى چىقتى. ئىچكى جەھەتتە بۆلگۈنچىلىق، تىررورلۇق قىلدى. ئارىنى بۇزدى، بۇنىڭ ئارقىسىدا كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا تاسادىپىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، تېرىلىپ تىرىپىرەن بولۇش

قالدىدا تۇرغان قالماقلار چانلىنىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. شۇنداقتىمۇ ئىسمائىلخان قوشۇنلىرى 17 كېچە - كۈندۈز ناھايىتى قاتتىق ئۇرۇشتى، قالماقلارنى شەھەرگە زادىلا يولاتمىدى. بىراق سىرتقى ھۇجۇمغا، ئىچكى جەھەتتە سوپى ئىشانلارنىڭ ماسلىشىشى، ئۇزۇق- تۈلۈكنىڭ تۈگەپ قېلىشى، بىگۇناھ شەھەر خەلقىنى ئازاب - ئوقۇبەتكە، ئاچارچىلىققا دۇچار قىلدى. ئۇلارنىڭ يىغا - زارى پەلەككە قاپلىدى. بۇنداق ئېغىر پاجىئەلىك ئەھۋال ئاستىدا ئىسمائىلخان ئائىلاج شەھەر دەرۋازىسىنى ئاچقۇزدى. خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان شەھەرگە باستۇرۇپ كىردى. قاچقان - پۇتكەن سوپى ئىشانلار بىلەن قالماقلارمۇ شەھەرگە كىردى. جاناب ھىدايىتۇللا ئىشان قالماقلارنىڭ قولى بىلەن ئىسمائىلخاننى ۋە ئۇنىڭ 70 تىن ئارتۇق ئۇرۇق - جەمەتىنى تىرىك تۇتۇپ باغلاپ ئەسىر قىلدى. يەكەن ھاكىمى ھاراز بەگ ئۇرۇشتا شېھىد بولدى. قەشقەر ھاكىمى شىر مۇھەممەت قالماقلارغا تەسلىم بولغان بولسىمۇ قالماقلار ئۇنى چاناپ ئۆلتۈردى. 18 - كۈنى يوباق سۇلتان شېھىد بولۇپ يەكەن، قەشقەر قولدىن كەتتى.

بۇ ئۇرۇشتا ئىسمائىلخان ئەسكەرلىرىدىن 6300 كىشى قۇربان بولدى. ئەمما قەشقەر، يەكەن ۋە باشقا جايلاردىكى شەھەرلەردە ئۆلتۈرۈلگەن، بۇلاڭ - تالاڭ ۋە ئوتتا كۆيۈپ ئۆلگەنلەرنىڭ سانى 74 مىڭدىن ئاشىدۇ. ھەتتا ئاتا - ئانىلىرى ئۆلۈپ تالادا تەمتى-

ۇپ يۈرگەن يېتىم - يېسىر باللارمۇ قالماقلار ئات-
لىرىنىڭ تۇۋاقلىرى ئاستىدا چەيلىنىپ ئۆلدى.
موللا مۇھەممەت سادىق قەشقەرى بۇ ئەھۋالنى
ۇتلاق يازىدۇ.
مۇسۇلمانلارغا ئولگۈن بىر قىيامەت دەيىلىدى
ھكار. ئۆلۈكلەر كوچىدا ياتارقىلالماي سۆزنى تىزھار.
ئىگىسىز قىز-ئوغۇللار ھەم گۆدەكلەر خارۇ خەس
ەڭلىغ. بۇلارنى باشقۇرۇپ ئاش - نان بېرەرگە قاي-
ادۇر ئەمەسكە؟ دېمەك، خوجا ھىدايىتۇللا ئىشانىنىڭ
ۇڭغار قالماقلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ھۇجۇم
ىلىشى بىلەن 170 يىلدىن ئارتۇق سەلتەنەت يۈر-
گۈزۈپ، پارلاق مەدەنىيەت ياراتقان يەكەن سەئى-
يە خانلىقى ئاغدۇرۇپ تاشلاندى ۋە جۇڭغار قالماق-
لىرى كونترولۇقىدىكى ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ قورچاق
ۈكۈمرانلىقى تىكلىنىپ، ئاشۇ شەھەر خەلقى قايتى-
دىن قۇللۇق زەنجىرىگە باغلاندى.

# ئاپپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ قۇرچاق ھاكىمىيىتى

غالدان، ئاپپاق خوجىنى، ئىسمائىلخاننىڭ ئور-نىغا «خان» قىلىپ ئولتۇرغۇزدى. ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئىسمائىلخاننىڭ ئىنىسى ئوش (ئۇچ-تۇرپان) ھاكىمى مۇھەممەت ئىمىنخان 1679 - يىلى ئاپپاق خوجىغا قارشى ئۇرۇش باشلاپ، ئۇلارنى قەشقەردىن قوغلاپ چىقاردى. لېكىن ئاپپاق خوجا يە-نە ئىلىدىن غالداننىڭ ھەربىي قوشۇنلىرىنى باشلاپ كې-لىپ، مۇھەممەت ئىمىنخان بىلەن ئۇرۇشتى. ئاخىر ئىككى تەرەپ سۈلھى تۈزۈپ، مۇھەممەت ئىمىن-خاننىڭ سىڭلىسى مۆھتەرەم خېنىمنى نىكاھىغا ئېلىپ، مۇھەممەت ئىمىنخان بىلەن مەلۇم مەزگىل شېرىك خانلىق قىلىدۇ. بىرنەچچە ئايدىن كېيىنلا سۈلھىنى بۇزدى. مەھمۇت ئىمىنخاننى ئۆلتۈرۈپ «خان» لىق-نى ئۆز قولىغا ئالدى.

غالدان قۇنتەيجى، ئاپپاق خوجىنى جەنۇبىي شىن-جاڭغا «خان» قىلىپ تەيىنلىگەندىن كېيىن ئىلىنى پايتەخت قىلىپ پۈتۈن شىنجاڭغا بولغان ھۆكۈمران-

قىنى ياۋۇزلۇق بىلەن داۋاملاشتۇردى. بۇ توغرىدا
تارىخچى ھەمدىيەدە مۇنداق دېيىلگەن: «قالماق-
خوجىلار بىلەن بىرلىشىپ، شېرىكلىك بىلەن
ۈرتنى سورايدىغان بولدىلەر. بىر بۆلەك قالپاقلار
شەھەردە تۇرىدىغان بولدى. خوجىلار باج - خىر-
اج ئورنىدا ھەر يىلدا ئېلىنغا خام (ماتا) چىقىرىپ
ۈردىلەر ... خوجىلارنىڭ قۇنتەيىجىنىڭ پەرمان ئىتا-
ئەتىگە بويسۇنۇپ، ھەر يىلدا بىر ۋە ياكى ئىككى ئۇ-
ەتتىن تارتۇق پېش كەش بىلەن چىقىپ كۆرۈنۈش
بىلىپ، جاۋاب بولغانلاردا يەنە كېلىپ، ھەرقايسى-
سىرى ئۆز جايلىرىدا بىر قارار بولۇر ئىكەنلەر...»

بىزنىڭ ئوتتۇر ئەسىر تارىخىمىزدا پەيدا بول-
ان تۇنجى قورچاق ھاكىمىيەت مانا شۇ ئاپئاق
خوجا «خانلىقى»دۇر. بۇ «خانلىق»نى ھىمايىسىگە ئال-
ان جۇڭغار ھەربىي فېئوداللىرى جەنۇبىي شىنجاڭدىن
ڭ - مىڭلاپ گۈزەل خوتۇن - قىزلارنى، ماھىر ھۈ-
ەرۋەن، داڭدار ئالىم، سەنئەتكارلارنى ئەسىر ئېلىپ
كېتىشكەن. جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىدىن ھەر يىلى
ەچچە يۈز مىڭ سەر ئالتۇن - كۈمۈش، يۈز مىڭلى-
ان خام - چەكمەن، دۇردۇن - بەقسەم ۋە تۈنەدىن
اشقا ئېغىر سېلىقلارنى ئېلىپ تۇرغان.

ئاپئاق خوجا ھاكىمىيىتى سوپىزمنى ئەبەدىل-
ەبەد مۇتلەق ئۆزگەرمەيدىغان چەكسىز قانۇن ۋە
ەمئىيەتنىڭ ئەخلاق مىزانى سۈپىتىدە يولغا قويۇپ،
قەت زورلۇقلا تايىنىپ كونا كەچۈرگەن مۇستە-

بەست ھاكىمىيەتتۇر، ئاپپاق خوجا سوپىزمنى ئۆز «ھاك-
لىقى»نىڭ «دۆلەت دىنى» ۋە «دۆلەت تەلىماتى»
دەپ جاكالاپ، باش قانۇن سۈپىتىدە ئىجرا قىلدى،
يۈرگۈزدى. ئۇ ئۆزىگە 300 مىڭدىن ئارتۇق بىۋاسىتە
مۇرت قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى سوپى ئىشانلىقنى پۈت-
تۈن شىنجاڭغا كېڭەيتىش، ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئىج-
را قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدى؛ قەشقەردە «خان خوجا
ئوردىسى» (مازىرى)، يەكەندە «ئالتۇنلۇق» (ئالتۇن
مازىرى) قاتارلىق مازارلارنى مەيدانغا كەلتۈردى
ۋە كېڭەيتتى. سوپىزمنى تارقىتىدىغان، كېڭەيتىدىغان،
سۇلۇك (دەرۋىشلىك يولى) تۈرلىرىنى بەرپا قىلدى.
ھەم بولارغا ئۆزى پىر كامىللىرى تەيىنلەشتىن ئۆ-
تۈپ ئىشانلىققا (خوجا، ئىشانلىق سالاھىيىتىگە) ئىگە
بولغان خوجا ئىشانلارنى باش قىلىپ بەلگىلىدى. ئى-
لى، قۇمۇل، تۇرپانلاردا «ۋاق دېستارلار»، «ۋاق يار-
لار» سېپىنى بارلىققا كەلتۈردى؛ پۈتۈن شىنجاڭنىڭ
ھەرقايسى جايلىرىدا زىكرى سۆھبەت خانىقالىرىنى
پەيدا قىلدى. جەرە سېلىپ «دۇئا- تىلاۋەت» قىلىپ
خەتمە ئىستىغپارەنى جاكالاندۇرۇۋەتتى. داش قاينى-
تىشنى ئومۇملاشتۇردى. ئاپپاق خوجا «ھاكىمىيەت»نى
ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئۆزىگە تەۋە جايلارنىڭ ھەممى-
سىدە ئالدى بىلەن قۇرئان ۋە ھەپتىيەكتىن باشقا
ھازىرلىق كىتاب - رىسالىلەرنى ئوقۇش، ئوقۇتۇشنى مەن-
ئى قىلدى. ھەم ئۇنداق كىتاب - ئەسەرلەرنى كۆيدۈ-
رۈش بۇيرۇقىنى جاكالاپ ئىجرا قىلدى، ئىلىم - مەرى-

…ت ئوردۇنلىرىنى چەكلىدى. چاقتى، بۇزدى. 1460 -
…يىللاردا مىرزا ئابدۇلكەرىم تەرىپىدىن يەكەندە بىنا
…قىلغان قىدىرخانلار مەدرىسەسى، «مىرزا ھەيدەر چا-
…نىڭ مەدرىسىسى» ئەنە شۇ چاغدا چىقىشتىلگەن بى-
…يۈزلىرىدىن بىرىدۇر.

… ئاپپاق خوجا زامانىسىدا جەنۇبىي شىنجاڭ مە-
…نىيىتى، ئەدەبىيات - سەنئەت، مۇزىكا ناخشا - ئۇس-
…ۇل، گۈزەل سەنئەت، تىياتىر، سىرىكچىلىك، قىما-
…چىلىك، مەتبەچىلىك (نەشرىياتچىلىق) تەرجىمە-
…ماتلىق ... قاتارلىقلار قەتئىي مەنئىي قىلىنغان
…ىدى. بۇنداق ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار «كا-
…ر»، «جادۇگەر»، ھېسابلىنىپ دارغا ئارتىلاتتى. بۇ
…لارنىڭ مەشھۇر باشلامچى ئەربابلىرى بولسا شەرق-
…ر ئۆلتۈرۈلەتتى. ئۇلار ئادەم ئۆلتۈرۈشتە: دارغا
…سىپ ئۆلتۈرۈش، بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈش، قايناق ياغ-
…ىپ ئۆلتۈرۈش، بوغۇپ ئۆلتۈرۈش، پىچاق-
…پ ئۆلتۈرۈش، زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈش، چالما - كېسەك
…ىپ ئۆلتۈرۈشتەك قەبىھ ئۇسۇللارنى قوللىناتتى.
…ئاتاقلىق ئۆزبېك شائىرى بابارەھىم مەشرەپ
…نامەشرەپ) ئەنە شۇلارنىڭ قولىدا دارغا ئېسىلىپ
…لتۈرۈلگەن شائىرلارنىڭ بىرىدۇر.

… ئاپپاق خوجا ئۆلۈمىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىنى
…الغان خوتۇن خانىم پادىشاھ، «قاتىل» دېگەنەدەك
…مەتلەرنى چاپلاپ، بىر كۈندە، بىرلا ۋاقىتتا ۋە-

بىرلا يەردە مىڭ كىشىنى بوغۇزلاپ ئۇلارنىڭ قېنىدا تۈگمەن چۆگىلىتىپ، ئۇن تارتىپ، ئۆز رەقىبلىرى-دىن دەھشەتلىك ئۆچ ئالغان ئىدى. بوغۇزلاپ ئۆل-تۈرۈلگەن مىڭ كىشى ئەمەلىيەتتە دىنىي ئەربابلار، مەرىپەتچىلەر، يەرلىك ئوقۇمۇشلۇق ۋە قارا تاغلىق-لار ئىدى. يەكەن شەھرى ئىچىدە ھازىرغىچىلىك ئەلەر كۆتۈرۈپ تۇرۇۋاتقان (خوجامنىڭ دۆڭ مازىرى) ئەنە شۇ پاجىئەنىڭ دەلىلىدۇر. ئاپپاق خوجا زامانىدا جەنۇبىي شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ قەتئىي مەنئىي قىلغان ئىشلار تەركىبىدە، يەنە خەت يېزىشنى ئۆگىنىش، ساز ئۆگىنىش، ساز ياساش، مەشرەپ ئويناش، خوتۇن - قىزلار پەرەنجىسىز يۈرۈش، مەيخانىغا بارماسلىق، ئويۇن - كۈلكە قاتارلىق ئىجتىمائىي ئىنسانىيچىلىق-نىڭ ھەممە خىللىرى بار ئىدى. مۇنداق قىلغۇچىلار ئوغرىلىق، قاتىللىق، بۇلاڭچىلىق قىلغۇچىلار قاتارى-دا دەررىلىنەتتى (ئۇرۇلاتتى). ئۆلتۈرۈلەتتى.

دېمەك، ئاپپاق خوجا دەۋرى — جەنۇبىي شىنـجاڭنى پۈتۈنلەي خۇراپات، زۇلۇم، نامراتلىق، جەڭـگى - جېدەل، ۋەھىمە، قاچ - قاچ، خۇنخورلۇق قاپـلىغان جاھالەتلىك دەۋردۇر. چىداشقا مەجبۇر قىلىنـغان، تىرىكچىلىك قىزغىنلىقىنى يوقاتقان خەلق ئەۋـلىيا پەرەسلىكنىڭ دەۋرىدە (دىنىي ۋە روھىي ۋەھـىمە) توپا چىراي جۇل - جۇل جەندە كۆلالىق سوپىلار، دەرۋىشلەر، دىۋانىلار، شەيخلەر، تەركى دۇنيا بولغانلار توپىغا ئەگىشىپ، جانىنىمۇ ئۇنـ

...لۇپ، ئۇ دۇنيالىقنى ئويلاش بىلەنلا بولۇپ كەتتى-
...ۇرغۇن خەلقلەر خانىۋەيران بولۇپ، جەت يۇرتلار-
...ها چىقىپ كەتتى؛ پەن - مەدەنىيەت راۋاج تاپمى-
...ەي. ئىشلەپچىقىرىش قالاق ھالدا قېلىۋەردى.

## خوجا ھىدايىتۇللا ئەۋلادلىرىنىڭ ئۆزئارا ھوقۇق تالىشىشى

ئاپپاق خوجا — خوجا مەخدۇم ئەزەمنىڭ چەۋرى-
سى، خوجا مۇھەممەت يۈسۈپ (تەزكىرەلەردە «ھەزرىتى
...زار پادىشاھ» دېيىلگەن)نىڭ ئوغلى. ئۇ ملادى
1626 - يىلى قومۇلدا قەشقەرلىق مىرسەئىد خېلىنىڭ
...ەشقەرنىڭ قىزى زۇلەيخان بېگىم دېگەن خوتۇندىن
...وغۇلغان. 1638 - يىلى دادىسى بىلەن ئىشانلىق
...لىپ، قەشقەرگە كەلگەن. 1660 - يىلى 22 يېشى-
...ا مەكتىلىك ئوبۇل ھادى بەگنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەن.
...ۆمرىدە ئون خوتۇن ئالغان دېگەن گەپلەر بار)
167... - يىلدىن 1694 - يىلىغىچە 26 يىل جانىۋىي
...ىنجاڭدا «خانلىق» قىلغان. 1693 - يىل ئوغلى
...وجا يەھيا (خان خوجا)نى بۇيرۇپ (بۇ شۇ چاغلار-
...قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ باش ھۆكۈمرانى ئىدى) قەش-
...ەرنىڭ يېقىنىدىكى «ياغدۇ» دېگەن جايدا ھازىرقى
ئاپپاق خوجا مازىرىنى ياساتقان.
...ا 1694 - يىلى قارا تاغلىقلارنىڭ سەردارى،
...ۆزىنىڭ تاغىسى ئىسھاق ۋەلى ئەۋلادلىرى ئەزىيەت-

دىن 68 يېشىدا يەكەندە مەخپىي زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈل-
گەن، شۇ يىلى ئۇنىڭ جەسىتى قەشقەرگە يۆتكەپ
كېلىنىپ، ئۆزى ياساتقان «ئاپپاق ئەلەيھى» گۈمبىزى-
گە قويۇلغان.

خوجا ھىدايىتۇللا ئىشانىڭ ئۈچ خوتۇنىدىن
بەش ئوغۇل، ئىككى قىز يەتتە بالا قالغان ئىدى.

① خوجا يەھيا خان خوجا، بۇ ھۆكۈمران بول-
غانلىقتىن «خان خوجا» دەپ ئاتالدى. بۇ مىرزا ئا-
بابەكرىنىڭ ئوغلى ئوبۇل ھادى بەگنىڭ قىزى قەمەر
پادىشادىن تۇغۇلغان.

② خوجا ھەسەنخان خوجا، بۇ كىشى خوجا سا-
ھىب قىران دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ ئانىسى يەكەن
ھۆكۈمرانى مۇھەممەد ئىمىنخاننىڭ ھەمشىرىسى
مەلىيا خېنىم (مۆھتىرەم خېنىم، خان پاشا خېنىممۇ
دېيىلىدۇ) دىن تۇغۇلغان.

③ خوجا مەھدىنىڭ ئانىسى شازادە مايىم بو-
لۇپ، بۇ موغۇل مەلىكىسىدۇر. خوجا مەھدى ئاشۇ
موغۇل مەلىكىسى مايىمدىن تۇغۇلغان.

④ خوجا ئابدۇسەمەت خوجامنىڭ ئانىسى مۆھ-
تىرەم خېنىمدۇر.

⑤ قىلىچ بۇرھانىدىن خوجامنىڭ ئانىسى مۆھ-
تىرەم خېنىم. دېمەك بۇ ئۈچ ئوغۇل يەنى خوجا ھە-
سەن، خوجا ئابدۇسەمەت، قىلىچ بۇرھانلار بىر ئا-
نىدىن... قىزلاردىن ① ئاپپاق ئىبزىم خېنىم پادىشاھ.
② قەمەر خېنىم پادىشاھ.

ت ئاپئاق ئىزىم پادىشاھ دېگەن قىزنى، ھىدايىت
ۇللا ئۆزى ھايات ۋاقتىدا ئىنىسى خوجا كارامىتۇل
ىنىڭ ئوغلى خوجا ئايدۇلمۇمىنگە ياتلىق قىلغان:
ىنىڭدىن ئىپەك خوجا، فارسا خوجىلار تۇغۇلغان.
رسا خوجىدىن ئىككى ئوغۇل، بىر قىز تۇغۇلغان:
وجا كاشىشىن خوجا، تۇردى خوجا، قىزى، ھەمۇرى
ىزىم پادىشاھ دېيىلىدۇ. بۇ قىز غايەت ساھىبجامال
بۇر، خۇش خۇي، خۇش پۇراق، نازاكەتلىك قىز
ولۇپ، خۇش خۇيلۇقىدىن ئىپار خېنىم دەپمۇ ئاتالغان.
ېنىن مەنچىلىك چىرىكلىرىگە ئەسىر چۈشۈپ بېي-
ىڭگە ئېلىپ كېتىلگەن.

ئەسلى سۆزىمىزگە كەلسەك، خوجا ھىدايىتۇللا
ۇلەزنىڭ بىردە پەرزەنتلىرىنى يىغىپ مۇنداق ۋە-
سىيەت قىلىدۇ: «مەندىن كېيىن ھۆكۈمەت ئىشىدا
ۇنەتنى مەھكەم تۇتۇپ، خەلقنى ئەدلە - ئادالەت
بىلەن باشقۇرۇپ، خەلققە ئىجاتلىق بېرىڭلار، ناھەق
ان تۆكمەڭلار، مەن ئۆمرۈمدە ئىسلام دىنىنىڭ
ش پەرزىدىن ھەجنى ئادا قىلالمىدىم، بۇنىڭ ئۈ-
ۈن مەن تولا مەيۈس بولماقتىمەن. مەن ئۈچۈن
ھەج قىلىڭلار...» — ئۇ تەرىقەتنى كېڭەيتىشنى تا-
ىلاپ، چوڭ ئوغلى يەھيا خوجىنى ئۆز ئورنىغا ۋا-
ىس قىلىپ تەيىنلەيدۇ. خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان
ۆلگەندىن كېيىن، بۇ ئۈچ ئادەمدىن بولغان بالىلىرى
ئوزئارا سەلتەنەت تالاشتى. يەنە بىر تەرەپتىن ئى-
تولۇق نەسەبنى تالىشىپ جېدەل قىلىشتى. بۇ خو-

جىلارنىڭ سەلتەنەت تالىشىش ماجىرالىرى ئالبەتتە شەھەردىكى پۇتكۇل سوپى ئىشانلار ھەتتا ئاۋام خەلققە تەسىر قىلىپ تۇرارمۇ ئىككى قاشقا بۆلۈنۈپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئالتە شەھەردە تەپرىقىچىلىك، ئىتتىپاقسىزلىقلار كۆچىيىپ، خۇنرىزلىق، بۇلاڭچىلىق، ئوغرىلىقلار ئەۋج ئالدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇزاق يىللار خەلق ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە ياشىدى. زۇلۇم كۆچەيگەنسېرى قەشقەردىكى بىر قىسىم ئاقىل كىشىلەر ئالتە شەھەر خەلقىگە ئىنىچ ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن خوجا ھىدايىتۇللا ئەۋلادلىرىنىڭ قەشقەردىن چىقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلىشتى. بۇنىڭ بىلەن بەزى خوجىلار قەشقەردىن چىقىپ كەتتى. يەھيا خوجا ھۆكۈمدار بولدى. ئىنىسى خوجا ھەسەن ساھىپ قۇرئان ئاكىسىدىن ياماڭلاپ، ئاتىسى خوجا ھىدايىتۇللانىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ھىندىستاننى كۆزلەپ پامىردىن ئۆتتى، كانجۇتقا باردى. كانجۇتلۇقلار (شىمىلەر) خوجا ھەسەن خوجىغا چوڭ ئىخلاس بىلدۈردى ۋە ھۆرمەت بولۇشتى. ئۇ بىر مۇددەت كانجۇتتا ئىستىقامەت قىلدى.

بۇ جەرياندا قەشقەردە يەھيا خوجا، خوجا ھەسەن تابەلارى بولغان قارا تاغلىقلار كۆرۈمىنى غايەت ھەقىر كۆرۈپ ھەر ياماتلار بىلەن قىسىپ ھەتتا ھەپسە - زىندانلارغا تاشلاپ ئازابلىدى.

خوجا يەھياخان ئۆزى سايابەتچى، كەيپى- ساپاغا ئامراق بولغانلىقتىن يۇرت ئەھۋالى بىلەن كا-

...رى بولمىدى. خەلق تۇرمۇشى ياماللىشىپ كەتتى. ...پەسىيەتتە ئوغرى، قىمارۋازلار كۆپەيدى. دىيانەت ...سۇسلاشتى. خەلق يەھيا خوجىدىن زېرىكتى. قىسمەن ...موپىلار مەھدى خوجىنى خان قىلىشنى ئويلاشتى. خوجا ھىدايىتۇللانىڭ كىچىك ئوغلى مەھدى خوجا خان بولۇشنى مەقسەت قىلىپ پۇرسەت كۈتتى. كۈز ...پەرنىڭ بىرىدە خوجا يەھيا ياپچاننىڭ شەرقىي شى-مالىغا شىكارغا چىقىدۇ. قىرغاۋۇل ئوۋلاپ كېچىدە ...يىراققا كېتىپ قالىدۇ. ھېرىپ يوپۇرغا دەرياسىنىڭ ...جەنۇبىدىكى يايلاق تىبرەك دېگەن يېرىدىكى چوڭ ...ھويلا دېگەن قورۇغا چۈشۈپ ئارام ئالىدۇ. مەھدى خوجىنىڭ ئانىسى ئوغلى مەھدىنى خان قىلىشنى ئويلاپ، چىقاكداش دېگەن قالماق غالچىسىغا بۇيرۇپ يەھيا خوجا ئۇخلاۋاتقاندا ئۇنىڭ كاللىسىغا يوغان تاش بىلەن ئۇرغۇزىدۇ. ئېغىر يارىلىنىپ ئۆلگەن يەھيا خوجا دادىسىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنىدۇ. خوجا ھىدايىتۇللا ئىشانىنىڭ سوپى - سالۇكلىرىنىڭ تىلەكداشلىق قىلىشى بىلەن مەھدى خوجا — خان بولىدۇ. ئۇ خان بولۇش بىلەن يۇرت يەنىمۇ قەپرىقەچىلىكتە، ئازاب-ئوقۇبەتتە قېلىۋەردى. خوجا ھىدايىتۇللا ئەۋلادلىرىنىڭ سەلتەنەت تالىشىش، نەپسانىيەتچىلىك ماجرالىرىدىن پەيدا بولغان — ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق دەپ ئاتالغان گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئۇزاق يىللار داۋاملاشتى. دۈشمەنلىشىپ بىر - بىرىنى ھاقارەتلەش، چەتكە قېقىش، خەلق ئىچىدە

يامان تەسىرلەرنى قالدۇردى. ئۇزاق ئۆتمەي قەش-
قەر ھاكىمى ۋە قەشقەر خەلقى بىرلىكتە خوجا يەھ-
يانىڭ ئوغلى خوجا شاھابىددىننى خان قىلىپ خوجا
ئەھمەدنى قەشقەردىن قوغلاپ چىقاردى.

خان پاشا خېنىم بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ دەرغەزەپ
بولدى، 15 مىڭ ئەسكىرى بىلەن يەكەندىن يولغا
چىقىپ، يېڭىشەھەرنىڭ ئازغۇن دېگەن يېرىگە
كەلدى. قەشقەردىن چىققان قوشۇن بىلەن ياپچان
ئاۋىلىقىدىكى دورىبوتىنىڭ جاڭگىلىدا ئۈچ كېچە-
كۈندۈز قاتتىق جەڭ قىلدى. بىر-بىرلىرىنىڭ ئۆ-
لۈكلىرىنى پارچىلاپ تاشلاپ، بىر-بىرىنىڭ باش-
لىرىنى دەرەخلەرگە ئېسىشتى. ئۇرۇشنىڭ 4-كۈنى
خوجا مەھدى يەكەندىن 6000 كىشىلىك قوشۇن بى-
لەن يېتىپ كەلدى. نۇسرەت خېنىم پاشا تەرەپكە
ئۆتۈپ زوھور قىلىپ خوجا شاھابىددىننى ئەسىر ئال-
دى ۋە ئۇنى باشقا ئەسىرلەر بىلەن يەكەنگە ئېلىپ
بېرىپ دارغا ئېسىپ ئۆلتۈردى. بۇنى كۆرگەن خوجا
ئەھمەد، خوجا راشىدىن تۆشۈك تاغقا بېرىپ يوشۇ-
رۇندى. شۇنىڭدىن كېيىن خېنىم پاشا خانلىق تەختى-
دە ئولتۇردى. بۇ مىلادى 1695 — (ھىجرىيە 1105-
يىللىرى) توغرا كېلىدۇ. ئۇ تەختكە چىقىپلا موللا سا-
قىينى قەشقەرگە ۋالىي، موللا شاۋازنى يەكەنگە ھا-
كىم قىلىدۇ. ئۆزى تەختى سەلتەنەتتە ئولتۇرۇپ سۇ-
پى ئىشانلارنى ئىشقا سالىدۇ. ئۇلارنىڭ 600 قولىنى
يېنىدىن ئاجراتمايدۇ. ناھايىتى ھەيۋە بىلەن ئۆ-

كۈم يۈرگۈزدۇ. خان پاشا خېنىم دەۋرىدە قەشقەرە
كەن. خوتەنلەردە سودا-تىجارەت سۇسلاشتى. چۈن-
نى سوپى-ئىشانلار سودىگەرلەرنىڭ قىممەت باھالىق
ماللىرىنى پۇل بەرمەي زورلۇق بىلەن بۇلىۋالىدۇ.
خان پاشا خېنىم دەۋرىدە ئىككى كىشى دەۋا قىلىپ
كىرسە ھەر ئىككىسىنىلا زىندانغا تاشلايتتى. شۇنىڭ
ئۈچۈن بۇنىڭ دەۋرىدە ھېچ كىشى جېدەل - ماجىرا
قىلمايتتى، ھەتتا ئاياللارمۇ يېڭى كىيىم كىيىپ، ئۇ-
نىڭغە پەرداز قىلىپ كوچىغا چىقسا، سازايى قىلىنىپ
زىندانغا تاشلىناتتى. خان پاشا خېنىمنىڭ بىر سىڭ-
لىسى بولۇپ پاقلاندۇر خېنىم دېيىلەتتى. ئۇ ناھايى-
تى ساھىبجامال، ئەرگە تەگمىگەن قىز ئىدى. ئەنە
شۇ سىڭلىسىمۇ رەشىك ھەسەت قىلىپ ئۆلتۈرۈۋېتى-
دۇ. خان پاشا خېنىم ھەپتىدە بىر كۈن — شەنبە
كۈنى 6000 قىز - ئوغۇل قۇللىرى بىلەن شەھەر
ئايلىناتتى، بارلىق شەھەر خەلقى دۇكانلىرىنى تاش-
لاپ ئۇچۇق قويۇپ شەھەر سىرتىغا چىقىپ كېتەتتى.
ئەگەردە خان پاشا خېنىمنىڭ ئادەملىرىگە خا ئەر
كىشى خا ئايال بولسۇن ئۇچراپ قالسا قىلىچ بىلەن
كاللىسى ئېلىنەتتى.

خان پاشا خېنىم ئۈچ يىل خانلىقتا ئولتۇرۇپ
20 مىڭدىن كۆپ كىشىنى ئۆلتۈردى. خان پاشا خې-
نىم دەۋرىدە ھېچبىر كىشى خۇرسەنلىك ئىزھار قى-
لىپ كۈلۈپ باقمىغان ئىكەن. مىلادىنىڭ 1699 -
يىلى (ھىجرىيە 1108 - يىل) 6 - ئايدا مەككىلىك

ھوللان سۇپىلار كېلىپ، خان پاشا خېنىمنىڭ ئالتۇن سازايىلىرىغىچە بېسىپ كىرىپ خان پاشا خېنىمنىڭ ئاغزىنى تېڭىپ پىچاق سالىدۇ. خان پاشا خېنىم ئايلىنىپ ھوشسىزلىنىدۇ، ئۇلار بۇنى ئۆلدى دەپ چىقىپ كېتىدۇ. خان پاشا خېنىم ھوشىغا كېلىپ، مې-نى يەھيا خوجىنىڭ روھى ئۆلتۈردى دەپ ئالدىن جان ئۈزىدۇ ... خان پاشا خېنىم ئۆلگەندىن كېيىن ئۆلۈك جەسىتىنى ئاكىسى مۇھەممەت ئىسمىخان دەپنە قىلىنغان قومۇشلۇققا كۆمىدۇ.

ئالتە شەھەر خەلقى خان پاشا خېنىم ئۆلگەن-دىن كېيىن قىلمىش ھەرىكەتلىرى، ئەھۋالى خۇنرىز-لىقىغا ئاساسەن ئۇنى «جاللات» خېنىم دەپ ئاتىدۇ.


پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى (1978 - يىل، پىكىر ئېلىش نۇسخىسى).

2. ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى (1982 - يىل، پىكىر ئېلىش نۇسخىسى)

3. تارىخىي رەشىدى (زەيلىسىن) مەخمۇت جوراس.

4. يەكەن تارىخى (يەكەن ئەدەبىياتى 1982 - يىل 2 - سان).

5. تەزكىرە ئەزىزان (مۇھەممەت سىدىق قەشقەرى).

6. تەزكىرە خاجىگان (مۇھەممەت ئىمىن خوجام قۇلى).

7. قاپقاق خوپا ھەققىدە قىسقىچە سوئالىمىزغا

بەرۇقادىر داۋۇت)

8. چىڭگىزخان (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

نەشرىياتى) [illegible]

[illegible]

[illegible]

# غەربىي رايوندا خوجىلارنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ رايوندا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى

چىڭ سۇلالىسى تىكلەنگەن مەزگىللەردە، شىنجاڭدا ئىككى خانلىق مەۋجۇت ئىدى. يەنى شىمالدا ئىلىنى مەركەز قىلغان جۇڭغار خانلىقى، جەنۇبتا يەكەننى مەركەز قىلغان سەئىدىيە خانلىقى بار ئىدى.

XVII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە يەكەن سەئىدىيە سۇلتانلىقى تەۋەسىگە يامان غەرەز بىلەن كەلگەن خوجىلارنىڭ پاراكەندىچىلىكى، سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق بۇ خانلىق چۈشكۈنلىشىپ، ئاجىزلاپ، ئاخىرىدا زاۋاللىققا يۈز تۇتتى ۋە بۇ خانلىق تەۋەسى ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن جۇڭغارلار ئىگىلىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن غەربىي رايوننىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولغان ئالتە شەھەر جۇڭغارىيە خانلىقىنىڭ بېقىندىلىقىدىكى ئاپئاق خوجا ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قېلىپ، بىرلىك زور دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى.

غەربىي رايون دەپ ئاتالغان شىنجاڭدا خوجى- لارنىڭ ئاساسىنى تۇرغۇزغۇچى كىشى بۇخارالىق مەختۇم ئەزەم (خوجا ئەھمەد كاسانى) بولۇپ، ئۇ سۇلتان ئابدۇرەشىدخان دەۋرىدە قەشقەرگە كېلىپ، سوپىلىق ئىشانلىقنى تارقاتقان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، مەختۇم ئەزەمنىڭ خوجا مۇھەممەت ئىمىن، خوجا ئىسھاق ۋەلى دېگەن ئوغۇللىرى قەشقەر ۋە يەكەنگە كېلىپ، ئۆز ئالدىغا دىنىي مەزھەپ ئۇيۇشتۇرۇپ، مۇرت-مۇخ- لىسىن توپلاپ، دىنىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىما- ئىي تەسىرىنى كېڭەيتىپ، ھاكىمىيەتنىڭ قەستىگە چۈشكەن ئىدى. ئۇلار بىر ئاتىنىڭ بالىلىرى بولۇپ، ئاتا بىر، ئانا باشقا تۇغقانلار ئىكەن. لېكىن بۇلار بۆشۈ- كىدىنلا ئۆزئارا دۈشمەنلىشىپ كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۆز مەزھىپىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ھاكىمىي- يەت، ھوقۇق، مەنپەئەت تالىشىش كۈرىشىنى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. شىنجاڭغا بۆلگۈنچىلىك، ئىتتىپاقسىزلىقنىڭ زەھەرلىك ئۇرۇقى- نى چاچقان.

قەشقەردە تۇرغان خوجا مۇھەممەت ئىمىن ئاق تاغلىقلار مەزھىپىنى، يەكەندە تۇرغان خوجا ئىسھاق ۋە- لى قاراتاغلىقلار مەزھىپىنى شەكىللەندۈرگەن. «تارىخىي رەشىدىيە»دە كۆرسىتىلىشىچە: خوجا مۇھەممەت ئىمىن ئاتۇشتا تۇرغان. ئاتۇشنىڭ شىمالىي تەرىپىدە ئاق تاغ بولۇپ، بۇ جايدىكىلەر خوجا مۇھەممەت ئىمىنگە مۇرت بولۇپ، ئۇنى قوللىغان. شۇڭا بۇلار ئاق تاغ-

لىقلار» دەپ ئاتالغان.

خوجا ئىسهاق ۋەلى خان ئېرىق (قاغىلىق)دا تۇرغان. قاغىلىقنىڭ غەربىدە قارا تاغ بولۇپ، بۇ يەردىكىلەر خوجا ئىسهاق ۋەلىگە مۇرت بولغان ۋە ئۇنى قوللىغان. شۇڭا بۇلار «قارا تاغلىقلار» دەپ ئاتالغان. ئۇلار ئۆز مەزھەپدىكىلەرنى باشقىلاردىن پەرقلەندۇرۇش ئۈچۈن «ئاق تاغلىقلار» باشلىرىغا ئاق تاقى (دوپپا)، «قارا تاغلىقلار» قارا تاقى(دوپپا) كىيىشكەن. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، «ئاق تاغلىقلار» قوغۇنى ساپىقى تەرەپتىن كەسسە، «قارا تاغلىقلار» قوغۇنى بۇرنى تەرەپتىن يېگەن. ھەتتا ئۆزئارا قىز بېرىش - ئېلىشمۇ مەنئى قىلىنغان.

بۇ ئىككى مەزھەپ دەسلەپ دىنىي جەھەتتىن ئايرىلىپ ۋۇجۇدقا كەلگەن بولسىمۇ، كېيىنچە ئۇلارنىڭ دىنىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي جەھەتتىكى ئۆرۈنلىرىنىڭ ئۆسۈشى، تەسىرىنىڭ كېڭىيىشى بىلەن تىپىك سىياسىي گۇرۇھقا ئايلانغان.

بۇ خوجىلارغا مۇرت - مۇخلىس بولغان نادان خەلق ئۇلارغا قارىغۇلارچە چوقۇنۇپ، ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش يولىدا ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرىنىڭ قۇربانى بولۇشقان. بۇ خوجىلار ساددا، ئاق كۆڭۈل خەلقنى ئالداپ، ئۆزلىرىنى «دىنىنى قوغدىغۇچى دانا، ھەممىنى ئالدىن بىلىدىغان، سېھىر قىلالايدىغان، بىمار (كېسەل)نى داۋالايدىغان ئەۋلىيا» قىلىپ كۆرسىتىپ، خەلقنى خالىغانچە قاقتى - سوقتى

...لىنىشتى.

بۇ خوجىلار ئۆز تەسىرىنىڭ كېڭىيىشى بىلەن ...اكىمىيەتكە ئارىلىشىپ، ئۇنى تىزگىنلىۋالغاندىن ...ىيىن، ھاكىمىيەت بارا - بارا ئايرىم ئائىلىلى ...ولمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. بۇنىڭ ئاقىۋىتىدە ...اكىمىيەت دائىرىلىرى بىلەن خوجىلار ئوتتۇرىسىدا كەس...ىن سۈركىلىش ۋە كۆرەشلەر كېلىپ چىقتى.

سۇلتان مەھمۇتخان دەۋرىگە كەلگەندە، خوجا ...ىدايىتۇللا ئىشاننىڭ دادىسى خوجا مۇھەممەت يۈسۈپ ...ۇزا يەكەنگە كېلىپ، پائالىيەت ئېلىپ باردى. ...ۇ تەرىقىتىنى تەرغىپ قىلىپ، نۇرغۇن كىشىلەرنى ...ۇرت قىلىۋالدى. ھەتتا سۇلتان مەھمۇتخانمۇ ئۇنىڭغا ...ۇرت بولغانىدى.

«خوجىلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» (چىكىدىر قىلىنىش ...ىشىن)دا، خوجىلار توغرىسىدا مۇنداق كۆرسىتىلگەن: ...ۋايەتلەرگە قارىغاندا شىنجاڭ رايونىدىكى خوجىلار ...ئاتاي ئەۋلادىدىن بولغان ئابدۇرېشىتخان دەۋرىدە ...ەرقەندتىن كەلگەن، ئۇلارنىڭ بوۋىلىرىنىڭ ...ىسمى مەخدۇم ئەزەم دېيىلگەن. بۇنىڭدىن ئوتتۇرا ...ىيادىكى چاچپارنىڭ خوجا ئىكەنلىكىگە ئىشەنگىلى ...ولىدىغاندەك. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى مەخدۇم ئەزەمنىڭ ...ەۋلادلىرى دېيىشلىرى پۈتۈنلەي ئەپسانە ياكى ئويدۇر-...دىن ئىبارەت بولۇشى مۇمكىن. ئېنىق ئېيتقاندا بولىدۇكى، ...ىنجاڭ رايونىدا ئۆزلىرىنى «خوجا» دەپ ئاتىۋالغان-...لارنىڭ كۆپچىلىكى يەرلىك ئۇيغۇرلاردىندۇر. ئۇلارنى

مەختۇم ئەزەمنىڭ ئەۋلادلىرى دېگەندىمۇ خوجىلارنىڭ يۇقىرىدىكى شىنجاڭغا كەلگىنىگە ئۇزاق ۋاقىت بولغانلىقتىن ۋە شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغانلىقتىن ئۇلار پۈتۈنلەي ئۇيغۇرلاردىن بولۇپ كەتكەن.

يۇقىرىقىلاردىن قارىغاندا، بۇ خوجىلار ئۆزلىرىنىڭ يامان غەرىزىنى مۇشۇ نام بىلەن نىقابلاپ ۋە بۇ نامنى سۇيىئىستېمال قىلىپ، سۇيىقەستلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشقا ئۇرۇنۇپ كەلگەن كىشىلەر دېيىشكە بولىدۇ.

شىنجاڭدا XVII ئەسىردىن بۇيانقى تارىختا يۈز بەرگەن سىياسىي كۆرەشلەر، بۆلگۈنچىلىك ئۇرۇشلىرى، قان تۆكۈشلەر، خەلققە كەلگەن بالايى-ئاپەتلەر ئەنە شۇ غوجىلارنىڭ ئىككى گۇرۇھى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئۇلار ھەر قېتىملىق سىياسىي كۆرەشلەردە ئۆز مۇرت-مۇخلىسلىرىنى ئىشقا سېلىش بىلەن بىرلىكتە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خانلىقلارنىڭ كۈچىگە تايانغان ئىدى. بۇ خوجىلارنىڭ ئۆزئارا زىددىيەتلىرى ۋە ئۆچمەنلىكلىرى، ئۇلارنىڭ ئورۇن تالىشىشلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئۇلار ئارىسىدىكى قىساسچىلىقنى كۈچەيتتى. خوجا مۇھەممەت ئىمىننىڭ ئوغلى خوجا مۇھەممەت يۇسۇپ ① مىرزا يەكەنگە كېلىشى بىلەن، يەكەن سەئىدىيە خانلىقى بىرقانچە كىچىك ھاكىمىيەتلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى (خوتەن ئابدۇللانىڭ، قەشقەر ئىسمائىلنىڭ، ئاقسۇ خودابەر-

① خوجا مۇھەممەت يۇسۇپ مىرزا — ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ئاتىسى.

قەشقەرنىڭ، كۇچار، تۇرپانلار ئابدۇرىشىتخاننىڭ تەسىر دائىرىسى بولۇپ قالغان). «ئاق تاغلىقلار»نىڭ بۇ ئاقساقلى — خوجا مۇھەممەت يۇسۇپ مىرزا. ئىسھاق ۋەلى ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن زەھەرلىنىپ (قامىقىغا زەھەر سېلىپ بېرىش بىلەن) يەكەندە ئۆلدى. بۇنىڭ ئۆلۈشى بىلەن بۇ ئىككى گۇرۇھنىڭ كۈرىشى يەنىمۇ ئۆتكۈرلەشتى.

خوجا مۇھەممەت يۇسۇپ مىرزا ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان «ئاق تاغلىقلار»نىڭ ئاقساقلى بولۇپ قالدى.

يەكەن سەئىدىيە خانلىقىدا ئىسمائىل خان تەختكە چىققاندىن كېيىن ھىدايىتۇللا ئىشان قەشقەردىن يەكەنگە① كېلىپ پائالىيەت ئېلىپ باردى. ئۇ تۈرلۈك چارە - ئۇسۇللار بىلەن سۇلتان ئىسمائىلخانغا يېقىنلىشىپ باردى، يەكەندىكى تەسىرىنى كېڭەيتىشكە باشلىدى. ئۇ ئىسمائىلخان بىلەن بىر قېتىملىق ئۇرۇشۇشتا ئۆز مۇرىتلىرىدىن باج - سېلىق ئالماسلىقنى ئۆتۈندى. ئىسمائىلخان بۇ ئىشنى ئاددىي چاغلاپ قوبۇل كۆرگەن ئىدى، لېكىن ئارىدىن بىر يىل ئۆتمەيلا يەكەندە ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ مۇرىتلىرى نەچچە مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەسلىدە يەكەن «قارا تاغلىقلار»نىڭ تەسىرى كۈچلۈك جاي بولغان بولسىمۇ، ئەمدىلىكتە «ئاق تاغلىقلار»نىڭ تەسىرى ئېشىپ كەتتى. يەكەندە ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ

---

① ھىدايىتۇللا ئىشان يەكەنگە 1667-يىلى [illegible].

تەسىرىنىڭ كېڭىيىشى بىلەن پايتەختتىكى ئەمەلدار-
لاردىن تارتىپ، پۇقرالارغىچە ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈ-
نۈپ، سەئىدىيە خانلىقى ئېغىر خەۋپ ئاستىدا قالدى.

ئىشان سوپىلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن بىزار بولغان
ئىسمائىلخان ئەلنىڭ بىخەتەرلىكى، خەلقنىڭ ئامانلى-
قىنى كۆزدە تۇتۇپ، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ھىدا-
يىتۇللا ئىشاننى شىنجاڭ چېگرىسىدىن قوغلاپ چىقاردى.
قوغلاندى قىلىنغان ھىدايىتۇللا ئىشان چەت جايلاردا
ئاتراپ يۈرۈپ، ئادەم توپلاپ، سەئىدىيە خانلىقىنى
ئاغدۇرۇشقا كۆزى يەتمەي، ئاخىر كەشمىر، تىبەتكە
بېرىپ، دالاي لاما 7 نىڭ ئايىغىغا ئۆزىنى ئېتىپ،
ئۇنىڭ نامە يېزىپ بېرىشى بىلەن جۇڭغارىيە خانى
غالداننىڭ ئەسكەر چىقىرىپ ياردەم بېرىشى
ئارقىسىدا ئىسمائىلخاننى مەغلۇپ قىلدى. سەئىدىيە
خانلىقى شۇنىڭ بىلەن ئاغدۇرۇلدى.

ھىدايىتۇللا ئىشان تەختكە چىقىپلا ئالدى
بىلەن قارا تاغلىقلارنى باستۇرۇپ قاتتىق ئۆچ
ئالدى. مەدەنىيەتكە زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم
قىلىپ، قۇرئاندىن باشقا كىتابلارنى — يەنى خەل-
قىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخى، مەدەنىيىتىگە
ئائىت كىتابلارنى، ئاسارە - ئەتىقىلەرنى كۆيدۈرۈپ،
تارىخىمىزنى ئۈزۈپ قويدى. مەشھۇر دۆلەت ئەرباب-
لىرى، ئالىملار، ئەدىب - يازغۇچىلار، شائىرلار،
تەرجىمانلارنى دارغا ئاستى، زىندانغا سالدى. سۈر-
گۈن قىلدى. ئۇ تەرىقەت ئىشانلىقنى دۆلەت دىنى

قىلىپ بېكىتىپ، باشقا مەزھەپلەرگە يول قويمىدى.
شۇنداق قىلىپ ئالتە شەھەردە ئېغىر ئىستىبداتلىق
ھۆكۈم سۈردى. ئەلگە ھېچقانداق ياخشىلىق بولمىدى.
ئۇنىڭ بۇ خىل زۇلۇم تېررورلۇقىغا چىدىمىغان نۇر-
غۇنلىغان كىشىلەر ئۆز يۇرتى، بالا - چاقىلىرىنى
تاشلاپ چەتكە قېچىپ كەتتى.

مىلادى 1694 - يىلى چىڭ سۇلالىسى كاڭشى-
نىڭ 32 - يىلى «ئاق تاغلىقلار»نىڭ ئاقساقىلى
ھىدايىتۇللا ئىشان ئۆلۈپ، ئورنىغا ئوغۇللىرى ئەھمەد
خوجام بىلەن يەھيا خوجىلار خانلىقىغا ۋارىسلىق
قىلىشتى. بىراق بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ھاكىمىيەت
تالىشىش كۈرىشى زادىلا توختىمىدى. بۇ ۋاقىتتا
«قارا تاغلىقلار»نىڭ ئاقساقىلى دانىيال خوجا ئىدى.
ئۇ ئاپئاق خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى
ماجىرادىن پايدىلىنىپ، يەكەننى تارتىۋېلىپ، بۇ يەر-
دىكى «ئاق تاغلىقلار»نى سىقىپ چىقاردى. «ئاق تاغ-
لىقلار»غا ئېتىقاد قىلىدىغان قەشقەرلىكلەر ئەھمەد
خوجا (كېيىنكى چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ بوۋىسى)
نى قەشقەرگە ھۆكۈمران قىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن
بۇ ئىككى سىياسىي گۇرۇھ ھوقۇق تالىشىپ كەسكىن
كۈرەشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئاخىرىدا «قارا
تاغلىقلار»نىڭ ئاقساقىلى دانىيال خوجا نۇرغۇن
بوۋغا - پالاملار بىلەن ئىلىغا بېرىپ، جۇڭغار خانىنىڭ
ياردىمى بىلەن قەشقەرنى تارتىۋېلىپ، «ئاق تاغلىقلار»
نى تۇجۇقتۇردى.

يىراق جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرى بۇ ئىككى گۇرۇھنى تىنچىتقاندىن كېيىن، ھەر ئىككىسىدىن ئەنسىرەپ، ئەھمەد خوجا بىلەن دانىيال خوجىنى ئىلىغا ئېلىپ بېرىپ، نەزەربەنت قىلىپ قويدى. 1720 - يىلى جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرى دانىيال خوجىنى بىرقانچە يىل تەربىيىلەپ، ئالتە شەھەرگە خان قىلىپ بەلگىلىدى.

دانىيال خوجا جەنۇبىي شىنجاڭغا خان بولغاندىن كېيىن، «ئاق تاغلىق» خوجىلارنى سىقىپ چىقىرىپ، ئالتە شەھەرنى جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرىنىڭ مۇددىئاسى بويىچە تۆت ئەۋلادلىرىغا بۆلۈپ بېرىپ، تۆت بۆلۈنمە ھاكىمىيەتنى شەكىللەندۈردى. يەكەننى ئوغلى جاھان خوجىغا، قەشقەرنى يۈسۈپكە، ئاقسۇنى ئايۇپقا، خوتەننى ئابدۇللاغا بۆلۈپ بەردى.

مۇشۇ ۋاقىتتا جۇڭغارىيىدە داۋاچى بىلەن ئامۇرسانا ھوقۇق تالىشىپ، بىر - بىرىنى قىرغىن قىلىشىۋاتاتتى. پۇرسەتتىن پايدىلانغان يۈسۈپ، داۋاچىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئالتە شەھەرنى قولغا ئېلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئالتە شەھەر خوجىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتۈپ كېتىپ، قالايمىقان ئۇرۇش، قىرغىنچىلىقلار توختىمىدى.

1755 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جۇڭغارلارنىڭ ئۈستىگە جازا يۈرۈشى قىلدى ۋە ئۇلارنى تىنچىلاندۇرۇپ، شىمالىي شىنجاڭنى ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كەلدى. بىر مەزگىل تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن 1758 - يىلى چىڭ ھۆكۈمىتى ئالتە

شەھەردىكى خوجىلارنىڭ توپىلاڭلىرىنى باستۇرۇشقا ئاتلاندى. بۇ قېتىمقى توپىلاڭغا باستۇرۇشتا «ئاق تاغلىق» خوجىلاردىن بۇرھانىدىننى ئالتە شەھەرگە ئەۋەتىپ، خوجا جاھاننى ئىلىدا تۇرۇپ دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىدى.

ئامۇرسانا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ئاسىيلىق قىلىپ، بۆلگۈنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان چاغدا خوجا جاھان ئامۇرساناغا يېقىندىن ماسلاشتى ۋە ئىلىدىن بىر قىسىم ئادەملەرنى ئەگەشتۈرۈپ، قەشقەر، يەكەنلەرگە كېلىپ، ئاكىسى بۇرھانىدىن بىلەن بىرلىشىپ توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئۆزىنى «باتۇرخان» دەپ جاكالىدى. مانا بۇ «ئاق تاغلىق» خوجىلارنىڭ ۋەتەن بىرلىكىگە قارشى توپىلىڭىدۇر.

ئاكا - ئۇكا خوجىلار ئالتە شەھەردە توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئۇزاق ئۆتمەي، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى خوجىلار ئۈستىگە جازا يۈرۈشى قىلىپ، توپىلاڭنى تىنجىتتى. ئاكا - ئۇكا خوجىلارمۇ ھالاك بولدى. لېكىن ئاپەتنىڭ يىلتىزى قۇرۇتۇلمىدى. خوجا بۇرھانىدىننىڭ ئوغلى سامساق خوجا قوقەنتكە قېچىپ بېرىپ پاناھلاندى. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئادەم توپلاپ پۇرسەت كۈتتى. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى كۆپىيىپ، XIX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا 200 كىشىدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نىيىتىدىن زادىلا يانماي پۇرسەت تاپسىلا ئالتە شەھەرگە بېسىپ كىرىپ، پاراكەندىچىلىك، بۆلگۈنچىلىك، بۇلاڭ - تالاڭ

قىلدى. شۇنداق قىلىپ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى
جۇڭغارلارنى باستۇرۇپ ئالتە شەھەردىكى خوجىلار-
نىڭ توپىلىشىنى تىنچىتىپ ۋەتەن بىرلىكىنى قولغا
كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇزاق ئۆتمەي ھۆكۈمەت
چىرىكلىشىپ ئاجىزلاشتى. مالىيىدە ئېغىر كرىزىس
يۈز بەردى. قاتمۇ قات قىيىنچىلىقتا بوغۇلۇپ
قالدى. بۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن خەلقنى ئېزىشكە
باشلىدى. زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە ھەسسىلەپ
كۈچەيدى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن مەملىكەت مىقيا-
سىدا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇس-
تەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭلىرى كۆتۈرۈل-
دى. بۇ ھۆكۈمەتنى تەۋرىتىپ قويدى. چېگرا رايون
بولغان شىنجاڭدا ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىر ئىدى. خەلق
ياشاش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم بولدى. قەيەردە زۇ-
لۇم بولىدىكەن شۇ يەردە قارشىلىق بولىدۇ. شۇ ۋا-
قىتتا ئۆلكىمىزنىڭ ئۈچتۇرپان ناھىيىسىدە ئەزىي-
لگەن ئاممىلا قولىغا قورال ئېلىپ تەشكىللىنىپ،
قوزغىلىپ قارشىلىق بىلدۈرۈپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ
ئۈچتۇرپاندىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى.
مانا بۇ يېرىم يىللىق داۋاملاشقان مەشھۇر ۋەقەگە
يېغىلىقىدۇر. شۇ مەزگىللەردە خوجىلار پۇرسەت
كەلدى دەپ بىلىپ ئالتە شەھەرگە ياستۇرۇپ كىرىپ
پاراكەندىچىلىك، قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇپ، ياجە-
ئەللىك قىرغىنچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. خوجىلار
قەدىمدىن كەلتۈرۈپ چىقىرىلغان بۇ پاراكەندىچى-

...ىلىك، قالايمىقانچىلىق ئارقىسىدا روسىيە ھۆكۈمىتى
...پار ئىدى.

چاررۇسىيە ئەسلىدە ياۋروپا دۆلىتى ئىدى، ئۇ پېتىر I دىن باشلاپ، ئەتراپقا قارىتا تاجاۋۇزچىلىق - كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيانى مۇستەملىكە قىلىۋېلىپ، جۇغراپىيە جەھەتتە شىنجاڭغا چېگرىلىنىدىغان بولدى. مۇنداق ...ۋە پىلىك شارائىتتىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭغا قوراللىق ئارىلىشىشتىن باشقا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خوجىلار گۇرۇھىدىن تولۇق پايدىلاندى.

XVI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چاررۇسىيە جاھانگىرلىكى قازان بىلەن ئاستراخاندىن ئىبارەت ئىككى خانلىقنى، XVIII ئەسىردە تاشقى كاۋكازىيەدە...ى شەرقىي گىرۇزىيە بىرلەشمە پادىشاھلىقىنى، يەنە قوزاق ئۆتكەي ئەزەربەيجان، كاۋكازىيەلەرنى، XVIII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوقەنت، بۇخارا، خىۋە قاتارلىق خانلىقلارنى يېسىۋالدى. XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيانى (شىنجاڭدىن باشقا) ...كىلىغا ئېلىۋالدى. روسىيە ئىمپېرىيىسى مۇستەملىكىلەرنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن تۈركىستان - گوبېرناتورلۇق مەھكىمىسىنى قۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق شىنجاڭغا كېڭەيمىچىلىك يۈرگۈزدى. روسىيە ئىمپېرىيىسى بېسىۋالغان يۇقىرىقى جايلاردا دەسلەپ رۇسلاشتۇرۇش

سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، ئۇلارنى فراۋوسلاۋىيە دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. لېكىن مەلۇم ئەسىر-لەر جەريانىدا بۇنداق سىياسەت بىلەن بۇ خەلقلەرنى ئىدارە قىلىش مۇمكىن بولمىغانلىقى ئۈستىگە، قار-شىلىق كۈچەيگەنلىكتىن، ئۇلكىردىكى سىياسىتىنى ئۆز-گەرتىپ، ئىسلام دىنىدىكىلەرگە ئەركىنلىك بېرىش سىياسىتى قوللاندى.

1785 - يىلى يەكاتېرىنا II «غەيرىي دىنلارغا يول قويۇش» ھەققىدە يارلىق چۈشۈردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى ئىسلام دىنىدى-كى خوجىلارنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇلاردىن پايدىلىنىپ، ئەمىل بېرىپ يۆلەپ، شىنجاڭنى يۇتۇۋالماقچى بولدى.

1800 - يىلى سامساق خوجىنىڭ ئوغلى جاھانگىر خوجا قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىپ، يەنگىسار پانۇسنى قورغانلاپ، يەكەن خوتەنلەرنى ... لېكىن بۇ خوجا ھۆكۈ-مەت ۋە خەلقنىڭ قارشى تۇرۇشى بىلەن مەغلۇپ بولۇپ، قوقەندكە قېچىپ كەتتى.

1826 - يىلى جاھانگىر خوجا قەشقەردىكى ۋاقىت تاغلىقلارنى ھەيدەپ ئەۋەتىپ، ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن، خوتەنلەرنى ئۆز ئىلكىگە ئالغاندىن كېيىن، سەككىز ئاي مەنچىڭ چېرىك-لىرى بىلەن جەڭ قىلىپ ئاخىر مەغلۇپ بولدى. ئۆزى ئەسىرگە چۈشۈپ بېيجىڭدە ئۆلتۈرۈلدى. 1830 - يىلى جاھانگىر خوجىنىڭ ئىنىسى يۈسۈپ خوجا قەشقەرگە بېسىپ كىرىپ خەلقنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ مەغلۇپ بولۇپ قاچتى. 1847 - 1848 - يىللىرى ئىككى

قېتىم خوجىلار توپىلىڭى يۈز بەردى. بۇنىڭ بىر قېتىمقىسى يەتتە خوجا توپىلىڭى بولۇپ، ھىدايەتۇللا ئىشان ئەۋلادلىرىنىڭ توپىلىڭى ئىدى. يەنە بىر قېتىمقىسى ۋەلى خان تۆرە توپىلىڭى بولۇپ، بۇ بىر تۇركۇم ئادەملەر بىلەن باستۇرۇپ كىرىپ، قەشقەر، يېڭىسارنى ئىگىلىۋالدى. كەڭ كۆلەمدە بۇلاڭ - تالاڭ، قىرغىنچىلىق يۈرگۈزدى. تۆت ئاي ئىچىدە قەشقەرنىڭ تۆۋىدىلا ئادەم جەسىتىدىن مۇنار ياسىدى.

جاھانگىر خوجىدىن ۋەلى خان تۆرە توپىلىڭىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئالتە شەھەرنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى زور دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. خەلق تۇرمۇشى ۋەيران بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى خوجىلار توپىلىڭىنى باستۇرۇپ، ئالتە شەھەرنى تىنچلاندۇرغان بولسىمۇ، خەلققە ھېچقانداق خوۋلۇق بولمىدى. زۇلۇم يەنىمۇ ئېغىرلاشتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىك، قاقتى-سوقتى قىلىش بىلەن شۇغۇللاندى. بۇنداق زۇلۇمغا چىدىماي خەلق ئۆز ئەركى ئۈچۈن يەنە قوزغالدى. ئىلى بىلەن كۇچار خەلقى قوزغىلىپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ كۇچاردىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى قۇردى. ئۇزاق ئۆتمەي شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىنى ئىنقىلاب ئوتى قاپلاپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇپ

تاشلاندى. شىنجاڭدا بەش ھاكىمىيەت تىكلەندى. لېكىن بۇ ھاكىمىيەتلەر بىرلىككە كېلەلمەي ئۆزئارا جاڭجاللاشتى. مۇشۇ ۋاقىتتا «ئاق تاغلىق» خوجىلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىدىن بولغان ئۇلۇغ خوجا (بۇزرۇك خوجا) ياقۇپ بەگ بىلەن كېلىپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قولىغا ئېلىۋالدى. بۇزرۇك خوجا گەرچە قەشقەردىكى سىدىق بەگ قىرغىزدىن شاكىيىن (تۇڭگان)لارنىڭ تەكلىپى بىلەن كەلگەن بولسىمۇ، ئۇمۇ ئوخشاشلا خوجىلار بايرىقىنى كۆتۈرۈپ كەلگەن ئىدى.

يۇقىرىقىلاردىن قارىغاندا شىنجاڭنىڭ يېقىنقى 300 يىللىق تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن سىياسىي كۆرەشلەر، ئۇرۇشلار، قان تۆكۈشلەرنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ خوجىلار، بولۇپمۇ «ئاق تاغلىق» خوجىلارنىڭ پاراكەندىچىلىكى، قالايمىقانچىلىقى بىلەن كېلىپ چىققان. شۇنىڭ ئۈچۈن شىنجاڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا — ئىسلام دىنى كىرگەندىن كېيىنكى تارىخنى تەتقىق قىلىشتا خوجىلارنىڭ بۇ رايوندا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ.

شىنجاڭ تارىخى ئېلىمىز تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتۇپلا قالماي، بەلكى ئاسىيا ۋە دۇنيا تارىخىدىمۇ سەل قاراشقا بولمايدىغان ئورۇنغا ئىگە. شىنجاڭ مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان. مەملىكىتىمىزدىن غەربىي ئاسىيا، ياۋروپا، ئافرىقىدىكى دۆلەتلەرگە قۇرۇقلۇق ئارقىلىق قاتنايدىغان

مۇھىم قاتناش تۈگۈنى، قەدىمكى زاماندا شىنجاڭنى ئاساسىي تۈگۈن قىلىپ شەرق بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرغان مەشھۇر كارۋان يولى — قەدىمكى يۇنان-رىم مەدەنىيىتى، قەدىمكى پارس مەدەنىيىتى، قەدىمكى ھىندى مەدەنىيىتى، قەدىمكى ئەرەب مەدەنىيىتى، قەدىمكى كۆچمەن مىللەتلەر مەدەنىيىتى، خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ بىر-بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۆزئارا سىڭىشىپ، ئۆزئارا ئالماشتۇرۇلغان يىپەك يولىغا ئايلانغان ئىدى. شۇڭا شىنجاڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا، ئۇشۇ ھەر خىل مەدەنىيەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت تارىخىنى، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى قوشۇپ تەتقىق قىلىش زۆرۈر. چۈنكى خەلقئارادا ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان ئوتتۇرا ئاسىيا — كۆپ ھاللاردا شىنجاڭنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تارىختا شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنتايىن قويۇق.

شۇنى كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، مەيلى شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ياكى ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىنى، مەيلى يېقىنقى 300 يىللىق تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا، ئالدى بىلەن ئەنە شۇ تۈرلۈك مەدەنىيەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت تارىخىنى — ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن بولغان بىر پۈتۈن مۇناسىۋەت تارىخىنى بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت تارىخى ئازادلىقتىن كېيىنلا يورۇقلۇققا چىقىشقا باشلىدى. ئەپسۇسكى تۆت كىشىلىك گۇرۇھنىڭ بۇزغۇنچىلىقى بىلەن

تاشلاپ قويۇلغان ئىدى. ھەتتا كىشىلىك گۇرۇھى تارمار قىلىنغاندىن كېيىن ئېلىمىز تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتقان شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك دەۋرلەردىكى تارىخىي مەدەنىيىتى يورۇتۇلماقتا ۋە يورۇتۇلمۇسى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ ساھەدە نۇرغۇن خىزمەتلەر ئىشلەندى. لېكىن يەنىلا يورۇتۇشقا تېگىشلىك نۇرغۇن مەسىلىلەر بار. مەن مۇشۇ ساھەدە ئىشلەۋاتقان، ئىزلىنىۋاتقان يولداشلاردىن ئىلھام ئېلىپ ئۆزۈمنىڭ ئىزلىنىپ ئۆگىنىۋاتقان بەزى چۈشەنچىلىرىمنى يولداشلار بىلەن ئورتاقلىشىش مەقسىتىدە ئوتتۇرىغا قويدۇم. سەۋىيەمنىڭ چەكلىك بولۇشى، ماتېرىياللارنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى تۈپەيلى ماقالىدە بەزىبىر نۇقسان - خاتالىقلار بولۇشى مۇمكىن. يولداشلارنىڭ تەنقىدىي ياردەم بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

# سوپىزم ئەقىدىسى توغرىسىدا

سوپىزم (تەسەۋۋۇپ) ئىنسانلارنى مەڭگۈ خۇراپات-ىقا، تەركى دۇنيالىققا (دۇنيادىن ۋاز كېچىشكە) اھالەت ۋە نادانلىققا باشلىغۇچى VIII، IX ئەسىرلەردە ەيدا بولغان دىنىي تەرىقەت ئېقىمىدۇر.

سوپىزمنىڭ تۈپ غايىسى ئىنسانلارنى تەركى ۇنيالىققا باشلاپ، رېئال دۇنيادىن، ئىجتىمائىي تۇر-ۇشتىن يۈز ئۆرۈپ، خىيالىي دۇنيادا كۆرىدىغان ا«ھەت» غېمىنى قىلىشقا چاقىرىشتىن ئىبارەت.

دېمەك، بۇ غايە، ئىنسانلارنى بۇ «ۋاپاسى يوق لەم»، بۇ «ھارام دۇنيا»دىن ۋاز كېچىشكە، «ۋاپا-ىق دۇنيا» ئۇ «دۇنيا» ئۈچۈن دۇئا - تىلاۋەت قى-ىشقا دالالەت قىلىدۇ. بۇ غايە ئىنسانلارنى ئىلاھى ۈچ ئىختىيارىدىكى پاسسىپ مەخلۇق سۈپىتىدە تونۇپ، لارنى بارلىق ئىجتىمائىي غايىلەرنى (ئىنسانىي مۇ-ەببەت، ئەقىل - پاراسەت، كۈرەش، ئىددىيەت، ئىلىم-ن، ۋەتەن، خەلق، ئىنسان)، قىسقىسى ئىنسانىيەت ىسىدىكى بارلىق رېئاللىقنى ھەرگىز ئېتىراپ قىلمايدۇ لكى قاتتىق چەكلەيدۇ.

بۇ ئېقىمنى ئەرەبىستانلىق توبۇلقاسىم، زۇنۇن

مىسىرلىقلار تەرىپىدىن كەشىپ قىلىنغان. شام ئارقىلىق قۇددۇس (ئىېرو سالىم)، يەمەن، مىسىر، ئىران، ئىراق، مەككە، مەدىنە ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا بالدۇر تارقالغان. XIV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىرانلىق شەيخ ھەبىبى، بۇخارالىق ئەبۇ ھەنىپى بۇخارىلار تەرىپىدىن ئاسىياغا تارقالغان. كاسانلىق (ھازىرقى ئۆزبېكىستاننىڭ كاسان ۋىلايىتى) سەئىدە جالالىدىن كىشاننىڭ ئوغلى خوجا ئەھمەد كاسانى (مەخدۇم ئەزەم) قاتارلىق تونۇلغان مەشھۇر روھانىلار تەرىپىدىن شىنجاڭغا تارقىتىلغان ۋە داۋاملىق كېڭەيتىلگەن.

مەخدۇم ئەزەم XV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەرگە كېلىپ، پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەممە چوڭ شەھەرلىرىگە ھىجرەت (سەپەر) قىلىپ، بارغانلا يېرىدە سوپىزىمنى كەڭ تارقىتىش، مۇرت - مۇخلىس توپلاش بىلەن شۇغۇللىنىپلا قالماي بەلكى ئىجتىمائىي ئاساسقا، تەسىرگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، قەشقەردە ئۆزىنى ۋەلى (يەرلىك ئەۋلىيا) دەپ ئېلان قىلىدۇ. قەشقەرنىڭ يەرلىك مۇسۇلمان ھۆكۈمرانلىرى ئۇنى ئەتىۋارلاپ ھىمايە تۇتۇشىدۇ. بىر قىسىم روھانىي جامائەتچىلىك ئىچىدە ئۇنىڭغا قول بېرىپ مۇرت بولۇش، ئەگىشىش، دۇئاسىنى ئېلىش ئەدەپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەلۇم يىللار ئىچىدە پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭدا «مەخدۇم ئەزەم يولى» پەيدا بولىدۇ.

مەخدۇم ئەزەم مىلادى 1456 - يىلى ئىمام مۇھەممەت يېزىلىرىنىڭ قول بېرىپ يۈلىشى بىلەن كۇچار ئىسلام

ھەرەمنىڭ شەيخۇلئىسلامى بولىدۇ. كېيىنرەك ئاقسۇ، يەكەنلەرنىڭ، ئاخىرىدا پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرلىك ھاكىمىيىتىنىمۇ قولغا كىرگۈزۈۋالىدۇ. مانا شۇ چاغلاردا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە بۇخارا ئەتراپلىرىدىن مەختۇم ئەزەمنىڭ مۇرت - مۇخلىسلىرى سۈپىتىدە بىر بۆلۈك سوپى - ئىشان، دىۋانىلار تۈركۈم - تۈركۈملەپ جەنۇبىي شىنجاڭغا كۆچۈپ كېلىپ، كۆپىيىشكە باشلايدۇ. باشلىرىغا كۇلا، ئۇچىسىغا جەندە كىيىۋالغان سايايىلىق دەرۋىش، دىۋانە - قەلەندەرلەر جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەممە شەھەر، يېزا - قىشلاقلىرىغا يامراپ، پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭ زېمىنىدا سوپىزمنىڭ يارىماس غايىلىرىنى كەڭ تۈردە تەرغىپ ۋە تەشۋىق قىلىشىدۇ.

يەرلىك مۇسۇلمانلاردىن «خۇدا - رەسۇل يولىغا يۈزىنى ئاتىغۇچى» پىداكار مۇرت يارەنلەرنى تېپىپ، كۆپەيتىپ، ئۆز سەپلىرىنى كېڭەيتىدۇ.

مەختۇم ئەزەمنىڭ ئوتتۇرا قاتلام مۇخلىسلىرى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بارلىق ئىلىم - مەرىپەت ئورۇنلىرىنى، دىنىي ۋە جامائەت مۇئەسسەسەلىرىنى دېيەرلىك ئىگىلەپ، ئۆزلىرىنىڭ يولسىز ئەقىدىلىرىنى تارقىتىدىغان، سوپى، ئىشانلىق سورۇنلىرىغا ئايلاندۇرۇۋالىدۇ.

مىلادى 1514 - يىلى 8 - ئاينىڭ 21 - كۈنى يەكەننى مەركەز قىلىپ قۇرۇلغان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن شىنجاڭ زېمىنىدا سوپىزم يەنىمۇ ئۇلغىيىپ كېتىدۇ.

سۇلتان سەئىدخان شۇ يىللاردا يەكەنگە پەيدا بولغان مۇھەممەت ئەبەيدۇللا ئوغلى خوجا مۇھەممەت ئابدۇللا ئىشانغا مۇرت بولىدۇ. بىرقانچە ۋاقىتتىن كېيىن خوجا مۇھەممەت ئابدۇللا بىلەن خوجا خاۋەندى مەخمۇتمۇ يەكەنگە كېلىدۇ. خوجا مۇھەممەت ئابدۇللا ۋاپات بولغاندىن كېيىن سۇلتان سەئىدخان خوجا خاۋەندى مەخمۇت بىلەن خوجا ئەقرارنىڭ نەۋرىسى خوجا مۇھەممەت ئىمىن ئىشانغا قول بېرىدۇ.

سۇلتان سەئىدخان 19 يىل خانلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ، 1533 - يىلى تىبەتكە قىلغان ھەربىي يۈرۈشىدە ئىس ئېلىنىپ كېتىپ ۋاپات بولىدۇ. چوڭ ئوغلى ئابدۇرەشىتخان ئاقسۇدىن يەكەنگە كېلىپ خانلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلىدۇ. ئۇ 27 يىل خانلىق قىلىدۇ.

ئابدۇرەشىتخان، خانلىقنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە خوجا - ئىشانلارنىڭ دىنىي، روھىي بېسىمى ئاستىدا، سوپىزمنىڭ ئاتاقلىق ۋەكىلى ئىرانلىق مۇھەممەت شېرىپ خوجىغا قول بېرىپ مۇرت بولىدۇ. ھەم ئۇنى سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ «شەيخۇلئىسلامى» قىلىپ بەلگىلەيدۇ. پۈتۈن ئەلدە سوپى - ئىشانلىق يەنىمۇ يامراپ كېتىدۇ. ئابدۇرەشىتخاننىڭ ھاكىمىيىتى، مەرىپەتپەرۋەرلىكى خوجا - ئىشانلارنىڭ چەكلىشىگە ئۇچرايدۇ.

مۇھەممەت شېرىپ ئىشان، ئابدۇرەشىتخاننىڭ خوتۇنى، مەشھۇر مۇقامشۇناس، شائىرە ئامانىساخان بىلەن ئۇنىڭ ئۇستازلىرى قىدىرخان ياركەندى قاتارلىقلار-

نىڭ ئىلىم-پەن، مۇزىكا ساھەسىدىكى پائالىيەتلىرىنى
«كۆپۈرلۇق» ئەيىبى بىلەن ئەيىبلەيدۇ. ئامانىساخان
ئۆلگەندىن كېيىن، پەقەت چىقىرىپ، ئۇنىڭ ئەسەر-
لىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ. (ئامانىساخان 1556-يىلى
تۇغۇتتا يەكەندە ۋاپات بولغان). زىددىيەت كەسكىن-
لەشتى. ئاخىر ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن
مۇھەممەت شېرىپ ئىشان ئابدۇرەشىتخاننى جەددىلىكتە
ئەيىبلەپ، ئۇنىڭ ئوغلى، يېڭىسار ھاكىمى ئابدۇللاخاننى
ئۆز دادىسىنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشكە دەۋەت قىلىدۇ.
لېكىن بۇ سۇيىقەست ئىشقا ئاشماي، ئىشانلارنىڭ
قىلمىشلىرى پاش بولۇپ چىقىدۇ. ئابدۇرەشىتخان
بۇلارنى جىمىقتۇرۇش يولىغا ئۆتكەن بولسىمۇ ئاخىر
دەرد-ئەلەم ئىچىدە ئۆز مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا
ئۈلگۈرەلمەي، مىلادى 1560-يىلى يەكەندە ئالەمدىن
ئۆتىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خوجا-ئىشانلارنىڭ پارا-
كەندىچىلىكى، بۆلگۈنچىلىكى ئەدەپ كېتىدۇ. ئابدۇرە-
شىتخاننىڭ 12 ئوغلى ئىشانلارنىڭ قاتتىق ئىزگىن-
لەشلىرى ئارقىسىدا بىر-بىرىگە قارشى ھاكىمىيەت
تالىشىش ماجىرالىرىنى ئەۋج ئالدۇرۇۋېتىدۇ. بۇ ماجى-
رالارنىڭ ئارقىسىدا بىردىن ئىشان «پىرەلىق» نى-
لىپ يەكەن سەئىدىيە خانلىقى قىسمەن پارچىلىنىدۇ.
خوجا-ئىشانلارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەت ئىگىلەش كۆ-
رەشلىرى كۈچىيىشكە كېتىدۇ. لېكىن ئابدۇكېرىمخان
دادىسىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، ھاكىمىيەتنى ئاسان
ئىزگىنلەيدۇ. مانا مۇشۇ يىللاردا مەختۇم ئەزەمنىڭ

ئوغلى خوجا ئىسھاق ۋەلى، دادىسىنىڭ ئورنىدا ئىشان-
لىق قىلىپ قەشقەردە يەنە پەيدا بولدى. دادىسىنىڭ
بىر قىسىم مۇخلىسلىرى ئارىسىدا باش كۆتۈرۈپ ئۆزىنى
«ئىسھاق ۋەلى» (يەرلىك ئەۋلىيا) دەپ ئېلان قىلدى.
ئابدۇكېرىمخان ھوقۇق تۇتقاندىن كېيىن، قول
ئاستىدىكى ھەر بىر ۋىلايەت، ئايماقلارنى ئۆز جەمەت-
لىرىگە بۆلۈپ بەردى. مەركەزنىڭ بىر تۇتاش باشقۇ-
رۇشىدىكى يەرلىك بۆلۈنمە ھاكىمىيەتلەر پەيدا بولدى.
مەركەزدىن تارتىپ، ھەر قايسى يەرلىك بۆلۈنمە ھا-
كىمىيەتلەرنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدا دىنىي ئازارەتچى
ئەربابلار سۈپىتىدە بىردىن خوجا پەيدا بولدى.

«... بىر يىلىدا خوجا ئەبەيدۇللا، پۇدوز بارلاس،
ئىسىر مۇھەممەت ياقۇپ باشلىق ئەربابلار ئولتۇراتتى.
دەۋاگەر، جاۋابكارنىڭ ئىشى شەرىئەتكە تېگىش-
لىك بولسا،
خوجا ئەبەيدۇللا باشلىق ئەربابلار سوراپ ھەل
قىلاتتى...»

«تارىخى رەشىدىيە»

بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى خوجا
ئىسھاق قاتارلىق چوڭ ئىشانلارنىڭ دوپۇزلۇق شېرىك-
لىرىدۇر. دېمەك، ئابدۇكېرىمخان ھاكىمىيىتى سوپى -
ئىشانلار شېرىكچىلىك قىلىۋاتقان ھاكىمىيەتكە ئايلىن-
نىپ كەتتى. ئاخىر ئىسھاق خوجا باشچىلىقىدىكى بىر
تۈپ خوجا - ئىشانلار ئۆز مۇرتلىرى — ئوبۇل ھادى
بەگ بىلەن مۇھەممەت قاسىم (بۇلار ئابدۇرېشىتخان-

نىڭ تەۋرىلىشى ئىدى) دېگەن كىشىلەرنىڭ قولى بى-
لەن 1580 - يىلى ئابدۇكېرىمخاننى بارچۇقتا (مارال-
بېشىدا) شىكار ئۈستىدە پىچاق بىلەن ئۆلتۈرۈپ، ئۆز-
لىرىنىڭ سادىق مۇرتى قۇرەيشنى تەختكە چىقىرىدۇ.
ئارىختا قۇرەيش سۇلتان ھاكىمىيىتى دەپ ئاتالسىمۇ،
ئەمەلىيەتتە خوجا ئىسھاق ھاكىمىيىتىنىڭ تىكلىنىشىدۇر،
شۇنداق قىلىپ، يۇرتىمىزدا ئۇزۇن يىللار داۋامىدا
ھەر تۈرلۈك شەكىل ۋە يوللار ئارقىلىق پەيدا بول-
غان سىنىپىي ئېقىمى چوڭ جاھالەت بورىنى تەرىقى-
سىدە ئەجدادلىرىمىزنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئۆزىگە
چىرمىۋالىدۇ. شۇ زامانلاردىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ
قان - قېنىغا سىڭىپ كەتكەن «ئاخىرەتنى ئويلاش»
ئېتىقاتلىرىمۇ يۇرتىمىزدا بۇ يارىماس غايىنىڭ
پەيدا بولۇشىغا، يامراپ كېتىشىگە، ھاكىمىيەتنى تىز-
گىنلىشىگە سەۋەبچى بولغان ئوبيېكتىپ ئامىللارنىڭ
بىرىسىدۇر.

خەلقنىڭ نادانلىقى، غاپىللىقى، ساددىلىقى، بۇ
بەتنىيەت خوجا - ئىشانلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە سوپىلىقنى
تەرغىپ - تەشۋىق قىلىپ، مۇرىت - مۇخلىس توپلاپ،
جاھالەتنى يامرىتىۋېتىشىگە يەنە بىر سەۋەبتۇر.

## «ئاق تاغلىق»ۋە «قارا تاغلىق»لار توغرىسىدا

مەختۇم ئەزەمنىڭ ئوغۇللىرى — خوجا ئىسھاق

ۋەلى بىلەن خوجا ئىمام كالان (خوجا مۇھەممەد ئىمىن ئىشان)لار ئۆز ئاتىسىنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، مۇرىتلىرىنى ۋە دىنىي مۇتەئەسسىپلىكنى يەنىمۇ كەڭ تارقىتىش ئۈچۈن، ھەر بىرى ئۆز ئالدىغا مۇرت — مۇخلىس توپلاشقا باشلايدۇ. بۇلار ئەزەلدىن ھوقۇق — مەنپەئەت تالىشىش يولىدا بىر — بىرى بىلەن زىتلىشىپ (بىر — بىرىگە قارشى كۈرەش قىلىپ) كېلىۋاتقان ئاقتاغلىق — ئىشقىلار ئىدى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا مۇرت تالىشىش كۈرىشى كۈچىيىپ كېتىدۇ. خوجا ئىسھاق ۋەلى بىر كۈرەشتە ئىنىسى مۇھەممەد ئىمىن ئىشاننى باشقىلارنىڭ قولى ئارقىلىق زەھەر ئىچكۈزۈپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. مۇھەممەد ئىمىن ئىشاننىڭ ئوغلى مۇھەممەت يۈسۈپ ئىشان خوجا ئىسھاق ۋەلىنىڭ ئەۋرىسى خوجا ئابدۇللا ئىشان دەرپەدىن زەھەرلىنىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش خوجا ئىسھاق ۋەلى ئۆلگەندىن كېيىن يەنىمۇ كەسكىنلىشىدۇ. نەتىجىدە يەنە نۆۋەتتە شىنجاڭدا بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى چوڭ ئىككى سەپ مەيدانغا كېلىدۇ.

خوجا ئىمام كالان (خوجا مۇھەممەت ئىمىن ئىشان) تەرەپدارلىرى ئۆزلىرىنى «ئىشقىيە» — «داستارلار» دەپ ئاتىشىدۇ. خوجا ئىسھاق ۋەلى تەرەپدارلىرىمۇ ئۆزلىرىنى «ئىسھاقىيە»، «قاراتاغلىقلار» دېگەن نام بىلەن ئاتايدۇ. خوجا مۇھەممەت يۈسۈپنىڭ چوڭ ئوغلى خوجا ھىدايىتۇللا — «ئاپپاق خوجا» بىلەن خوجا ئىسھاق ۋەلىنىڭ ئەۋرىسى خوجا ئۇبەيدۇللا دەۋرىگە كەل-

...گەندە بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇرت تالىشىش كۈرىشى قانلىق كۈرەش پەللىسىگە بېرىپ يېتىدۇ.

ھىدايىتۇللا ئىشان ئۆز مۇرتلىرىنى ئىسھاقىيە تەرەپدارلىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، ھەم ئۆز سېپىنىڭ چېگرىسىنى ئېنىق بەلگىلەش ئۈچۈن، ئۆز مۇرتلىرىنى ئاق تاقى (ئاق دوپپا) كىيىشكە بۇيرۇيدۇ ۋە بۇ شەرتلىك بەلگىنى «ئىشقىيە»، «داستارلار» سېپىنىڭ مۇقىم بەلگىسى قىلىپ بېكىتىدۇ.

خوجا ئەبەيدۇللامۇ ئۆز مۇرتلىرىنى ئىشانى كالان تەرەپدارلىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن قارا تاقى (قارا دوپپا) كىيىشكە بۇيرۇيدۇ ھەم بۇ شەرتلىك بەلگىنى «ئىسھاقىيە» سېپىنىڭ مۇقىم بەلگىسى قىلىپ بېكىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خوجا ئىشانى كالاننىڭ تەسىرى چوڭراق بولغان رايونلارنىڭ خەلقلىرى (قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچار، بۇلار ئۈچ شەھەر دەپ ئاتىلىدۇ) يەنى ھازىرقى قەشقەردىن تارتىپ كورلىغىچە بولغان جايلارنىڭ خەلقلىرى «ئاق تاغلىق»لارنىڭ تەرەپدارلىرى قىلىپ قويۇلىدۇ. ئىسھاق ۋەلىنىڭ تەسىرى چوڭراق بولغان يەكەن، قاغىلىق، خوتەن (بۇلارمۇ ئۈچ شەھەر دەپ ئاتىلىدۇ) قاتارلىق جايلارنىڭ خەلقلىرى «قارا تاغلىق»لارنىڭ تەرەپدارلىرى قىلىپ قويۇلىدۇ.

بۇنىڭ بىلەن ئەمەلدارلاردىن تارتىپ پۇقرالارغىچە ئىككى قاشقا بۆلۈنۈپ، ئىككى ئىشانلار كۈرۈشىنىڭ كەينىدىن چاپىدىغان «ئاق تاغلىق»لار، «قارا

تاغلىقلار كۈرىشى ئەۋجىگە چىقىدۇ.

ئاق تاغ، قارا تاغ ئاتالغۇسى ئارىنى يىللار-نىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاھاڭ ئۆز-گىرىش خۇسۇسىيىتى بويىچە، ئاق تاغلىق، قارا تاغ-لىق دېيىلىپ كەلمەكتە.

بۇ ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنگەن خوجىلار بارغانسىرى كەسكىن، ھايات - ماماتلىق كۈرىشى ئېلىپ باردۇ. ئۇلارنىڭ تۈپ ماھىيەتلىرى بىر - بىرىدىن پەرق قىلمىسىمۇ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ سىياسىي ھاكىمىيىتى يەنىلا سەئىدخانىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان ئىسمائىل-خاننىڭ قولىدا بولغانلىقتىن، بۇ ئىككى گۇرۇھنىڭ باشلىقلىرى دىنىي ئىشلارنىڭ ھوقۇقىنى ئۆزلىرىنىڭ قولىغا مەركەزلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزئارا قانلىق كۆرەشلەرنى زادىلا توختاتمىدى.

بۇ چاغلاردا قەشقەردە ھىدايىتۇللا خوجا ئۆزىنى ئاق تاغلىقلارنىڭ سەردارى، قەشقەرنىڭ دىنىي، سى-ياسىي ھۆكۈمرانى، ئىسلام دىنىنىڭ پېشۋاسى، يەر-لىك ئەۋلىيا دەپ ئېلان قىلىپ ئۆز ئەتراپىغا جە-نۇبىي شىنجاڭ ۋە پۈتۈن شىنجاڭدىن نەچچە ئون مىڭ-لاپ مۇرت - مۇخلىس توپلىغان. ھەتتا ئوتتۇرا ئاسى-يادىكى بۇخارا، سەمەرقەند، نەمەنگان شەھەرلىرى بى-لەن خۇراسان (ئافغانىستان) دىمۇ مۇرت توپلىغان.

خوجا ئەبەيدۇللا بىلەن ئوغلى دانىيال خوجىمۇ يەكەندە قارا تاغلىقلارنىڭ باشلىقى سۈپىتىدە ئۆزىنى ئىسلام دىنىنىڭ پېشۋاسى، قارا تاغلىقلارنىڭ سەر-

ئىدارى، يەكەنتىلىك دىنىي، سىياسىي ھۆكۈمرانلىق ۋەدال-
قال كەلەيى» — «ئەۋلىيا» دەپ ئېلان قىلىپ ئۆز ئەد-
ھىمغا جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە پۈتۈن شىنجاڭدىن نۇرغۇن
مۇرت - مۇخلىس توپلايدۇ. ھەتتا ماۋرا ئۇننەھرى،
كەشمىر، ھىندىستان، (ھازىرقى پاكىستان كۆزدە تۇ-
تۇلىدۇ) قاتارلىق جايلاردىن مۇرت - مۇخلىس توپلاپ
كېيىندىن پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان چاغلار ئىدى.

بۇ ئىككى دىنىي گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش
بىر دىنىي مەزھەپ، ھوقۇق كۈرىشىلا ئەمەس. بەلكى
ھايات - ماماتلىق ئۈچۈن بولۇۋاتقان سىياسىي، ئىج-
تىمائىي كۈرەش شەكلىگە كۆتۈرۈلگەن ئىدى. مانا بۇ —
خوجىلار گۇرۇھلىرىنىڭ خەلقىمىزنى پارچىلاش، بىر-
بىرىگە قارشى قويۇش، يۇرتۋازلىق، تەپرىقىچىلىك،
ئۆلكىچىلىك يولىغا ئىتتىرىش قارىشىنىڭ بىر
تەركىبىي قىسمىدۇر.

# XVII ئەسىردىن بۇيانقى شىنجاڭ تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن زور ۋەقەلەر توغرىسىدا مۇلاھىزە

1

جۇڭگونىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا «غەربىي رايون» دەپ ئاتالغان شىنجاڭنىڭ ئەزەلدىن بېرى كۆلىمى، جۇڭگو تېررىتورىيىسىنىڭ ئالتىدىن بىرىنى تەشكىل قىلىدىغان بۇ جاينىڭ قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىر-دىكى كۆلىمى ھازىرقىدىن كۆپ كەڭ ئىدى. «دۇنيا-ۋى ئىمپېرىيە» بولۇش ئىدىيىسىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن، چار روسىيىنىڭ تاجاۋۇزى ۋە باشقا سەۋەب تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى تارىيىپ، ئازىيىپ ھازىرقى ھالەتكە كېلىپ قالغان.

تارىختىكى شىنجاڭ — تاغلىرى ئېگىز، دەريالى-رى ئۇزۇن، ئويمانلىقلىرى بوستانلىق، يەرلىرى مۇن-بەت، يەر ئاستى بايلىقى مول، يېزا ئىگىلىكىدە دې-قانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك بىرلىكتە راۋاجلانغان، چار-ۋىچىلىق، سودا، قول سانائەت گۈللەنگەن ماكاندۇر. كۇئېنلۇن، قارا قۇرۇم تاغلىرى بۇ ماكاننىڭ

جەنۇبىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ ۋە شىنجاڭ بىلەن
...تىنى بىر-بىرىدىن ئايرىپ تۇرىدۇ. تەڭرىتاغلى-
رى شىنجاڭنى ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، جەنۇب
ۋە شىمالدىن ئىبارەت ئىككى رايوننى شەكىللەندۈر-
ىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئادەتتە شىنجاڭنى جۇغراپىيە جە-
ھەتتىن شىمالىي شىنجاڭ، جەنۇبىي شىنجاڭ دەپ ئاتاش
كېلىپ چىققان.

شىنجاڭدا ئەزەلدىن تارتىپ ئۇيغۇرلار ۋە باش-
قا ئاز سانلىق مىللەتلەر ياشىغان. ئۇلار باشقا مىل-
لەت خەلقلىرىگە ئوخشاش ئۆزىنى ئەزگۈچى زالىم
كۈچلەرگە ۋە چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى باتۇر-
لارچە كۈرەشلەرنى قىلىپ بارغان، باشقا مىللەت خەلق-
لىرى بىلەن بىرلىكتە بۇ گۈزەل زېمىننى ئاچقان ۋە
بوستانلىققا ئايلاندۇرغان. جۇملىدىن ئۆزىنىڭ پارلاق
ۋە يۈكسەك مەدەنىيىتىنى يارىتىپ، ئالەمشۇمۇل نا-
دىر ئەسەرلەرنى يېزىپ دۇنيا مەدەنىيىتىگىمۇ ئۆچ-
مەس تۆھپىلەرنى قوشقان. بىز بۇ مىراسلىرىمىز بى-
لەن پەخىرلىنىشكە ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇشقا ھەق-
لىقمىز.

شىنجاڭ تارىخىدا، ئۇيغۇر خەلقى باشقا قېرىندا-
ش مىللەت خەلقلىرى بىلەن بىرلىكتە چەتتىن
كەلگەن تاجاۋۇزچى كۈچلەرگە قارشى كۈرەش قىلىپ، ۋە-
تەن ماكانىنى ساقلاپ، ئىنچ ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇ-
رۇلۇش ئىشلىرىنى يارىتىپ، يۈكسەلدۈرۈپ، مەدەنىيەت-
نى گۈللەتكەن. ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە، قوشنا

ۋەت تاپقان ۋاقىتلارمۇ بولغان. ئىچكى يېغىلىق تۇ-
پەيلىدىن مەدەنىيەت، ئىقتىساد، ھەربىي جەھەتلەردە
خارابلاشقان، شۇنىڭدەك چەتتىن كىرگەن تاجاۋۇزچى
كۈچلەرگە مۇنقەرز بولۇپ خارلانغان، ئېزىلگەن ۋاقىت-
لارمۇ بولغان.

بۇ ماقالىدە ئاساسەن، ياقۇپ بەگ ھاكىمىيى-
تىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى شىنجاڭنىڭ ئىجتىما-
ئىي ئەھۋالى، ھىدايىتۇللا ئىشان (ئاپئاق خوجا)نىڭ
جۇڭغارلارنى ئارقا تىرەك قىلىپ، سەئىدىيە سۇلالىسى-
نى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا ھاكىمىيەت
بېشىغا چىقىشى، مانجۇ ھاكىمىيىتىنىڭ جۇڭغارلارنى
يوقىتىپ، شىنجاڭنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئېلى-
شى، ياقۇپ بەگ ھاكىمىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى قا-
تارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىمەن.

XV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇخارالىق مەختۇم
ئەزەم دېگەن كىشى قەشقەرگە كېلىپ يەرلىشىپ، مۇرىت
توپلاپ، ئۇزاق ئۆتمەي ناھايىتى ئەتىۋارلىق شە-
خسكە ئايلاندى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ بالىلى-
رىدىن ئىمام كالان ۋە ئىسھاق ۋەلى قاتارلىقلار ئۆز-
لىرىگە مۇرت توپلاپ، تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ،
ئۆزئارا موقۇق تالىشىپ، قەشقەردە ئىككى دىنىي
گۇرۇھنى شەكىللەندۈردى؛

ئىمام كالان تەرەپدارلىرى «ئۇششاقىيە» (ئىش-
قىيە)، ئىسھاق ۋەلى تەرەپدارلىرى «ئىساقىيە» دې-
گەن نام بىلەن ئاتالدى. بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا

ئاتاق - ئابروي ۋە مەنسەپ تالىشىش جەڭلىرى ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىپ ئاخىرىدا بۇ «دۆششاقىيە» تەرەپدارلىرىنى مەركەز قىلغان «ئاق تاغلىقلار» بىلەن «ئىساقىيە» تەرەپدارلىرىنى مەركەز قىلغان «قارا تاغلىقلار»دىن ئىبارەت ئىككى دىنىي گۇرۇھنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەبچى بولدى. ھىدايىتۇللا ئىشان (ئاپئاق خوجا) ئەنە شۇ ۋاقىتتىكى «ئاق تاغلىقلار»نىڭ چوڭ ئاقساقىلى ئىدى. (بۇ توغرىلىق يەنە بىر ماقالىمىزدە توختىلىمىز.)

جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرىدىن بولغان ئامۇرسانا 1754-يىلى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھەربىي ياردىمى بىلەن داۋاچىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنى قوغلىۋەتتى. داۋاچ مەغلۇپ بولۇپ، مۇز داۋان ئارقىلىق ئۇچتۇرپانغا كەلگەندە، ئۇچتۇرپاننىڭ يەرلىك ھۆكۈمرانى غوجەش بەگ تەرىپىدىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ چېرىكلىرىگە تۇتۇپ بېرىلدى. ئۇچتۇرپان ھۆكۈمرانى غوجەش بەگ بىلەن ئاقسۇ ھۆكۈمرانى ئابدۇۋاھاب بەگلەر چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى قولغا كەرگۈزۈشكە يېقىندىن ماسلاشتى.

بۇرھانىدىن خوجا ۋە خوجا جاھان خوجاملار، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، بۇ جاينى مۇستەقىل قىلىش كويىغا چۈشتى. بۇ چاغدا چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى، جاۋخۇي، خۇدې قاتارلىقلارنى شىنجاڭغا ئەسكەر باشلاپ بېرىشقا بەلگىلىدى. ئۇلار

ئالىدى بىلەن جۇڭغارلارنى باستۇرۇپ بولۇپ، بىر مەز-
گىل تەييارلىق كۆرگەندىن كېيىن جاۋخۇي ئۈچ-
تۇرپان ئارقىلىق قەشقەرگە، خۇدى خوتەن ئارقىلىق
يەكەنگە باردى.

چىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ھۇجۇم قىلىشى بىلەن خو-
جاملار ئارقا - ئارقىدىن قېچىپ باداق تاغلىرىغا يې-
تىپ كەلگەندە، باداق تاغلىرىدىكى بەگلەر تەرىپى-
دىن تۇتۇلۇپ، كاللىسى ئېلىنىپ چىڭ سۇلالىسى
ئەسكەرلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن
شىنجاڭ مانجۇ ئاق سۆڭەكلىرى قۇرغان چىڭ سۇلا-
لىسى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆتتى. 1759 - يىلى-
دىن باشلاپ چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭدا ئىستىبدات ھا-
كىمىيىتىنى ئورنىتىپ ئىلىدا گېنېرال مەھكىمىسى قۇ-
رۇپ ئەسكەر تۇرغۇزدى. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭدا
جۇڭغار تۆپىلاڭچىلىرى بىلەن خوجىلارنى باستۇرۇپ،
شىنجاڭنى تولۇق كونترول قىلغاندىن كېيىن، شىن-
جاڭنىڭ يەرلىك ئىشلىرىنى ئىلگىرىدىن داۋاملىشىپ
كېلىۋاتقان ھېكىم بەگ بىلەن بەگلەرنىڭ باشقۇرۇ-
شىغا تاپشۇرۇپ، ئۆزلىرى ئۇلار ئۈستىدىن نازارەت
قىلدى ۋە ئۇلار ئارقىلىق شىنجاڭدا ھۆكۈمرانلىق
يۈرگۈزدى. ھېكىم بەگ ۋە باشقا بەگلەرگە دۆلەتتىن
مائاش بېرىلمەي، ئۇلارغا يەر، سۇ ۋە ئەمگەك كۈچى
بېرىلەتتى. ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەت خەلقى مانجۇ
ھاكىمىيىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي زۇلمىغا ۋە مىل-
لىي زۇلۇمغا ئۇچرايتتى. يەرلىك بەگلەرنىڭ قولىدا

زار ـ زار قاقشايتتى. بۇ ئەھۋاللار موللا مۇسا ساي-
رامىنىڭ «تارىخى ئەمىنىيە»سىدە ئىمام موللا مۇھەم-
مەت كىرىمنىڭ قول يازمىلىرىدا تەپسىلىي بايان
قىلىنغان.

## 2

### چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى

مانجۇ ئاق سۆڭەكلىرى بىلەن يەرلىك فېئودال پو-
مېشچىكلارنىڭ بىرلەشكەن ھۆكۈمرانلىقى ئىدى.
مانجۇ ئاق سۆڭەكلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ شىنجاڭ-
نى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئېلىشى بىلەن خەلق
ھېچقانداق ياخشىلىق كۆرمىدى. ئەكسىچە، زامانلار-
دىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەن فېئوداللىق تۈزۈم
ۋە تەرتىپلەر ئۆز پېتىچە ساقلىنىپ قالدى. تېخى
ئۇنىڭ ئۈستىگە مىللىي زۇلۇم كېلىپ قوشۇلدى. بۇنىڭ
بىلەن ئىقتىسادىي ھەم سىياسىي زىددىيەت بارغانسېرى
ئۆتكۈرلەشتى. بۇنىڭ ئۈستىگە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈ-
مىتى جۇڭغارلار ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇش، خوجى-
لارنى تىنچىتىش يولىدا ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلارنىڭ
ھەممە چىقىملىرىنى خەلقتىن شورىۋالدى. چىڭ سۇ-
لالىسىنىڭ ھەربىي ـ مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى تۈرلۈك
قەبىھ ۋاسىتىلەر بىلەن ئىنتايىن پارازىتلارچە تۇرمۇش
كەچۈردى. ئۇلار ئۆزلىرىگە چىرايلىق كۆرۈنگەنلى-
كى خوتۇن ـ قىزلارنى بۇلاپ كەتتى. قىلمىغان ئەس-

كەلگەنلىرى قالمىدى. يەرلىك بەگلەر بولسا، مانجۇ ئاق سۆڭەكلىرىنىڭ يارىدىمىگە تايىنىپ، شەخسىيەتچىلىك ۋە چىرىكلىكتە ئۇچىغا چىقتى.

ئۇنىڭدىن باشقا مانجۇ ئاق سۆڭەكلىرى جۇڭغارلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىكى «گەندەن» دەپ ئاتالغان باج تۈزۈمىنى ئۆز پېتىچە ساقلاپ قالدى. «گەندەن» سېلىقى ۋاقىتلىق ئېلىنىدىغان بولغاچقا ئۇنىڭدا ھېچقانداق بىر مۇقىم ئۆلچەم يوق ئىدى. شۇڭا بەگلەر بۇ تۈزۈم ۋە نامىدىن پايدىلىنىپ، خەلقنى خالىغانچە تالان - تاراج قىلاتتى. بەگلەر خەلقنى ئاقشىتىپ ئالغان نەرسىلەرنىڭ $\frac{2}{10}$ ياكى $\frac{3}{10}$ قىسمىنى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرغاندىن باشقا كۆپ قىسمىنى ئۆزىگە قارىتىۋالاتتى. مانا مۇشۇ خىل سىنىپىي ۋە مىللىي زۇلۇم شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىنتايىن قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى. خەلق ئېزىلىشكە ۋە خورلىنىشقا چىدىمىغانلىقتىن ئۆزلىرىنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن مانجۇ ئاق سۆڭەكلىرىنىڭ ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ھەرقايسى جايلاردا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە باشلىدى. 1765 - يىلى ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ زور كۆلەملىك كۆتۈرۈلۈشى بۇنىڭ بىر مىسالى. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنىڭ كۆتۈرۈلۈشىدىكى سەۋەب مۇنداق بولغان:

سۇچېڭ ئىسىملىك ھاكىم بەگ - ئابدۇللا بىر قېتىم 200 دىن ئارتۇق دېھقاننى جىگدە دەرىخى توشۇش ھا-

شاسىغا ئەۋەتىش ئۈچۈن تۇتۇپ كېلىدۇ. بۇلار 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنلىرى يولغا چىقىشى شەرت ئىدى. بۇ دەل ئامبال سۇچىڭنىڭ ئوغلى بېيجىڭگە بارىدىغان ۋاقىتتا توغرا كېلىپ، ئۇنىڭ يۈك - تاقىسىنى ئېلىپ مېڭىشقا رەھمۇتۇللا دېگەن كىشى تەيىنلىنىدۇ. سۇچىڭ رەھمۇتۇللانىڭ ئايالىنى يامۇلدا قوندۇرۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، رەھمۇتۇللا كۆڭلىدە سۇچىڭغا قاتتىق نارازى ئىدى. زالىملارنىڭ بۇ ئازابىغا چىداپ تۇرالمىغان رەھمۇتۇللا 14 - كۈنى ئاخشىمى ئالۋاڭغا تۇتۇلغان ياش دېھقانلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، جىگدە دەرىخى توشۇش ھاشىرىغا بېرىشنى رەت قىلىپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى قارار قىلدى. ئۇلار ئادىي ئوۋ مىلتىقى، كالتەك، چوماقلار بىلەن قوراللىنىپ، دەسلەپكى غەلىبىگە ئېرىشتى. بۇنىڭدىن خەۋەردار بولغان سۇچىڭ بىلەن ئابدۇللا تائىفا قېچىپ چىقىپ قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن قوزغىلاڭچىلارغا كۈچى يەتمەي يېڭىلدى، سۇچىڭ ئاتا - بالا ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. ئابدۇللا قوزغىلاڭچىلار قولىغا تىرىك چۈشتى. ئۇچتۇرپان شەھىرى تامامەن دېھقانلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. ئۇچتۇرپان خەلقلىرىنىڭ قوزغىلاڭ خەۋىرى جەنۇبىي شىنجاڭغا تارالغاندىن كېيىن، ھەرقايسى جايلاردا خەلقلەرمۇ ھەرىكەتكە كىرىشتى. بىراق چىڭ سۇلالىسى بۇ جايلاردىكى كونتروللۇقىنى كۈچەيتىپ، باستۇرۇشنى جىددىيلەشتۈرگەنلىكتىن ھەرىكەت پۈتۈن شىنجاڭغا كېڭەيمەي قالدى. شۇنداق بىر پەيتتە

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئاقسۇ، قەشقەر، ئىلى قاتارلىق جايلاردىن ئەسكەر يۆتكەپ كېلىپ، ئۇچتۇرپان شەھىرىنى ئالتە ئاي قامال قىلغاندىن كېيىن، ئىنقىلابچىلارنىڭ ئوق – دورا، ئوزۇق – تۈلۈكلىرى تۈگەپ قېيىن ئەھۋالدا قالدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يەنىمۇ ئۈستۈن ئەسكەرىي كۈچنى توپلاپ، ئېغىر قوراللار بىلەن شەھەرنى توپقا تۇتتى. قوزغىلاڭچىلار بىر – بىرلەپ ھاياتىدىن ئايرىلىپ، ئاخىر شەھەر قولدىن كەتتى.

چىڭ قوشۇنلىرى شەھەرگە بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، پادىشاھ چەنلوڭنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئۇچتۇرپان خەلقىدىن قىساس ئېلىپ، ۋەھشىلىك قىرغىن قىلدى. ھەتتا دېھقانلار ئىنقىلابىغا ئاسىيلىق قىلىپ تەسلىم بولغان ئىدىرىپ، گەرچە قوزغىلاڭچىلارنى تۇتۇپ بېرىشتە خىزمەت كۆرسەتكەن بولسىمۇ لېكىن ئۆلتۈرۈلۈشتىن قۇتۇلالمىدى: قوزغىلاڭنى باستۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، چىڭ ھۆكۈمىتى ئەمەلدارلىرىنى بېقىش، ئۇلارغا گازارما، ئولتۇراق جاي، قورغان سېلىش ئۈچۈن 10 مىڭدىن ئارتۇق يەرلىك ئائىلىنى سوت تۇرغۇزۇمگە يۆتكۈپ ئىلىغا سۈرگۈن قىلدى.

ئۇچتۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭى گەرچە مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىغا قاتتىق زەربە بېرىپ، خەلقنىڭ ئىنقىلابىنى كۈچەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇچتۇرپان ۋەقەسىدىن كېيىن ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى

مۇستەھكەملەشنىڭ بەزى بىر تەدبىرلىرىنى كۆردى. بەسىلەن، ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن ئىشلىرى بىلەن دىننىڭ چېكىنى، بەگلەرنىڭ ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش جەھەتتىكى بەزى چەكلىمىلەرنى ئېلان قىلىشقا مەجبۇر بولىدى. بۇنداق ئۆزگىرىش 100 يىلدىن بېرى كۆرۈلمىگەن ئىدى.

ئوتتۇرىيان دېھقانلار قوزغىلىڭى باستۇرۇلغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ شىنجاڭغا قاراتقان كونتروللۇقىنى ھەسسىلەپ كۈچەيتكەن بولسىمۇ، لېكىن خەلقنىڭ غەزىپى بېسىلمىدى. ئۇيغۇر خەلقى ۋە باشقا مىللەت خەلقلىرىنىڭ چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مۇستە- بىت ھۆكۈمرانلىقىغا، يەرلىك فېئودال بەگلەرنىڭ زۇلمىغا قارشى كۈرىشى شىنجاڭنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىنى قاپلىدى. 1864 - يىلىغا كەلگەندە ئۇيغۇر، خۇيزۇ خەلق- لىرىنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۆتۈرۈلۈشى ئالدى بىلەن كۇچاردا پارتلىدى. كۇچار خەلقىنىڭ قوزغىلىڭى تېزدىنلا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىنكاسقا ئىگە بولدى. ئۇزاق ئۆتمەي پۈتۈن شىنجاڭدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇلۇپ، جايلاردا يەرلىك ھاكىمىيەتلەر قۇرۇلدى. كۇچاردا راشىدىن خوجا رەھبەرلىكىدىكى كۇچار ھا- كىمىيىتى، قەشقەردە سىدىق بەگ رەھبەرلىكىدىكى ھاكىمىيەت، خوتەندە ھەبىبۇللا رەھبەرلىكىدىكى ھا- كىمىيەت، ئۈرۈمچىدە خۇيزۇ تومىنىڭ ئاخۇن رەھبەرلى- كىدىكى ھاكىمىيەت ۋە ئىلى سۇلتانلىقى قۇرۇلدى.

بۇلارنىڭ ئىچىدە قەشقەر بىلەن ئۈرۈمچىدە قۇرۇلغان ھاكىمىيەتلىرى كۈچلۈكرەك ئىدى. بۇ قوزغىلاڭلار ئەركىنلىك، ئازادلىق ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان قوزغىلاڭلار ئىدى. بۇ ۋاقىتتا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى سىياسىي جەھەتتە چىرىكلەشكەن، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئاجىزلاشقان، تاشقى جەھەتتە چەتئەلگە تېز پۈكۈپ ۋەتەننى يېرىم مۇستەملىكىگە ئايلاندۇرۇپ دۆلەت ۋە خەلقنى مۇنقەرز بولۇش گىردابىغا ئىتتىرىپ قويغان ئىدى. جۈملىدىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بىلەن سەككىز بايراقلىق قوشۇنلىرى خەلقنى باستۇرۇشتا جاللات، جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزى ئالدىدا مۈشۈكلىك قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ، ھەدەپ بايلىق توپلاپ، بېيىش يولىدا زورلۇق زۇلۇمنى كۈچەيتكەن ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تايىنىپ خەلقنى ئىنتايىن قەبىھ ۋاسىتىلەر بىلەن ئەزدى، خورلىدى، زورلۇق بىلەن يەرلىرىنى قوشۇۋېلىپ، چوڭ پومىشچىكلاردىن بولۇپ قالدى. مەسىلەن، گۇاڭشۈي خان پۈتۈن مەملىكەت تېررىتورىيىسىدىكى تېرىلغۇ يەرنىڭ 10 دىن بىر قىسمىنى ئىگىلىۋالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن مانجۇ ئاقسۆڭەكلىرىنى مەركەز قىلغان چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى جۇڭگو خەلقى ئۈچۈن بالايى - ئاپەتنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالدى. نەتىجىدە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، تەيپىڭ تىيەنگو ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، دېھقانلار، قول سانائەتچىلەر ۋە باشقا ئەمگەكچى خەلقنىڭ ھەققانىي قوزغىلاڭلىرى كۆتۈرۈلدى.

بۇ ماھىيەتتە شىنجاڭ خەلقىنىڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى ۋە دەھشەتلىك مىللىي زۇلمىغا قارشى ئىنقىلابىي كۈرەشلىرى ئىدى.

تەيپىڭ تىيەنگو ئىنقىلابى يولى شىنجاڭ خەلقىنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئېلىپ بارغان قوزغىلاڭلىرى ئۈچۈن بىر ئەينەك بولدى. باتۇر، ئەمگەكچان، ئەقىل - پاراسەتلىك ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەت خەلقى ياشاش ئۈچۈن تەيپىڭ تىيەنگو قوزغىلىڭىنىڭ يولىدا مېڭىپ، قولىغا قورال ئېلىپ، قانلىق جەڭلەرنى قىلىپ، ئۆز دۈشمەنلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۆز ئازادلىقىنى قولغا ئالدى ھەمدە ئۆزىنىڭ ئىنقىلابىي ھاكىمىيەتلىرىنى قۇردى. بىراق بىرلىككە كەلگەن، بىرتۇتاش ھاكىمىيەت قۇرۇلماي، جايلار ئۆز ئالدىغا خانلىق بولۇۋېلىپ، ئۆزئارا ھوقۇق - مەنپەئەت تالىشىپ، جېدەللەر قوزغىدى.

3

خۇددى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، XIX ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدا ئەنە شۇ خەلق قوزغىلاڭلىرىنىڭ بەدىلىگە ۋۇجۇدقا كەلگەن بىرقانچە ھاكىمىيەتلەر ئىچىدە ئۈرۈمچى ھاكىمىيىتى بىلەن قەشقەر ھاكىمىيىتىنىڭ تەسىرى ۋە كۈچى زورراق ئىدى. كەڭ خەلق ئامىسى بۇ ھاكىمىيەتلەرنىڭ بىرلىشىپ، بىرلىككە كەلگەن، بىر پۈتۈن ھاكىمىيەت بولۇپ قۇرۇلۇشىنى

تەلەپ قىلاتتى.

قەشقەردىكى خەلق ھاكىمىيىتى ئۈستىدە تۇرغان تۇڭگان جىن شاگىيەن بىلەن قىرغىز سىدىق بەگلەر چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ئۇۋىسى بولغان قەشقەر، يېڭىشەھەرگە بىرنەچچە نۆۋەتە ھۇجۇم ئۇيۇشتۇرۇپمۇ ئالالماي، يېڭىشەھەرنى داۋاملىق قامال قىلدى ھەمدە شىنجاڭدا قۇرۇلغان بىرقانچە ھاكىمىيەتلەرنى بىر مەركەزگە توپلاش، بىرلىككە كەلگەن ھاكىمىيەت قۇرۇش ئىشى ئۈستىدە ھەرىكەت قىلىپ، يۇرت چوڭلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئاخىر قوقان خاندانلىقىدا تۇرۇۋاتقان بۇزۇرۇك① خوجىنى شىنجاڭغا كېلىپ باش بولۇشنى تەلەپ قىلىپ مەكتۇپ ئەۋەتتى. قوقان خانى قەشقەر ھاكىمىيىتىنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇپ، بۇزۇرۇك خوجىنى بىر بۆلۈك كىشىلەر بىلەن بىللە قەشقەرگە ماڭدۇردى. بۇزۇرۇك خوجا بىلەن كەلگەنلەر ئىچىدە ياقۇپ بەگمۇ بار ئىدى.

1865 - يىلى بۇزۇرۇك خوجا① بىلەن ياقۇپ بەگ قەشقەرگە كېلىپ يېڭىشەھەر قەلئەسىنى ئېلىش پىلانىنى تۈزدى. ۋە ئۇزاق ئۆتمەي يېڭىشەھەر قەلئەسى مانجۇ ئىستىبداتچىلىرىنىڭ چىرىكلىرىدىن تارتىۋېلىندى.

بۇزۇرۇك قەشقەرگە كېلىپلا خانلىق ئورنىدا ئولتۇردى، يېڭىشەھەر قەلئەسى ئېلىنغاندىن كېيىن،

① بۇزۇرۇك خوجا — تولۇق خوجا، ئاپاق خوجىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى ئىدى.

يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ، كۇچار قاتارلىق جايلارنىمۇ ئارقا-ئارقىدىن ئۆز ئىلكىگە ئالدى. بىراق بۇزۇرۇك خوجا خان بولغان بولسىمۇ، ھەربىي، مەمۇرىي ھوقۇق ئاستا-ئاستا ياقۇپ بەگنىڭ قولىغا مەركەزلىشىپ، بۇزۇرۇك خوجا قۇرۇق ھەيكەل بولۇپ قالدى.

ياقۇپ بەگ يەرلىك بەگلەر ۋە قوقاندىن ئېلىپ كەلگەن ئادەملىرى ئارقىلىق كۈچىنى داۋاملىق كېڭەيتىپ، 1867-يىلى بۇزۇرۇك خاننى ھەج قىلىشقا قىستاپ ئۇنى يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن، ئۆزىنى يەتتە شەھەرنىڭ ئەمىرى دەپ جاكارلىدى. ئۈچ يىلدىن كېيىن (1870-يىللىرى) تۇرپاننى ئىشغال قىلىپ، تەڭرىتاغلىرى②نىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى كۆپچىلىك جايلارنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالدى. ۋە ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ فېئوداللىق قانۇن-تۈزۈملىرىگە ئاساسلىنىپ تۈرلۈك قانۇن-پەرمانلارنى ئېلان قىلدى.

ياقۇپ بەگنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىگە كەلسەك ئۇ شىنجاڭنىڭ ئىلى رايونىدىن باشقا جايلىرىنى قولىغا ئېلىپ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى ئورناتقاندىن كېيىن، ئەنگلىيە، روسىيە، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن بىر قاتار دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەردە بولدى. ئۇلار بىلەن ئۆزئارا ئەلچى ئەۋەتىش، سودا، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشقا ئائىت شەرتنامە ۋە توختاملارنى تۈزدى.

ياقۇپ بەگنىڭ بۇ ئۈچ دۆلەت بىلەن ئورناتقان مۇناسىۋەتتە بولۇشى ئەينى ۋاقىتتا ۋە شۇ تارىخىي شارائىتتا ئوبيېكتىپ جەھەتتە شىنجاڭنى تۇتۇپ قۇرۇش.

رولىنى ئوينىدى. چۈنكى ئەنگلىيە، روسىيە، تۈركىيە كونا مۇستەملىكىچى دۆلەتلەر ئىدى. ئۇلار ھەدەپ شىنجاڭغا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ يېڭى تەقىش كويىدا بولۇۋاتقان پەيتلەردە ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە يېقىنلىشىپ باشقىسىنى چەتكە قاققاندا، ياقۇپ بەگ باشچىلىقىدىكى بۇ ھاكىمىيەتكە پايدىسىز ۋەزىيەت شەكىللىنىپ قالاتتى. شۇڭلاشقا، ياقۇپ بەگنىڭ بۇ ئۈچ دۆلەت بىلەن ئېلىپ بارغان دىپلوماتىيە پائالىيەتلىرى، بۇ ئۈچ دۆلەتكە قاراتقان دىپلوماتىيە سىياسەتلىرى ماھىيەتتە شىنجاڭنى ئۇلارنىڭ يۇتۇۋېلىشىدىن ساقلاپ قالدى. شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ئەينى تارىخىي شارائىتتا يۈز بەرگەن ئەھۋاللارنى، تارىخىي ۋەقەلەرنى شۇ تارىخىي شارائىتتا تۇرۇپ تەھلىل قىلىش ۋە باھا بېرىش كېرەك. تۆۋەندە ياقۇپ بەگنىڭ بۇ ئۈچ دۆلەت بىلەن ئېلىپ بارغان دىپلوماتىيە جەھەتتىكى پائالىيەتلىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىمەن ھەمدە يولداشلارنىڭ مۇلاھىزە قىلىپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ياقۇپ بەگ باشچىلىقىدىكى ھاكىمىيەتنى ئالدى بىلەن ئەنگلىيە ئېتىراپ قىلىپ، قەشقەرگە ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتتى. تۈركىيە سۇلتانىمۇ بۇ ئىشقا قول تىقتى. 1865 - يىلى چاررۇسىيە تاشكەنتنى مۇستەملىكە قىلىۋالغاندىن كېيىن، تاشكەنتتىن تۈركىيىگە قېچىپ بېرىۋالغان قازى خان شىر دېگەن كىشىنى ياقۇپ بەگكە ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. ياقۇپ بەگ تۈركىيە ئەلچىسى بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، نۇرغۇن سوۋغا-

سالاملىرى بىلەن تۈركىيىگە جاۋابەن ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتتى. تۈركىيە سۇلتانى بۇ ئۆمەكنى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، ياقۇپ بەگكە «ئەمىرۇلمۇئمىنىن» نامىنى بەردى. ئارقىدىن يەنە تۈركىيە سۇلتانى ئابدۇلئەزىزخان، مايور ئىسمائىل ئەپەندى، ئەلى ھازىم، مۇرات بەگ قاتارلىق 20 نەچچە ئالىي ھەربىي ۋە سىياسىي مەسلىھەتچىلەرنى نۇرغۇن قورال-ياراق سوۋغاتلار بىلەن قەشقەرگە ئەۋەتتى. بۇلاردىن يەتتە كىشى ياقۇپ بەگنىڭ يېنىدا قېلىپ، قالغانلىرى بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن تۈركىيىگە قايتىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ياقۇپ بەگ ھۆكۈمەت ئاقچىسىغا ئابدۇلئەزىزخاننىڭ نامىنى باستۇردى.

1873 - يىلى ئەنگلىيە ۋەكىللەر ئۆمىكى قەشقەرگە كېلىپ، ياقۇپ بەگكە كۆپ مىقداردا قورال-ياراق تەقدىم قىلدى. ئىككىنچى يىلى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ياقۇپ بەگ باشچىلىقىدىكى ھاكىمىيەت بىلەن شەرتنامە تۈزۈپ، ياقۇپ بەگنىڭ «ئەمىر»لىك ئورنىنى ئېتىراپ قىلدى. ئۇنىڭ بەدىلىگە ئەنگلىيىگە سودا ئالاقە قىلىش، ئەلچى، كونسۇل تۇرغۇزۇش، كونسۇللاردا سوراق قىلىش ھوقۇقى بولۇش قاتارلىق ئىمتىيازلار بېرىلدى. ئەنگلىيە بىلەن ياقۇپ بەگ ئوتتۇرىسىدا شەرتنامە تۈزۈلۈۋاتقان چاغدا، چار روسىيە ۋەكىللەر ئۆمىكى قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. چار روسىيە ھۆكۈمىتى، ياقۇپ بەگ خاندانلىقىنىڭ قوقان خاندانلىقى بىلەن چېگرىداش ۋە دىنداشلىقى تۈپەيلىدىن روسىيىنىڭ قوقان-

غا قاراتقان سىياسىتىگە خەۋپ يېتىپ قېلىشىنى نەزەر-
دە تۇتۇپ، 1871 - يىلى ئىلى رايونىغا ئەسكەر
كىرگۈزۈپ ئىلىنى بېسىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ياقۇپ
بەگنىڭ شىمالىي شىنجاڭغا قاراپ ئىلگىرىلىشىگە تو-
سالغۇ پەيدا بولدى. چار روسىيە جاھانگىرلىكى ئۆز-
نىڭ جۇغراپىيە جەھەتتىكى يېقىنلىقىدىن پايدىلىنىپ،
شىنجاڭنى يۇتۇپ كېتىش خىيالىدا بولغان ئىدى. 1848 -
يىلدىن باشلاپ قازاق تۈزلەڭلىكىدىكى قوقان خانلىقى
تەۋەسى بىلەن، بۇخارا خانلىقى تەۋەسىنى بېسىۋېلىپ
1867 - يىلى تۈركىستان مەھكىمىسىنى قۇردى. شۇنىڭ
بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭنى مۇستەملىكە قىلى-
ۋېلىشنى جىددىي پىلانلىدى. بۇ خىل ئەھۋال ئەنگلىيە
جاھانگىرلىكىنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ قويدى. ئەن-
گلىيە چار روسىيىنىڭ تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ ھىندىستانغا
قول سوزۇشىدىن ئەنسىرەپ، روسىيىگە دۈشمەنلىك
پوزىتسىيىدە بولدى. شۇنداق قىلىپ شىنجاڭ جاھانگىر-
لارنىڭ تالىشىش نۇقتىسىغا ئايلاندى. روسىيە بىلەن
ئەنگلىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرمۇ كۈنسېرى
كەسكىنلەشتى.

چار روسىيە جاھانگىرلىكى ئىلىنى بېسىۋالغاندىن
كېيىن، يەتتە شەھەرنىڭ ئەمىرى ياقۇپ بەگنىڭ چار-
روسىيىدىن بارغانسېرى يىراقلاپ تۈركىيە، ئەنگلىيىگە
ئېگىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ دەرھال تۈزلۈك
چارە - ئامماللار بىلەن شىنجاڭغا ۋاسىتىچىلەر،
سودىگەرلەر، ئىلچى تەكشۈرگۈچىلەر ئەۋەتكەن

نام بىلەن ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتتى. 1876 - يىلى ئۇلار شىنجاڭنىڭ شىمالىغا، پامىر ۋە جەنۇبىي شىنجاڭغا كېلىپ «تەكشۈرۈش» ئېلىپ باردى. ئاتالمىش ئالىم، ساياھەتچى سوسروۋىسكىي روسىيەنىڭ غەيرىي رەسمىي ۋەكىلى سۈپىتىدە بوچۇەنگە كېلىپ زۇڭتۇڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، «تاشقى جۇڭگودا» سودا ئالاقىسى قىلىشنى تەلەپ قىلدى. زۇڭتۇڭ ئۇنىڭغا سودا ئالاقىسى، شىنجاڭنى قولغا كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن باشلاشنى تەكىتلىدى. روسىيىنىڭ ھېلىقى غەيرىي رەسمىي ۋەكىلى، جۇڭگو قوشۇنلىرى «تاشقى جۇڭگوغا» چىقسا 5 مىليون جىڭ ئاشلىق ياردەم قىلىمىز دېدى. يەنە بىر تەرەپتىن، چار روسىيە ھۆكۈمىتى 1872 - يىلى تۈركىستان گۇ- بېر ناتورى بىلەن تۈزگەن شەرتنامىگە ئاساسەن ياقۇپ بەگنى يەتتە شەھەرنىڭ پادىشاھى دەپ ئېتىراپ قىلدى، قەشقەر ۋە باشقا شەھەرلەردە سودا قىلىشقا باشلىدى. ئىنگلىز ياقۇپ بەگ باشچىلىقىدىكى ھاكى- مىيەت ئۈچۈن ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتمەي چار روسىيە سودىگەرلىرىگە خىلمۇ خىل توسالغۇلارنى پەيدا قىلدى. ئۇنىڭ ئەكسىچە 1874 - يىلى ئەنگلىيە بى- لەن تۈزگەن شەرتنامىدە ئەنگلىيە سودىگەرلىرىگە ئالاھىدە ئىمتىياز ۋە ئىمتىيازلارنى بەردى. بۇ ئەھۋال چار روسىيىنىڭ ئېچىمۇ غەزىپىنى قوزغىدى. بۇ زىددىيەتلەر كۈرۈلۈشتە ياقۇپ بەگ بىلەن چار روسىي- يە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتە كۈرۈنۈشمۇ، ئەمەلىيەتتە

تە ئەنگلىيە بىلەن چارروسىيە ئوتتۇرىسىدىكى قالىشىش ئىدى.

بۇ خەلقئارادا كاپىتالىزم تەرەققىي تېپىپ، مونوپولىيە باسقۇچىغا قەدەم قويغان ۋاقىت بولۇپ، كونا كاپىتالىستىك دۆلەتلەر بىلەن يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ تەرەققىي تېپىشقا باشلىغان كاپىتالىستىك دۆلەتلەر بازار، خام ئەشيا، مۇستەملىكە بولۇش يولىدا جىددىي كۆرەشلەرنى ئېلىپ بېرىۋاتاتتى.

خۇددى لېنىن ئېيتقاندەك: «كاپىتالىزم يېڭى يەرلەرنى ئاچمىسا، يېڭى مۇستەملىكىلەرنى قولغا كەلتۈرمىسە، ئوتتۇرا ئەسىر قالاقلىقىدىكى فېئودال دۆلەتلەرنى خەلقئارا كاپىتالىزم بازىرىغا سۆرەپ كىرمىسە، ئۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ ھەم تەرەققىي قىلالمايدۇ».

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جاھانگىرلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ خەنزۇ مىللىتارىستلاردىن زىڭ گوفەن، زىڭ گوچۈەن، زو زۇڭتاڭ، لى خۇڭجاڭ قاتارلىقلارنى يۆلەپ، قوراللاندۇرۇپ، ئۇلۇغ تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابىنى باستۇردى. تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابى باستۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەرقايسى جاھانگىر دۆلەتلەر چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن ئىمزالىغان بىرقانچە تېڭسىزلىق تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلەردە ئىگە بولۇۋالغان ئالاھىدە ھوقۇق، ئىمتىيازلارغا يۆلىنىپ، جۇڭگودا تەسىر دائىرە بۆلۈۋېلىش دولقۇنىنى قوزغىدى. جۇڭگونىڭ چېگرا جايلىرىدىكى كرىزىس جىددىي

ۋەزىيەت كۆچەيدى. ئەنگلىيە چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئوۋەندىكى ئېقىنى ۋە ئوتتۇرا ئېقىنىدىكى جايلارنى ئۆز تەسىر دائىرىسى قىلىۋېلىش بىلەن تىبەتكىمۇ ئۆز تەسىرىنى كىرگۈزدى. شىنجاڭدا ياقۇپ بەگ ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلىش يولى بىلەن ئەلچى، كونسۇل تۇختىتىش، سودا قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇۋالدى. فرانسىيە غەربىي، جەنۇبىي جۇڭگونى ئۆز تەسىر دائىرىسى قىلىۋالدى. كېيىنرەك گېرمانىيە شەندۇڭ يېرىم ئارىلىنى، ياپونىيە تەيۋەن، پىڭخۇ تاقىم ئاراللىرىنى بېسىۋالغاندىن تاشقىرى، فۇجيەن لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىنى تەسىر دائىرىسى ئىچىگە كىرگۈزىۋالدى.

چاررۇسىيە شەرقىي شىمال، تاشقى موڭغۇلىيەنى ئۆز تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزۈش بىلەن تەڭ ئىلىنى بېسىۋالدى.

4

شىنجاڭدا ياقۇپ بەگ ھاكىمىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بىر مەزگىل چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى، تاشقى جەھەتتە ھەرقايسى جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇزى، ئىچكى جەھەتتە تەيپىڭ تيەنگو دېھقانلار ئىنقىلابىنى ھەركەز قىلغان خەلق ئىنقىلابى كۆۋەشلىرىنىڭ بېسىمى ئاستىدا شىنجاڭغا قول سېلىشقا ئىمكانىيەت تاپالمىدى. چاررۇسىيە ئىلىنى بې-

تۇتۇلغان مەزگىللەردە چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىدا
شىنجاڭنى تاشلىۋېتىش ياكى قايتۇرۇۋېلىپ باشقۇ-
رۇش مەسىلىسىدە قاتتىق تالاش - تارتىش بولغان.
بۇ تالاش - تارتىش 1864 - يىلى ئۇلۇغ تەيپىڭ
تيەنگو دېھقانلار ئىنقىلابى قانلىق باستۇرۇلغاندىن
كېيىن باشلىنىپ تاكى 1876 - يىلغىچە داۋام
قىلدى. بۇ تالاش - تارتىش ئاساسەن غەربىي رايون
(بۇ ۋاقىتتا شىنجاڭ ئىچكىرىدە يەنىلا غەربىي رايون
دەپ ئاتىلاتتى)نى تاشلىۋېتىش كېرەكمۇ ياكى قاي-
تۇرۇۋېلىپ باشقۇرۇش كېرەكمۇ دېگەن مەسىلىنى
مەركەز قىلىپ ئېلىپ بېرىلغان ئىدى.

غەربىي رايوننى تاشلىۋېتىش، كارى بولمايدىغان
تەرەپدارلىرى بىلەن قايتۇرۇۋېلىپ باشقۇرۇش
تەرەپدارلىرىنىڭ مەقسىتى بىر - بىرىگە ئوخشىمايتتى.
ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا قويغان مەقسەت، پىلانلىرى
بار ئىدى. غەربىي رايوننى تاشلىۋېتىش تەرەپدارى
لى خۇڭجاڭ ئۆزىنىڭ شىمالىي دېڭىز پىلوتىنى مۇس-
تەھكەملەپ، ئالىي ھوقۇقنى قولغا ئېلىشنى مەقسەت
قىلاتتى. قايتۇرۇۋېلىپ باشقۇرۇش يولى بىلەن ئۆز
تەسىرىنى كېڭەيتىش كويىدا ئىدى. بۇ ئىككىسىنىڭ
ئۆز مەقسىتىنى چېتىش قىلىپ كۆرسەتكەن باھانە - سەۋ-
ۋەبلىرىمۇ باشقا - باشقا ئىدى. لى خۇڭجاڭ غەر-
بىي رايوننى يىراق، جايى قۇراق، يەرلىرىدىن بېرى قىل-
چىلىكى كەلىدى، ئۇنى تىنچىتىشقا كەتكەن ئىقتىسا-
دىن چىقىم ئېشىپ كېتىپ، دۆلەت خەزىنىسىگە تەس-

سىر يەتتى. ھازىرچە ئۇنىڭ پايدىسىدىن زېمىنى كۆپ
رەك تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تالاشماي قاشلىشىپتىپ
دېگەن مۇداھىنەسىنى كۈچەيتكەن ياخشىراق. دېگەننى
تەكىتلىسە، زوزۇگىتالىق ئارقا تەرەپتىكى دۈشمەن كۈچ
لىرىنىڭ خەۋپىنى تەكىتلەيتتى. بىراق بۇ ئىشتا
زوزۇگىتانىڭ تەلىپى ئۈستۈن كېلىپ، ئۇنىڭ تەلىپى
خانىنىڭ قوشۇلۇشىغا ئېرىشكە بولدى ھەمدە ئۇنى كەي
سىنىڭ كۆپ سىرناتۇرى، غەربىي رايونىنىڭ ھەربىي ئىش
لار قوماندانى قىلىپ بەلگىلەندى.

زوزۇگىتالىق بۇ قېتىمقى تالاش - تارتىشتا خا
نىنىڭ قوشۇلۇشىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئال
دى بىلەن سەندۇلىق، جىمسارلاردا ھېيۋەت قىلىپ
كەلگەن نەندالىق ئەشكىلاتى قوزغىلاڭچىلىرى ۋە تەپ
پىڭ تىيەنگونىڭ قالدۇق قىسىملىرىنى باستۇردى.
ئۇنىڭدىن كېيىن، غەربىي شىمالدىكى شەنشى، سەن
شى، گەنسۇ كۆكنۇرلاردىكى خۇيزۇ خەلقىنىڭ چىڭ
سۇلالىسىغا قارشى قوزغىلاڭلىرىنى قانلىق باستۇرۇپ،
بىر مەزگىل تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن، ئۆزى جۇ
چۇەندە بارىگاھ تىكلەپ، غەربىي رايونغا لىيۇ جىن
تاڭ باشچىلىقىدا زور قوشۇن ئەۋەتتى.

زوزۇگىتالىق غەربىي رايوننى قايتۇرۇۋېلىشتا ئالدى
بىلەن شىمالنى ئاندىن جەنۇبنى ئېلىش ستراتې
گىيىسىنى قوللاندى. ئۇ لىيۇ جىنتاڭغا جىنشۇي قىسىم
لىرىنى فۇكاڭغا ھۇجۇم قىلىشقا، باك ياۋ قىسىملى
رىنى باركۆلنى ساقلاشقا بۇيرىدى. بۇ چاغدا خۇيزۇ

قوزغىلاڭچىلارنىڭ باشلىقى بەي يەنخۇ چىڭ ئەس-
كەرلىرىگە قارشى تۇرغان بولسىمۇ ئاخىردا يېڭىلدى.
ليۇجىنتاڭ قىسىملىرى 1876 - يىلى 8 - ئاينىڭ
17 - كۈنى گۇچىڭنى، 18 - كۈنى ئۈرۈمچىنى ئال-
دى. جىن شۇي قىسىملىرى 11 - كۈنى ماناس، سان-
جى، قۇتۇبى قاتارلىق ناھىيىلەرنى ئىشغال قىلدى.
ياقۇپ بەگ قوشۇنلىرى ماناستىن تارتىپ ئۈرۈمچى-
گىچە بولغان پۈتۈن لىنىيىدە مەغلۇپ بولدى ۋە دا-
ۋانچىڭ، تۇرپان، قارا شەھەر ئەتراپلىرىدا مۇدا-
پىئەدە تۇردى.

1877 - يىلى چىڭ ئەسكەرلىرى ئۈرۈمچىدىن
داۋانچىڭغا ھۇجۇم قىلدى. 4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى
ليۇ جىنتاڭ قىسىملىرى داۋانچىڭنى، 26 - كۈنى
تۇرپاننى ئىشغال قىلدى. 5 - ئاينىڭ ئاخىرىدا يا-
قۇپ بەگ كورلىدا زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلدى.④ شۇ-
نىڭ بىلەن 1877 - يىلى 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى
كورلا، كۇچار قاتارلىق شەھەرلەر چىڭ ئەسكەرلىرى-
نىڭ قولىغا ئۆتتى.

ياقۇپ بەگ كورلىدا زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەندىن
كېيىن، ئوغۇللىرىدىن ھەيدۇللا خانلىقتا ئولتۇردى.
ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى بەگقۇلى بەگ ئورۇن تالىشىپ،
ھەيدۇللا دادىسىنىڭ جەسىتىنى كۇچارغا ئېلىپ كې-
تىۋاتقاندا، يوشۇرۇن ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋې-
تىپ ئۆزى خانلىقتا ئولتۇردى ۋە قەشقەرگە قاي-
تىپ كەلدى. 1877 - يىلىنىڭ ئاخىرى 1878 - يىل-

نىڭ باشلىرىدا ياقۇپ بەگ ئارمىيىسىنىڭ قالدۇق كۈچلىرى مەغلۇپ بولۇپ، چىڭ ئەسكەرلىرى باي، ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، خوتەنلەرنى ئىشغال قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ياقۇپ بەگ باشچىلىقىدىكى ھاكىمىيەتنىڭ يەتتە شەھەردىكى 14 يىللىق ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىلىپ، چار روسىيە ئاقارلىق جاھانگىرلارنىڭ شىنجاڭنى يۇتۇپ كېتىش سۇيىقەستى بىتچىت بولدى. زوزۇڭتاڭ غەربىي رايوننى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چار روسىيە ھۆكۈمىتى بىلەن ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىش مەسىلىسى ئۈستىدە سۆھبەت ئېلىپ باردى.

1878 - يىلى 6 - ئايدا چىڭ ھۆكۈمىتى رۇڭخۇ زېڭفۇنى روسىيىگە ئىلى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. زېڭفۇ ئىككى دۆلەت سۆھبىتىدە مۇرەسسەچىلىك مەيدانىدا تۇرۇپ دۆلەتكە ئاھانەت كەلتۈرگەنلىكتىن 1880 - يىلى زېڭجىزېنى روسىيىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى پايتەختى پېتىربۇرگقا «روسىيە جۇڭگو ئىلى شەرتنامىسى»نى ئۆزگەرتىپ تۈزۈشكە ئەۋەتتى. 1881 - يىلى 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئۆزگەرتىلگەن «ئىلى شەرتنامىسى» ئىمزالاندى. ۋە روسىيىنىڭ قۇرۇقلۇقتىكى يوللاردا سودا قىلىش نىزامنامىسى تۈزۈلدى. بۇنىڭدا:

(1) قورغاس دەرياسىنىڭ غەربىدىكى رايونلار روسىيىگە بېرىلىدۇ. روسىيە ئىلىغا قاراشلىق توققۇز شەھەرنى جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ئىككەسىنىڭ غەر-

جەنۇبىدىكى رايونلار جۇڭگوغا تەۋە بولىدۇ.

(2) روسىيىنىڭ تۇرپان، سۈجۇلاردا ئەلچى تۇرغۇزۇشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ. قۇمۇل قاتارلىق بەش جايدا ئەلچى تۇرغۇزۇش ئىشىنى ئىككى تەرەپ كېلىشكەندىن كېيىن بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

(3) روسىيە سودىگەرلىرى شىنجاڭ ۋە شىمى- جاڭدىن سۈجۇغا (جۇچۈەنگە) قەدەر بولغان جايلاردا ۋە مەملىكەتنىڭ ئىچكى جايلىرىدا سودا قىلىدۇ.

(4) شىنجاڭدا روسىيە سودىگەرلىرىدىن ۋاقتىنچە باج ئېلىنمايدۇ.

(5) جۇڭگو روسىيەگە 9 مىليون روبلى تۆلەش چىقىمى تۆلەيدۇ.

(6) ئىلى خەلقى روسىيەگە بېرىپ - كېلىشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ ...' دېگەنلەر بەلگىلەنگەن.

شۇنداق قىلىپ 1881 - يىلى ئىلى رايونى چار روسىيەنىڭ ئون نەچچە يىللىق مۇستەملىكىسىدىن قۇتۇلۇپ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى (لېكىن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا داۋاملاشقان شەكلى ئۆزگەرگەن تالىشىش ۋە خەلققە قارىتىلغان ئىنتىقامدىن ئىلى رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى كۆپ يېشى تۆكۈلگەن)⑤. 1884 - يىلى گۇاڭشۈي خان، زوزوڭتاڭ ۋە ليۇ جىنتاڭنىڭ تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى كەڭ رايوننى شىنجاڭ دەپ ئاتاپ ئۆلكە تەسىس قىلىش توغرىسىدىكى تەكلىپىگە تەستىق سالدى. ئەنە شۇ

ۋاقىتتىن باشلاپ شىنجاڭ دېگەن يېڭى جۇغراپىيە-
ۋى ئاتالغۇ پەيدا بولدى.

ئىزاھات

① ياقۇپ بەگنىڭ ئەسلى ئىسمى مۇھەممەت ياقۇپ؛ دادىسىنىڭ ئىسمى ئاپۇپ ئىدى. ئۇ تاش-كەنتنىڭ پىسكەنت دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان بولۇپ، مىللىتى تاجىك ئىدى. قوقان خانلىقىدا قورۇقلۇق ئارمىيە قوماندانى بولغان.

② تيانشان تاغلىرى ئەسلىدە تەڭرىتاغلىرى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

③ زوزۇڭتاڭ ياقۇپ بەگ باشچىلىقىدىكى ھا-كىمىيەتكە قارشى يۈرۈش قىلغاندا جۇچۈەندە تۇرۇپ قوماندانلىق قىلغان.

④ تارىخىي ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، چىڭ ئەسكەرلىرىگە ئاللىبۇرۇن يوشۇرۇن ئەل بول-غان خوتەن ھېكىم بېگى نىياز، ياقۇپ بەگنىڭ يې-نىدىكى بىر مەھرىمىنى سېتىۋېلىپ، ياقۇپ بەگكە زە-ھەر ئىچۈرۈپ ئۆلتۈرگەنلىكى ئېنىق ئىكەن.

⑤ ئىلى قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن (ئەمەلى-يەتتە چاررۇسىيە پۈتكۈل ئىلىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ قۇرۇق شەھەرنى قايتۇرۇپ بەرگەن) روس-يە جاھانگىرلىرىنىڭ قۇترىتىشى، مانجۇ ئىستىبدا-داتلىرىنىڭ ئۆچ ئېلىپ قىرغىن قىلىشى ئارقى-سىدا 1881 - يىلىدىن 1884 - يىلىغىچە 70 مىڭغا

ئاھالە روسىيىگە كۆچۈرۈلىدى (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇي-
غۇرلار 9572 ئائىلە 45373 نوپۇس، خۇيزۇلار
1147 ئائىلە 4682 نوپۇس، قازاقلار 5000 ئائىلە
20 مىڭ نوپۇس). ئىلىدىن كۆچۈرۈلگەن بەختسىز
خەلق روسىيىگە بارغاندىن كېيىن مۇساپىر بولۇپ،
ئىنتايىن ئېغىر زۇلۇم ۋە خورلىنىش ئىچىدە ياشى-
دى. ئىلىدا قېپقالغان ئۇيغۇر، خۇيزۇ، قازاق، قىر-
غىز ۋە باشقا مىللەت خەلقلىرى داۋاملىق ئۆچ ئې-
لىپ قىرغىن قىلىنىشلارغا دۇچار بولادى. ئىلى خەلقى
يەنىلا پاجىئەدىن قۇتۇلالمىدى...

# تارىختىن قىسقىچە بايانلار

[illegible]
مەسئۇل مۇھەررىرى: [illegible]
مەسئۇل كوررېكتورى: [illegible]

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسمىخانىسىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092 × 787 [illegible]
[illegible]
1997-يىل [illegible]
تىراژى: 1—5000 [illegible]

ISBN7—5373—0123—9/K·10
باھاسى: [illegible] يۈەن

本书介绍有关新疆及喀什市历史的重大文件

# 簡明历史

著者：伊布拉音·尼亚孜
责任编辑：米尔扎依提·克里木
责任校对：白合提亚尔·阿布都里合米提

喀什維吾尔文出版社出版
新 疆 新 华 书 店 行 发
喀什維吾尔文出版社印刷厂印刷
787×1092毫米 1/32开本 9.6875印张 1插页
1988年9月第1版 1989年3月第1次印刷
印数：1—9150

ISBN7—5373—0123—9/K·10 (民文)
定价：1.30元